باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

( 3 - يىللىقلار ئۈچۈن )

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئانا تىل - نۇرلۇق چىراق، ئانا تىل - قۇرىماس بۇلاق.

ISBN 7-5631-1612-5/Z·38
总定价:60.00元（本册单价:10.50元）

ISBN 7-5631-1612-5
9 787563 116126 >

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

(3-يىللىقلار ئۈچۈن)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى
كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ئېلى مامۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئېلى مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: رەيھان مامۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىت

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

(3-يىللىقلار ئۈچۈن)

تۈزگۈچى: ھەمدۇللا ئابدۇراخمان
باش مۇھەررىر: مەمەتئېلى ئابدۇرەھىم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ھەمدۇللا ئابدۇراخمان
ئەسقەر ئابدۇقادىر

[illegible] نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى [illegible] 14 [illegible] پوچتا نومۇرى: 830046)
ئۈرۈمچى [illegible] مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بېسىلدى
[illegible] كىتابخانىلاردا سېتىلىدۇ
فورماتى: 850×1168 1/32 باسما تاۋىقى: 8.5
2002 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 10 - ئاي 2 - بېسىلىشى

ISBN 7 — 5631 — 1612 — 5/Z · 38
ئومۇمىي باھاسى: 60.00 يۈەن (يەككە باھاسى: 10.50 يۈەن)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چۈشەندۈرۈش

قولىڭىزدىكى بۇ لۇغەت «باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 3-يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىپ، مەزكۇر يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ، سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇشىغا، دەرسلىكتىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، سۆزلەرنى جايىدا قوللىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە تۈزۈلدى.

قولىڭىزدىكى كىتاب باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 3-يىللىقىنىڭ دەرسلىكلىرى بىلەن بىرگە قوللىنىلىدىغان ماس قەدەملىك قورالك كىتاب ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر قورال كىتاب يەنى لۇغەتكە پۈتۈنلەي دېگۈدەك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 3-يىللىقىدىكى دەرسلىكلىرىدە ئۇچرىغان سۆزلەر ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن ئىگىلىۋېلىشقا تېگىشلىك دەپ قارالغان سۆزلەر تاللاپ ئىزاھلاپ كىرگۈزۈلدى. لۇغەتتىكى سۆزلەرنى ئىزاھلاشتا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى، بىلىم سەۋىيىسى، پىكىر قىلىش ئېڭى قاتارلىق تەرەپلەر نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي مەشىق جەريانىدا پايدىلىنىشقا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش كۆزدە تۇتۇلدى. تۆۋەندە مەزكۇر لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمىز.

1. مەزكۇر «باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ 3-قىسمىغا 1300 دەك سۆز ئىزاھلاپ

كىرگۈزۈلدى.

2. مەزكۇر لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە ئىنچىكە ئالغاۋىت تەرتىپىگە تىزىلدى. ھەربىر ھەرپكە تەۋە سۆزلەر بېرىلىشتىن ئاۋۋال، شۇ ھەرپكە تەۋە سۆزلەرنىڭ باش ھەرپى چوڭ قارا ھەرپ شەكلىدە بېرىلدى.

3. لۇغەتكە ئېلىنغان سۆزلەر باش ماددا ۋە ياردەمچى ماددا قىلىپ بېرىلدى، ياردەمچى ماددا قىلىنغان سۆز باش ماددىنىڭ ئاستىغا قويۇلدى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| **توختام** | **ئاددىي كەسىر** |
| **توختام تۈزۈش** | **ئارزۇ** |
| **پۇشايمان** | **ئارزۇ قىلىش** |
| **پۇشايمان قىلىش** | **تەتقىق** |
| **ئاددىي** | **تەتقىق قىلىش** |

4. مەزكۇر ئوقۇغۇچىلار لۇغىتىگە ئېلىنغان سۆزلەرگە (ئاساسەن تۈپ سۆزلەرگە يەنى باش ماددا قىلىپ ئېلىنغان سۆزلەرگە) سۆز تۈركۈمى بېرىلدى. سۆز تۈركۈمى ئادەتتە سۆزلەردىن كېيىن قويۇلدى. ئۇلار قىسقارتىلغان شەرتلىك بەلگە سۈپىتىدە بېرىلدى. تۈپ سۆزلەرنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋەلىكىنى كۆرسىتىدىغان قىسقارتىلمىلار تۆۋەندىكىچە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئى | ئىسىم | سان | سان |
| سۈپ | سۈپەت | تىر | تىركەلمەك |
| پ | پېئىل | تەق | تەقلىد سۆز |
| رەۋ | رەۋىش | يۈك | يۈكلىمە |
| ئىم | ئىملىق سۆز | ئال | ئالماش |
| مىق | مىقدار سۆز | باغل | باغلىغۇچى |

5. لۇغەتكە سۆزلەر مۇۋاپىق چوڭ قارا ھەرپ شەكلىدە

بېرىلدى. پېئىللارنى لۇغەتكە ئېلىشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى، چۈشىنىش ئالاھىدىلىكى نەزەردە تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، «-ماق، -مەك» شەكلىدە ئېلىنماي، «-ش، -ئۇش، -ئۈش، -ئىش» شەكلىدە ئېلىندى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| تەيىنلەش | جۇلۇقى چىقىش |
| تالىشىش | خۇشال بولۇش |
| توخۇملاش | كۆڭ ئېلىش |
| بېرىكىش | ۋاپات بولۇش |
| تەتقىق قىلىش | ۋەسىيەت قىلى |
| پۇشايمان قىلىش | |

6. لۇغەتكە ئېلىنغان ھەربىر سۆزنىڭ يېنىغا شۇ سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى بېرىلدى، ئاندىن شۇ سۆزنىڭ ئىزاھى بېرىلدى. بىردىن ئۇشۇق مەنىگە ئىگە سۆزلەرنىڭ ھەربىر مەنىسى رەت تەرتىپى بويىچە، ①...... ② ...... ③ ...... دېگەن رەقەملەر بىلەن ئايرىلدى.

7. سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى مەنە بۆلەكلىرىگە قويۇلغان رەقەمدىن كېيىن، «كۆچمە» دەپ ئەسكەرتىلىپ قويۇلدى.

8. سۆزلەرنى ئىزاھلاشتا، شۇ سۆزنىڭ تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق مەنىلىرى ئاساس قىلىندى. ھەربىر مەنىسىنىڭ ئىزاھىدىن كېيىن تىك قوش چېكىت «:» قويۇلدى ۋە ئاندىن شۇ مەنىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلىق مىساللار بېرىلدى. پاكىتلىق مىساللار ئەركىن سۆز بىرىكمىسى ياكى ماقال-تەمسىل، ئەقلىيە سۆزى ۋە ئادەتتىكى جۈملىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئەھۋالغا قاراپ، بۇ ئۈچ خىل مىسالنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى مىسال قىلىپ بېرىلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز مەنىلىرىنى ئوڭاي ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى نەزەردە تۇتۇلغاچقا، پاكىتلىق مىساللار ئاساسەن دەرسلىكنىڭ ئىچىدىن ئۈزۈپ ئېلىندى.

9. لۇغەتتىكى سۆزلەرنىڭ ئىزاھى ۋە ئۇنىڭ پاكىتلىق مىسالى بېرىلگەندىن باشقا، يەنە ئوقۇغۇچىلارنى مەزكۇر سۆز ھەققىدە تېخىمۇ كۆپرەك مەلۇماتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئىزاھ ۋە ئۇنىڭ پاكىتلىق مىسالى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شۇ سۆزنىڭ مەنىداش سۆزى (ياكى سۆزلىرى) ۋە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى (ياكى سۆزلىرى) تەرتىپ بويىچە، ئايرىم-ئايرىم بېرىلدى. ئەمما، مەنىداش سۆزى يوقلىرى بېرىلمىدى، قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى يوق ياكى قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى قىلىپ بېرىلسە، تازا دېگەندەك ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىرى قارىمۇ-قارشى مەنىلىك مەنىسى بېرىلمىدى. شۇنىڭ بىرگە، لۇغەتتىكى سۆزلەردە، سۆز مەنىسىنىڭ مەنىداش مەنىلىك سۆزى ۋە سۆز مەنىسىنىڭ قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى بېرىلمىدى.

10. مەزكۇر لۇغەتكە شەكىلداش سۆزلەر يەنى يېزىلىشى ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئايرىم ماددا قىلىپ ئېلىنىپ رىم رەقەملىرى بىلەن كۆرسىتىلدى. ئەگەر دەرسلىكتە شەكىلداش سۆزلەرنىڭ بىرى ئۇچراپ، لۇغەتكە سۆز قىلىپ كىرگۈزۈلۈپ ئىزاھلانغان، ئەمما ئاشۇ سۆز بىلەن شەكىلداش بولغان يەنە بىر سۆز دەرسلىكتە ئۇچرىمىغان ئەھۋالدا، ئوقۇغۇچىلارنى شەكىلداش سۆزلەر ھەققىدە كۆپرەك مەلۇماتقا ئىگە قىلىش ۋە مۇشۇ ھەقتە ئۇلارنى يېتەكلەش مەقسىتىدە، شۇ سۆز بىلەن شەكىلداش بولغۇچى يەنە بىر سۆز تولۇقلىنىپ ئېلىنىپ ئىزاھلاندى. مەسىلەن:

**سىر** I ئى. مېنېرال بوياق، ئەلىپماي ۋە سمولا قاتارلىقلاردىن ئىشلىنىدىغان، نەرسىلەر يۈزىگە سۈركەش ئارقىلىق چىرىتىشتىن مۇداپىئەلەنگىلى ۋە پارقىراقلىقنى ئاشۇرغىلى بولىدىغان بىر خىل بوياق.

**سىر** II ئى. مەخپىيەتلىك.

**داڭ** I تەق. ۋەھىمە ياكى ھەيرانلىقتىن خۇدىنى يوقىتىپ

www.uyghurkitap.com

**داڭ** II ئى. مېتالدىن ياسالغان، ئۇرسا قاتتىق ئاۋاز چىقىرىدىغان، سىگنال، خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جىسىم ياكى مېتال پارچىسى.

**داڭ** III تەق. داڭنى قاتتىق ئۇرغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**داڭ** IV ئى. داڭلىق، ئاتاق؛ داڭ چىقىرىش. * يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس (ماقال).

11. بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملار ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى ئىسىمنىڭ 3-شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندە، بوغۇم ئاخىرى ئاجىزلاشمىسا، تىرناق ئىچىگە ئاجىزلاشمىغان شەكلى 3-شەختە كۆرسىتىلىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**ۋاپات** (**ۋاپاتى**) ئى    **سادا** (**ساداسى**) ئى
**دالا** (**دالاسى**) ئى    **ئەدەبىيات** (**ئەدەبىياتى**) ئى

12. بىر قىسىم ئىككى بوغۇملۇق ئىسىملارنىڭ بوغۇمىدىكى ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار شۇ سۆزلەرگە ئىسىمنىڭ 3-شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندە، ئۆزىنىڭ ئۇرغۇسىنى يوقىتىپ تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. يالاڭ تىرناق «( )» ئىچىگە شۇ سۆزنىڭ چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنكى شەكلى 3-شەخس بىلەن تۈرلەنگەن ھالىتىدە كۆرسىتىلدى. مەسىلەن:

**بۇرۇن** I (**بۇرنى**) ئى    **مېھىر** (**مېھرى**) ئى
**كۆڭۈل** (**كۆڭلى**) ئى    **رەھىم** (**رەھمى**) ئى
**ھەجىم** (**ھەجمى**) ئى

13. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ قوش تىللىق بولۇپ يېتىلىشىگە (ھەمدە چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشىگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، لۇغەتنىڭ ئاخىرىغا لۇغەتتىكى مەزكۇر قىسىمغا لۇغەتكە ئېلىنغان ھەربىر سۆزنىڭ خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە

سىلىشتۇرمىسى رەت تەرتىپى بويىچە بېرىلدى.

ئاخىرىدا، بۇنداق لۇغەتنى تۈزۈش مەن ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە، لۇغەتنى تۈزۈش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت بەك قىسقا. شۇڭا، لۇغەتتە بەزىبىر سەۋەنلىكلەر ھەم مەسىلىلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋاللارنى كېيىنكى قېتىمدا تۈزىتىپ كەتمەكچىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەزكۇر لۇغەتتە ساقلانغان يېتەرسىزلىكلەر، سەۋەنلىكلەر ۋە مەسىلىلەر ھەققىدە تەكلىپ پىكىرلىرىنى ئايىماي بېرىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار

1) سۆز تاللاشتا، باشلانغۇچ مەكتەپ 3-يىللىقنىڭ بارلىق دەرسلىك كىتابلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

2) سۆز مەنىلىرىنى ئىزاھلاشتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئالتە توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، بىر توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تىل-ئەدەبىياتتىن رەسىملىك ئىزاھلىق لۇغەت» نىڭ 3-قىسمى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىلدى.

ھەمدۇللا ئابدۇراخمان
2001-يىلى 1-ئاينىڭ 16-كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


ئا ........ 1
ئە ........ 14
ب ........ 25
پ ........ 37
ت ........ 44
ج ........ 63
چ ........ 67
خ ........ 72
د ........ 79
ر ........ 88
ز ........ 91
س ........ 98
ش ........ 110
غ ........ 116
ف ........ 117
ق ........ 119
ك ........ 129
گ ........ 141
ل ........ 144
م ........ 145
ن ........ 157
ھ ........ 162

ئو ........................................ 172
ئۇ ........................................ 177
ئۆ ........................................ 181
ئۈ ........................................ 185
ۋ ........................................ 188
ئې ........................................ 192
ئى ........................................ 194
ي ........................................ 200
قوشۇمچە: ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما
سۆزلۈك ........................................ 213

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# ئا

**ئا** I ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ بىرىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ: ئا. سىنىپ. ★ ئاۋۇ «1-يىللىق ئا» سىنىپقا كىرىڭ.

**ئا** II يۈك. پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ تەكىتلەشنى بىلدۈرىدۇ: چاپسانراق بولۇڭا!

**ئا** III ئال. ئاۋۇ.

مەنىداش سۆزى: ئاۋۇ.

**ئابايا** رەۋ. بايىقىدىن سەل بۇرۇن، ئىلگىرى (ۋاقىت ھەققىدە): ئابايا ئۇيلانمايلا ئۇلارنىڭ گېپىگە خاپا بولۇپتىمەن.

مەنىداش سۆزى: ئابايامقى، ئابايىقى، بايا.

**ئابايامقى** رەۋ. ئابايىقى، بايىقى.

مەنىداش سۆزى: ئابايىقى، ئابايا، بايىقى.

**ئاپەت** ئى ① تەبىئەت ھادىسىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان - زەخمەت: ئوت ئاپىتى، سۇ ئاپىتى. ② باشقا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىق، ئېغىر بەختسىزلىك، زور بالا - قازا.

مەنىداش سۆزى: بەختسىزلىك، بالا - قازا.

**ئاپىرىن** ئىم. بىرەر ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغانلىقى، بېجىرىلگەنلىكى ئۈچۈن رازى، مەمنۇن، قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندا ئېيتىلىدىغان ئالقىش سۆزى: سىزنىڭ كەڭ قورساقلىقىڭىزغا ئاپىرىن! خوش، ئەمدى قانداق قىلماقچىمىز! ★ ئىمتىھان ھەققەتەنمۇ، گۈش بىلەن بەزنى ئايرىغاندى، كىشىلەر مەھمۇتنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ ئاپىرىن، بارىكاللا ئوقۇدى.

مەنداش سۆزى: بارىكاللا.

**ئاتكىرىتكا** ئى. بىر تەرىپىگە سۈرەت چۈشۈرۈلگەن، سالام خەت، تەكلىپ ۋە تەبرىكنامىلار يېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان كارتا.

**ئاتموسفېرا** ئى. يەر شارى ئەتراپىنى قاپلاپ تۇرغان تەخمىنەن 2000~3000 كىلومېتىر قېلىنلىقتىكى بىر قەۋەت ھاۋا، گازسىمان جىسىم: ئاتموسفېرا بېسىمى.

**ئاتموسفېرا بېسىمى** ئاتموسفېرانىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ھاسىل بولغان بېسىم: ئاتموسفېرا بېسىمى كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**ئاجايىپ** سۈپ. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان، ناھايىتى قىزىق، ھەيران قالارلىق، ئادەتتىكىدىن باشقىچە، غەيرىي: ئۇ قارمىقىغا ئىلىنغان بېلىقنىڭ خېلىلا چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

مەنداش سۆزى: باشقىچە؛ غەيرىي.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئادەتتىكىدەك، ئادەتتىكىچە.

**ئاچما** سۈپ. قاناتلىرى بار ھەم قاناتلىرى ئېچىلىدىغان: ئاچما دېرىزە.

مەنداش سۆزى: ئېچىلىدىغان.

**ئاچقىش** پ. ئېچكىرىدىن ياكى پەستىن بىرنەرسىنى ئېلىپ چىقىش: كەرىمخان ئورەكتىن تېزلا بىر تال بەسەيىنى ئاچقىپ قوشنىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

**ئاچىماق** سۈپ. ئاچىسى بار، ئاچىلىق: ئاچىماق ياغاچ. ★ بىز بىر قېتىم يوغان ئاچىماق قارىغاينىڭ سايىسىدا ئارام ئالغانىدۇق.

مەنداش سۆزى: ئاچىلىق، ئاچا.

**ئاچ-يالىڭاچ** سۈپ. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەككە يېتىشمەيدىغان، كۈنى ئېغىر، تۇرمۇشى قىيىن؛ ئىنتايىن نامرات: ئاچ-يالىڭاچ قالماق.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مەنىداش سۆزى: كۆنى ئېغىر، ئىنتايىن نامرات.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: باي، توق.
**ئاختۇرۇش** پ. مەلۇم بىر نەرسىنى ئىزدەش، قىدىرىش: ئۆينى ئاختۇرۇش. يانچۇق ئاختۇرۇش. لۇغەت ئاختۇرۇش.
مەنىداش سۆزى: ئىزدەش، قىدىرىش.
**ئاخشام** رەۋ ① كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغان ۋاقىت؛ پەيت: مېنىڭ ئانام ئەمگەكچان، بىلمەس ئۈندىن باشقىنى. ئىشتىن ئۈزمەس قولىنى، ئەتىسى ۋە ئاخشىمى. ② كەچ، كەچقۇرۇن: ئاشۇ ئاخشام مېنىڭ ئېسىمدىن ھېچ چىقمايدۇ.
مەنىداش سۆزى: كەچ، كېچە.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كۈندۈز.
**ئاخشاملىق** سۈپ. بىر ئاخشامغا يېتەرلىك، بىر ئاخشامغا كېرەكلىك، چىدايدىغان، بىر ئاخشام داۋاملىشىدىغان: بىر ئاخشاملىق كىنو. بىر ئاخشاملىق ئويۇن. بىر ئاخشاملىق تاماق. بىر ئاخشاملىق ئىش.
**ئاخشاملىقتا** رەۋ. كەچتە، ئاخشامدا، ئاخشام بولغاندا: ئاخشاملىقتا ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن.
مەنىداش سۆزى: كەچتە، ئاخشامدا.
**ئاخىر** ①ئى. نەرسە، ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسە ۋە ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ تۈگەنچىسى، ئەڭ كېيىنكىسى: ئاينىڭ ئاخىرى. ② يۈك. زادى: ئاخىر سەن نېمە دېمەكچى ئىدىڭ؟ ③ رەۋ. بەرىبىر، ھامان، قاچانلا بولسۇن، قانداقلا بولسۇن؛ نەتىجىدە: بىلىقچىنىڭ كىچىك ئوغلى كۆنلەپ، ئايلاپ، يىللاپ يىغلاپتۇ. يىغلا-يىغلا ئاخىر قۇشقا ئايلىنىپ قاپتۇ.
**ئاخىرەت** ئى. ئۇ دۇنيا، باقىي ئالەم؛ قىيامەت: شاھ قورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلىپتۇ.
مەنىداش سۆزى: ئۇ دۇنيا، باقىي ئالەم، قىيامەت.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بۇ دۇنيا.
**ئاخىرقى** سۈپ. نەرسە ۋە ھەرىكەت قاتارلارنىڭ ئەڭ كېيىندىكى،

كېيىنكى: ئاخىرقى پۇرسەت. ئاخىرقى بەت. ئاخىرقى پەللە. ئاخىرقى سوت.
**مەنىداش سۆزى:** كېيىنكى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دەسلەپكى، باشتىكى.

**ئاخىرلاشتۇرۇش** پ. ئاخىرىغا يەتكۈزۈش، تاماملاشتۇرۇش، تۈگىتىش: ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتۇردى.
**مەنىداش سۆزى:** تاماملاشتۇرۇش، تۈگىتىش، تامام قىلىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** باشلاش.

**ئاخىرلىشىش** پ. ئاخىرىغا يېتىش، تاماملاش، تامام بولۇش، تۈگەش: ئايگۈلنىڭ ھېكايىسى ئاخىرلاشتى.
**مەنىداش سۆزى:** تامام بولۇش، تاماملاش، تۈگەش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** باشلىنىش.

**ئاخىرى** رەۋ ① ئىش-ھەرىكەتنىڭ تۈگەش چېكى؛ ئايىغى، ئەڭ كەينى: مەن بۇ ئىشقا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بىر ئامال تاپتىم. ② ئاخىرقى ھېسابتا، نەتىجىدە، بەرىبىر، ھامان: كۆڭۈللەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ئاخىرى دوست بولۇپ قېلىشتى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بېشى، دەسلىپى، باشلىنىشى.

**ئاداق** ئى. ئاخىرى، سوڭ؛ خاتىمە: كاشكى جان بىر باغ ئوتتۇرىغا ئەرزىسە ئارمان نېمە، ۋەتىنىم گۈلخانىدا يانسام چاراسلاپ تا ئاداق.
**مەنىداش سۆزى:** ئاخىر، سوڭ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دەسلەپ، باش، ئالدى، مۇقەددەم.

**ئاداققى** سۈپ. ئاخىرقى، ئەڭ ئاخىرقى: ئۇ ۋۇجۇدىدا ئۆز زامانىسىنىڭ قىزلىرىدا كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل قەتئىي مەردانىلىك ۋە يۈكسەك جاسارەتنى ھېس قىلدى ۋە ئاداققى قەتئىي قارارغا كەلدى.
**مەنىداش سۆزى:** ئاخىرقى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** باشتىكى، دەسلەپتىكى.

**ئاداققىچە** رەۋ. ئاخىرغىچە، ئەڭ ئاخىرغا قەدەر: بىز خەلقىمىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرەش قىلىمىز.

**مەنىداش سۆزى:** ئاخىرغىچە.

**ئادالاش** پ. پاكىزلاش، تازىلاش، ئېرىغداش: قاچا ئادالاش. ئۆي ئادالاش. سەي ئادالاش.

**مەنىداش سۆزى:** پاكىزلاش، تازىلاش، ئېرىغداش.

**ئادالەت** ئى ① ئادىل، خالىس ۋە توغرا ئىش تۇتۇش، ھەققانىيەت، ئادىللىق: ئادالەت ھەققانىيەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەنىداش سۆزى:** ھەققانىيەت، ئادىللىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھەققانىيەتسىزلىك، ئادالەتسىزلىك.

**ئادالەتسىز** سۈپ. ئادىل بولمىغان، ئادالەتتىن تاشقىرى، ئادالەتكە خىلاپ: ئادالەتسىز ئۇرۇش. ئادالەتسىز ئىش.

**مەنىداش سۆزى:** ھەققانىيەتسىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئادالەتلىك.

**ئادالەتسىزلىك** ئى. ھەققانىيەتسىزلىك، ئادالەتنى ياقلىماسلىق، ھەققانىيەتنى دەپسەندە قىلىش: ئادالەتسىزلىك قىلىش.

**مەنىداش سۆزى:** ھەققانىيەتسىزلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئادالەتلىك، ھەققانىيەتلىك.

**ئادالەتلىك** سۈپ. ھەققانىيەت بىلەن ئىش قىلىدىغان، ھەققانىيەتكە ئاساسلانغان؛ ئادىل: ئادالەتلىك ئۇرۇش. ئادالەتلىك ئىش.

**مەنىداش سۆزى:** ھەققانىيەتلىك، ئادىللىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئادالەتسىزلىك.

**ئاداۋەت** ئى. دۈشمەنلىك مۇناسىۋەت، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەتخورلۇق، غۇم: ئاداۋەت تۇتۇش. ئاداۋەت ساقلاش. ★ مەن شەخسىي ئاداۋەت بىلەن زادىلا ھېسابلاشمايمەن.

مەنىداش سۆزى: ئۆچمەنلىك، ئاداۋەتخورلۇق غۇم.

**ئاداۋەت ساقلاش** كۆڭلىدە غۇم ساقلاش، ئۆچمەنلىك ساقلاش، ئاداۋەت تۇتۇش: كىشىگە ئاداۋەت ساقلاش ياخشى ئىش ئەمەس.
★ ئاداۋەت ساقلاش سالامەتلىككە زىيانلىقتۇر.

مەنىداش سۆزى: ئاداۋەت تۇتۇش، غۇم ساقلاش، ئۆچمەنلىك ساقلاش، كىر ساقلاش.

**ئاداۋەتچى** ئى. دائىم ئاداۋەت ساقلايدىغان، كىشىلەرگە ئاداۋەت تۇتىدىغان كىشى، ئاداۋىتى كۈچلۈك ئادەم.

**ئاداۋەتخور** سۈپ. ئاداۋەت ساقلايدىغان، ئاداۋەت تۇتىدىغان: ئاداۋەتخور ئادەم.

**ئاداۋەتلىشىش** پ. ئۆز ئارا قارشىلىشىش، بىر-بىرىگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولۇش.

مەنىداش سۆزى: دۈشمەنلىشىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: دوستلىشىش.

**ئاداۋەتلىك** سۈپ. ئاداۋىتى بار، ئاداۋەت تۇتقان، ئاداۋەت ساقلىغان: مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاداۋەتلىك يۈرىكىدە توختى شۇجىغا نىسبەتەن ئۆچمەس داغ قالغانىدى.

مەنىداش سۆزى: ئاداۋەتخور.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاداۋەتسىز.

**ئادەتتە** رەۋ. ئادەت بويىچە، ئادەتكە ئاساسەن؛ نورمال ھالەتتە، كۆپ ھاللاردا: ئادەتتە كىيىمنى يۇيۇپ بولۇپ ئۈچ قېتىم چايقايمىز.

مەنىداش سۆزى: كۆپ ھاللاردا، نورمال ئەھۋالدا، ئادەت بويىچە.

**ئادەتتىكىچە** رەۋ. ئادەتتىكىدەك، ئادەتتىكىگە ئوخشاش: ئالدىمىزدا ئېغىر سىناق تۇرۇپتۇ، بۇ سىناق ئادەتتىكىچە ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

مەنىداش سۆزى: ئادەتتىكىدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئادەتتىكىدەك** رەۋ. ھەر ۋاقىتتىكىگە، ئادەتتىكىگە ئوخشاش،
ئادەتتىكچە؛ نورمال: مەن ئەخمەتنى بولدىغان يىگىت دەپ قارايمەن
نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇنىڭ بىر ئىشى ياخشى، ئاغىنىسى مەيلى ئىلغار بولسۇن، مەيلى
قالاق بولسۇن، دەيدىغىنىنى يۈزىگە دەپ بولۇپلا يەنە ئادەتتىكىدەك مۇناسىۋەت قىلىپ
يۈرۈۋېرىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئادەتتىكىچە، نورمال.

**ئادەتلىنىش** پ. ئادەتكە ئايلاندۇرۇش؛ ئادەت قىلىش: ئۇ كىچىك
بولسىمۇ ھەدىسىنىڭ سۆزىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ بىرەر نەرسە يىگەندە قولىنى
يۇيۇشقا ئادەتلەندى.

**مەنىداش سۆزى:** ئادەت قىلىش.

**ئادەمزات** ئى. ئادەم بالىسى، ئىنسان، ئىنسانىيەت، كىشى:
ئادەمزات ئايىغى تەگمىگەن جاي. ★ ئۇ يەر، بۇ يەردىن ئالتە ئايلىق يول، ئادەمزات
توگۇل، ئۇچار قۇشلارمۇ ئۇ يەرگە بارالمايدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئادەم بالىسى، ئىنسان، كىشى، ئادەم.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھايۋان، ھايۋانات.

**ئاددىي** سۈپ ① ئادەتتىكى، باشقىلاردىن ئانچە كۆپ پەرق
قىلمايدىغان؛ ھەر ۋاقىت بولۇپ، ئۇچراپ تۇرىدىغان، ئانچە
مۇرەككەپ بولمىغان: ئاددىي گەپ. ئاددىي ئۆي. ② ئاڭلاشقا،
چۈشىنىشكە، ھەل قىلىشقا ئاسان، ئوڭاي بولغان: ئاددىي سوئال.
ئاددىي ئىش. ③ لايىقىدا ئەمەس، ئاز نەرسە بىلەن: — بىز بۇ يەرگە
مۇشۇنداق ئاددىي كېلىپ قالدۇق، — دېيىشتى ئايال مۇئەللىملەر ئورۇنلىرىدىن
تۇرۇشۇپ. ④ سەل، بوش، مۇرەككەپ ئەمەس: ئاددىي قارىماق. ئاددىي
چاغلىماق. ئاددىي ئاتالغۇلۇق سان. ⑤ سۈپەت جەھەتتىن يېتەرلىك
(ئالىي) بولمىغان، ئانچە ياخشى ئەمەس: ئاددىي رەختتىن تىكىلگەن
كىيىم.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مۇرەككەپ.

**ئاددىي كەسىر** سۈرەت ۋە مەخرەجلەردىنلا ئىبارەت بولغان

كەسىر. مەسىلەن: $\frac{1}{6}$ ، $\frac{3}{7}$ قاتارلىقلار.

**ئادىشىش** پ. يولدىن ئېزىش، ئېزىپ قېلىش، تېنەپ قېلىش، قايمۇقۇش، يولدىن چىقىش: ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ، يامانىنى ماختىساڭ ئادىشىدۇ(ماقال). ★ شۇنداق قىلىپ، ئۇلار چۆللۈكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە يولدىن ئاداشتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئېزىش، قايمۇقۇش، يولدىن چىقىش.

**ئارداپ كېتىش** ئىچى ئېچىشىش، ھەسەتخورلۇق تۇتۇش، كۆرەلمەسلىك ھېسسىياتى كۈچىيىش: ئۇنىڭ ناھايىتى ئىچى تار بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ئازراقلا نەتىجىگە ئېرىشكىنىنى كۆرۈپ قالسا چىدىماي ئىچى ئارداپ كېتىدۇ.

**ئارزۇ** ئى ① دىلدىكى ئىستەك، ئۈمىد، ئىنتىلىش، ھەۋەس: بىر ئارزۇ ئون ئارزۇنى تۇغدۇ(ماقال). ★ ئۆسمۈرلەردە بىلىم ئىزدەش ئارزۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. ② قىزلارنىڭ ئىسمى.

**مەنىداش سۆزى:** ئىستەك، ئۈمىد، ھەۋەس، ئىنتىلىش.

**ئارزۇ قىلىش** ئۈمىد قىلىش، ئۈمىدلىنىش، ئىنتىلىش: ئۇ شەھەر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

**ئارقىلىق** تىر ① بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىدىن، ئارىسىدىن، ئوتتۇرىسىدىن ياكى ئۈستىدىن: بۇ ھويلا ئارقىلىق باغقا چىققىلى بولىدۇ. ② بىرەر كىشى ياكى بىرەر نەرسە ۋاسىتىسى، ياردىمى بىلەن، ياردىمىدە: تەجرىبە ئارقىلىق كۆزقارىشىڭىزنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئىسپاتلاڭ. ③ ئىسمىنىڭ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن ئوخشاش مەنىدە، ھەرىكەتنىڭ ۋاسىتىسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ بۇ ھەرىكەتكە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاكتىپ قاتناشتى. ④ سەۋەبلىك، تۈپەيلىدىن: ئۇ بۇ قېتىمقى ماجىرا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئاشكارىلىدى.

**ئارىلاپ-ئارىلاپ** رەۋ. ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، بەزى-بەزى، بىرە-بىرە، ئاندا-ساندا: قاسىم گويا سۆزلىسىگىزچۇ

www.uyghurkitap.com

دىگەندەك ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ماڭا قاراپ قوياتتى. ★ تۇراخۇن مەكتەپكە كىرگەندىمۇ، بويىدا كىرلىشىپ، يىپى قارىداپ كەتكەن ئىمزگە بىللە ئىدى، دائىم ئەممىسىمۇ، ئارىلاپ-ئارىلاپ كىشىگە كۆرسەتمەي ئىمۇۋالاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** بەزى-بەزى، بىرە-بىرە، ئاندا-ساندا.

**ئارىلاشما** ① سۈپ. ئىككىدىن ئارتۇق ئوخشاش بولمىغان نەرسىلەردىن تەركىب تاپقان: ئارىلاشما ماددا. ئارىلاشما ئوغۇت. ② ئى. تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ، ماددىلارنىڭ بىرىكىشىدىن، قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مەھسۇلات: بۇ تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن، پولات، چويۈن ۋە باشقا ئارىلاشمىلارنى ھەر خىل نىسبەتتە تەڭشەپ، ئالتە خىل قىلىپ قۇيۇپ كۆرۈش قارار قىلىندى.

**ئارىيەت ئېلىش** ئۆتنە ئېلىش، قەرز ئېلىش: مەكتەپتىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇشقا بولسىمۇ، لېكىن ياش ئالىملارنى قىزىقتۇرىدىغان كىتابلار يوق ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئۆتنە ئېلىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئارىيەت بېرىش.

**ئازار بېرىش** كۆڭلىنى ئاغرىتىش، ئازابلاش، رەنجىتىش: سىلەر بۇ بالىغا نېمىشقا ئازار بەردىڭلار. ★ ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى ھەرگىز خالىمايتتى.

**مەنىداش سۆزى:** كۆڭلىنى ئاغرىتىش، رەنجىتىش، ئازابلاش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خۇش قىلىش، خۇشال قىلىش، شادلاندۇرۇش.

**ئازگال** ئى. ئويۇلۇپ قالغان جاي، ئويمان يەر، ئورەك: سېپىل تۈۋى كەڭ بىر ئازگال ئىدى، كىشىلەر ئاسانلىقچە بۇ يەرگە كەلمەيتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئورەك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دۆڭ.

**ئاساسەن** ① رەۋ. ئومۇمەن قىلغاندا، ھەممىسى دېگۈدەك، ئاساسىي جەھەتتىن: كوچىلار ئاساسەن پۈتۈپ بولدى. ② تىر. بىنائەن،

بويىچە: — سەن تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، داداڭنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئىسمىڭنى جاسارەت قويدۇم، — دېدى ئانا ئوغلىغا. ★ بىز بۇ ئىشنى يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن بېجىردۇق.

**مەنىداش سۆزى:** ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاساسىي جەھەتتىن؛ كۆرە، بىنائەن، بويىچە.

**ئاق فوسفور** ئى. ھاۋاغا يولۇقسا ئۆزلۈكىدىن ئوت ئېلىپ يانىدىغان موم شەكلىدىكى بىرخىل قاتتىق ماددا.

**ئاق كۆڭۈل** سۈپ. كۆڭلى تۈز، نىيىتى توغرا، باشقىلارغا يامانلىق ئىزدىمەيدىغان: ئاق كۆڭۈل ئادەم. ★ شۇنىڭدىن كېيىن ئاق كۆڭۈل زۇمرەت بىلەن دادىسى خاتىرجەم تىنچ ئۆمۈر سۈرۈپ ئۆتۈپتۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قارا نىيەت.

**ئاق كىرىش** ئاقىرىش، ساقال، چاچتىكى تۈكلەر ئاقىرىشقا باشلاش: ئۇستازنىڭ چاچ-ساقاللىرىغىمۇ ئاق كىردى. ★ چېچىغا ئاق كىرگەن، ئۇزۇن ساقاللىق، مۈكچىيىپ قالغان بىر بوۋاي ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئاقىرىش، ئاق سانجىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قارىيىش.

**ئاق-قارىنى بىلىش** ياخشى-يامان ئىشلارنى، ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتىش، ئاق-قارىنى پەرق ئېتىش، ئاق-قارىنى ئاجرىتىش: بالا چوڭ بولۇپ، ئاق-قارىنى بىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئاق-قارىنى پەرق ئېتىش، ئاق-قارىنى ئاجرىتىش، ئاق-قارىنى بىلىپ قىلىش.

**ئاقىل** ① سۈپ. ئەقىللىق، ئۆتكۈر پىكىر قىلىدىغان؛ دانا: ئاتام مېنى ئۆزىدەك ئاقىل ۋە دانا قىلىپ تەربىيىلىدى. ② ئى. ئەقىللىق كىشى، ئۆتكۈر پىكىر قىلىدىغان ئادەم: ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ(ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** دانا، دانىشمەن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نادان.

**ئاقىلانە** سۈپ. ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەقىلگە سىغىدىغان، دانا:

ئاقىلانە مەسلىھەت. ئاقىلانە پىلان. ئاقىلانە ئىش. ★ بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ ھەر كۈنى ئىشقا چۈشكەندە، ئالدى بىلەن دانىشمەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلايدىكەن. ★ ئاقىلانە تەدبىر ئىشنى تۈزەيدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئەقىلگە سىغىدىغان، دانا، ئاقىللارچە.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئەخمىقانە.

**ئاقىۋەت** ئى. ئاخىرقى يەكۈن، نەتىجە؛ ئاخىرى: ئىشنىڭ ئاقىۋىتى. ★ ئەگەر مۇشۇ ئەھۋالدا يامغۇر يېغىپ كېتىدىغان بولسا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** نەتىجە، ئاخىرى.

**ئاڭلىتىش** ئى ① خەۋەر، سۆز، گەپ: ھازىر ئاڭلىتىش بېرىمىز. ② رادىئو ئىستانسىسى ياكى رادىئو ئۈزېللىرىنىڭ ئاڭلىتىدىغان بىر قېتىملىق نومۇرلىرى: شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدا بىرىنچى قېتىملىق ئاڭلىتىشنى باشلايدۇ.

**ئالاقىچى** ئى. ئالاقە ئىشلىرى خىزمەتچىسى، خەت-ئالاقە، ھۆججەت توشۇغۇچى؛ خەۋەرچى: ئۇلار ئۇرۇمچى ۋە ئىلى تەرىپلەرگە ئەۋەتىلىدىغان ئالاقىچىلارنى ئەۋەتىپ بولۇشتى.

**ئالامەت** ① ئى. بەلگە، نىشانە، ئىپادە، ئىشارە: ئېلىش ئالامىتى. كۆپەيتىش ئالامىتى. ★ ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەرگە قارىغاندا ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ② سۈپ. ناھايىتى، ئاجايىپ: شاھزادە ئالامەت كېلىشكەن بىر زور ئارغىماق ئاتنى مىنىپ بۇ يەرگە كەلدى.

**ئالاھىدىلىك** ئى. پەرقلىق خۇسۇسىيەت، بەلگىلىك ئارتۇقچىلىق، مەخسۇس ئايرىملىق: گۇل سۇغىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ سەپكۈچنىڭ قانداق ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار؟

**ئالەم** ئى. پۈتۈن مەۋجۇدات، بارلىق، كائىنات، دۇنيا، پۈتۈن جاھان: ئالەم دېگەن چەكسىز بولىدۇ. ★ ئالەم كېمىسى يەر شارىدىن ھاۋا بوشلۇقىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** دۇنيا، كائىنات.

www.uyghurkitap.com

**ئالەمدىن ئۆتۈش** قازا قىلىش، ۋاپات بولۇش، ئۆلۈش: ئاتام ئالەمدىن ئۆتكىلى بۇ يىل ئون بەش يىل بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** قازا قىلىش، ۋاپات بولۇش، ئۆلۈش، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ياشاش، ھايات تۇرۇش، تىرىلىش.

**ئالتۇن** ① ئى. مېتال ئېلېمېنت. رەڭگى قىزغۇچ سېرىق بولىدۇ، سوزۇلۇشچان كېلىدۇ. خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق، پۇل ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدىغان قىممەت باھالىق، ئەتىۋار مېتال، زەر. ② سۈپ. كۆچمە. قىممەتلىك، بىباھا، گۈللەنگەن، تەڭدىشى يوق: ئالتۇن دەۋر. ئالتۇن پەسىل. ③ سۈپ. كۆچمە. ئالتۇنغا ئوخشاش سارغۇچ قىزىل: ئالتۇن رەڭ. ④ ئاياللار ئىسمى.

**ئالچاڭلاش** پ ① پۇتىنى كېرىپ، ئىغاڭلاپ مېڭىش: ئۇ بۇ قېتىم كېسەلدىن قوپقاندىن بېرى ئالچاڭلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. ② كۆرەڭلەش، گىدىيىش: سەممەت ئازراق قېتىۋېلىپلا ئالچاڭلىغىلى تۇردى.

**ئالچايغاق** سۈپ. تولا ئالچىيىدىغان، ئالچىيىپلا تۇرىدىغان: ئالچايغاق بالا. ئالچايغاق ئايال.

**ئالچىيىش** پ. پۇت-قولىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياكى چاترىقىنى كېرىپ ئولتۇرۇش: نېمانداق ئالچىيىپ ئولتۇرسەنوي؟— دەپ ۋارقىرىدى قاسىماخۇن ئوغلىغا.

**مەنىداش سۆزى:** ئالچاڭلاش.

**ئالداپ-سالداپ** ئالداپ-سىلاپ، ئالداپ يۈرۈپ، يالغان-ياۋىداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپ، ھەر خىل ئالدامچىلىق ۋاسىتىلىرىنى ئىشقا سېلىپ: موماي ناھايىتى خاپا بولغان بولسىمۇ، قىزنى ئالداپ-سالداپ ئۆگزىگە چىقىرىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئالداپ-سىلاپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تەمكىنلىك بىلەن، سالماقلىق بىلەن.

**ئالدامچى** ئى. يالغان سۆز-ھەرىكەت بىلەن باشقىلارنى ئالدايدىغان ئادەم، باشقىلارنى ئالدىغۇچى: ئالدامچىلار ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ بوۋاينىڭ ئۆيىدىن ئالتۇننى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** كۆز بويامچى، گوللامچى.

**ئاندىن** باغل ① شەرت-پىقىندى جۈملىلەردە باغلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىدە كېلىپ، «شۇ چاغدا، شۇ ۋاقىتتىلا» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: ئەگەر ئۇ، شۇ چىكىنگىنچە كوزۇپقا بىرىپ تاقالسا، ئاندىن مەن ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ كوزۇپنىڭ يان ياغىچىغا كېلىشتۇرۇپ ئۇستۇرۇشنى ئويلىغانىدىم. ② ئۇنىڭدىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىن كېيىن؛ ئۇلاپلا: ئاۋۋال ئىشلە، ئاندىن ئوينا (ماقال). ③ ئۇندىن، ئۇندىنمۇ، ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭدىنمۇ: ئەل ئامان، دەردىڭ يامان، كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان.

**ئانىي** ① سۈپ. بوزەك؛ ياۋاش: ئانىي تاپماق. ② ئى. بوزەك كىشى، ياۋاش ئادەم: ئانىينى تاپسام، شىلىلىسىگە مىنىپ چاپسام (ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** بوزەك؛ ياۋاش.

**ئانىي تېپىش** بوزەك قىلىش، بوزەك ئېتىش، خارلاش: ئۇلار بىر بولۇپ ئەكبەرنى ئانىي تېپىشتى.

**مەنىداش سۆزى:** بوزەك قىلىش، بوزەك ئېتىش، خارلاش.

**ئاۋايلاش** پ. ئېھتىيات قىلىش، دىققەت قىلىش، ئاياش، ئاسراش: ئاۋايلىماي ئۇرۇۋېدىم، ئاغرىماي ئۆلۈپ قالدى(ماقال). ★ سۇلايمان كۆك كونۇپىرتنى ئاۋايلاپ يىرتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئاياش، ئاسراش، ئېھتىيات قىلىش.

**ئاۋۇ** ئال. سۆزلىگۈچى ئىشارەت قىلغان ئۆزىدىن يىراقتىكى شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئايرىپ كۆرسىتىدۇ: ئاۋۇ نېمە؟ ★ ئاۋۇ

ئادەم كىم؟

**مەنىداش سۆزى:** ئاشۇ، ئاشۇۋۇ.

**ئاۋۋال** رەۋ ① باشلىنىش پەيتى، ۋاقتى؛ دەسلەپكى چاغ، دەسلەپكى پەيت: ئاۋۋال ئاخشام. ئاۋۋال-ئاخىر. ② ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا؛ ئىلگىرى، بۇرۇن: ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاۋۋال قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق ئىكەن. ③ ھەممىدىن ئالدىن؛ ئالدى بىلەن؛ دەسلەپ: ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام(ماقال). ★ پاراشوك سوپۇننى ئاۋۋال ئىلمان سۇغا سېلىپ مازغاپ چىقىرىۋالىمىز، ئاندىن يۇيىمىز.

**مەنىداش سۆزى:** دەسلەپكى چاغ؛ ئىلگىرى، بۇرۇن؛ ئالدى بىلەن، دەسلەپ.

# ئە

**ئەپچىل** سۈپ ① ھەر قانداق ئىشنى تېز ۋە چاققان قىلالايدىغان، چاققان، چېۋەر، چەبدەس: سادىقنىڭ ئەپچىل بىر ئىنىسى قازناقنىڭ تۆگلۈكىدىن چۈشۈپ تولۇمنى بىشىۋېتىپتۇ. ② ئەپلىك، قولاي، مۇۋاپىق، باب: ئەخمەتجان ئۇنىڭ قولىدىكى ۋېلسىپىتنى ئېلىپ ئۆستەڭ بويىغا ئەكىلىپ، ئەپچىل بىر جايغا قويۇپ قويدى.

**مەنىداش سۆزى:** چاققان، چېۋەر، چەبدەس، ئەپلىك، قولاي، مۇۋاپىق، باب.

**ئەپچىللىك** ئى. چاققانلىق، چېۋەرلىك، پەم: قىز ئەپچىللىك بىلەن ۋېلسىپىتكە مىنىپ، پىدالنى بار كۈچى بىلەن تەپكىنىچە ئۆز ئۆيى تەرەپكە قاراپ چاپتى.

**مەنىداش سۆزى:** چاققانلىق، چېۋەرلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قوپاللىق.

**ئەپۇ سوراش** ئۆتكۈزگەن كەمچىلىك، سەۋەنلىكىنى

كەچۇرۇشنى ئۆتۈنۈش، ئۆزرە ئېيتىش: مەن ئاغىنەمدىن ئاشۇ ئىش تۈپەيلى خىجالەت بولۇپ ئەپۇ سورىدىم.

**مەنىداش سۆزى:** كەچۈرۈم سوراش، ئۆزرە ئېيتىش.

**ئەت** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ گۆشى: ئەت قونۇش. ئەت تۇتۇش. ئەت پەيدا بولۇش. ② بەزى مېۋىلەرنىڭ گۆش قىسمى: ئېتى چۈرۈك قوغۇن. ئېتى قېلىن شاپتۇل. ③ كۆچمە. بەزى يەرنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى مۇنبەت، ھوسۇللۇق قىسمى: ئەت توپا.

**ئەتە** ئى ① بۈگۈندىن كېيىنكى بىر كۈن: بۈگۈن ماڭا كەلدى، ئەتە ساڭا كېلەر.(ماقال). ★ موماي ئۇنى بەزلەپتۇ، ئاش قىلىپ يېگۈزۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى موماي قىزغا: ــ قىزىم، مەن سېنى سوغا-سالاملار بىلەن ئۇزىتىپ قوياي، ــ دەپتۇ. ② يېقىن ۋاقىت؛ يېقىن كەلگۈسى، كېلەچەك: ئادا بولدى گۈل ئالدىدا شەرتىمىز، كېلەر ئەمدى قەنتتىن تاتلىق ئەتىمىز.

**ئەتە-ئاخشام** ئى. ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ ئەتىگىنى ۋە ئاخشىمى: تاغامنىڭ قىزى ھەر كۈنى ئەتە-ئاخشامدا ئۇنىڭ يېنىغا كىرەتتى.

**ئەتە-ئۆگۈن** ئى. ئەتە ياكى ئۆگۈن؛ پات ئارىدا، يېقىن ئارىدا: ھازىر كۈنمۇ خېلى ئىسسىپ قالدى، ئەتە-ئۆگۈن تېرىقچىلىق باشلىنىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** پات ئارىدا، يېقىن ئارىدا.

**ئەتەي** رەۋ ① مەلۇم بىر مەقسەت يوشۇرۇنغان ھالدا، بىلمەسكە سېلىپ؛ بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن: مەن قىزنىڭ روھىي ئىنتىلىشلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئەتەي ئۇنى كۆپرەك سۆزلەتتىم. ② ئالايىتەن، مەخسۇس، ئاتاپ: مەن ئەتەي سىزنى يوقلىغىلى كەلدىم.

**مەنىداش سۆزى:** قەستەن، مەقسەتلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تاسادىپەن.

**ئەتىكەن** ئى. ئادەمنىڭ تىرنىقى ئەتراپىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغان تىكەندەك ئىنچىكە تېرە.

**ئەتراپ (ئەتراپى)** ئى ① تۆت تەرەپ، پەرق ئەتكەن ھەممە ياق: كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا

ياق (ماقال). ② كۆزەتكۈچىگە نىسبەتەن يېقىن جاي: بىرىم سائەتتىن كېيىن يېقىن ئەتراپتا زەمبىرەكلەر گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. ③ مەلۇم نەرسىنىڭ چۆرىسى: ھازىر كەلگەن مېھمانلار ئۈستەل ئەتراپىغا تىزىلىشىپ ئولتۇردى.

**ئەتراپلىق** سۈپ. ھەممە تەرەپنى تەڭ كۆزىتىپ، تەڭ ھېسابقا ئالغان، ئومۇمىي جەھەتلەرنى كۆزدە تۇتقان: ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئوقۇغۇچىلارغا ئەتراپلىق، سىستېمىلىق پەننىي بىلىملەرنى بېرىش. ★ ئۇ فورمۇلنى ئەتراپلىق يېشىپ بەردى.

**ئەتلەس** ئى. بىر يۈزى يالتىراق ھەم گۈلى ئوچۇق كۆرۈنىدىغان، يەنە بىر يۈزىنىڭ گۈلى سۇس يەرلىك يىپەك رەخت.

**ئەتلەسچىلىك** ئى. ئەتلەس توقۇش، سېتىش ئىشى، كەسپى: خوتەن خەلقى ئەتلەسچىلىك، گىلەمچىلىك قاتارلىق ھۈنەر-سەنئىتى بىلەن تونۇلغان.

**ئەتۋىركە** ئى. ھەر خىل ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇپ ياساشتا، قالپاقلىق بۇرما مىخلارنى بۇراپ چىڭىتىش، بوشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قول سايمىنى.

**ئەتىر** ئى. خۇشبۇي ماددىلارنىڭ ئىسپىرتتىكى ئېرىتمىسىدىن ئىبارەت سۇيۇقلۇق، پەرداز بۇيۇمى.

**ئەتىر سوپۇن** ئى. خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدىغان، يۈز-قوللارنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سوپۇن: ئەگەر چاچ سوپۇنى بولمىسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەتىر سوپۇن ئىشلەتسەكمۇ بولىدۇ.

**ئەتىرلىك** سۈپ. ئەتىر پۇرىقى بار، ئەتىر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئەتىر قوشۇلغان: ئەتىرلىك بۇيۇم.

**ئەتىكى** سۈپ. ئەتە بولىدىغان، ئەتىسى يۈز بېرىدىغان: ئەتىكى ئىش. ★ ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا (ماقال).

**ئەتىگەن** رەۋ ① تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت؛ سەھەر: ئۈيانغا باق، بۇيانغا باق، ئەتىگەن تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قوشناڭغا باق(ماقال). ② بەلگىلەنگەن ۋاقىتقا نىسبەتەن بالدۇر؛ ۋاقتى يېتىپ كەلمىگەن: مەن ئەمدى ئۇن سەككىز ياشقا كىردىم، توي قىلىشقا تېخى ئەتىگەن.

مەنىداش سۆزى: سەھەر؛ بالدۇر.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كەچ، ئاخشام.

**ئەتىگەنكى** سۈپ. شۇ كۈنى ئەتىگەندىكى: ئەتىگەنكى ئىش. ئەتىگەنكى تاماق. ئەتىگەنكى ۋەقە.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كەچكى.

**ئەتىگەنلەپ** رەۋ. ئەتىگەندىلا، سەھەردىلا: ئۇلار ئەتىگەنلەپ يۈرۈپ كەتتى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كەچلەپ.

**ئەتىگەنلىك** ئى. ئەتىگەن ئۈچۈن تەييارلانغان، ئەتىگەن ئۈچۈن ئاتالغان؛ ئەتىگەنگە تەۋە: ئەتىگەنلىك چاي. ئەتىگەنلىك مەشىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كەچلىك.

**ئەتىلەتىن** رەۋ. بۈگۈندىن كېيىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئەتىگىچە: بىز ئىككىمىز ئەتىلەتىن سىنى يوقلىغىلى كېلىپ قالارمىز.

**ئەجىر** ئى. سىڭدۈرۈلگەن ئەمگەك، چىقىرىلغان كۈچ، ئىشلەنگەن ئىش؛ ئەمگەك، خىزمەت: ئەجىر يەردە قالمايدۇ. ★ ھەنىپىخان ئۆز ئەجرى بىلەن بېيىدى. ★ خەق نىمە دېسە دېمەمدۇ، مەن ئۈچۈن باغاق سېتىش بولامدۇ، ئىشقىلىپ ئىشلەيدىغان بىر ئىش بولسىلا، ئۆز ئەجرىم بىلەن پۇل تاپسامالا بولاتتى.

مەنىداش سۆزى: ئەمگەك، ئىش.

**ئەجىر قىلىش** ئەمگەك قىلىش، تەر تۆكۈش، خىزمەت ئىشلەش: بۇ ئىشقا ھەر ئىككىمىز كۆپرەك ئەجىر قىلدۇق.

**ئەخلاق** ئى. كىشىلەرنىڭ ھەربىر جەمئىيەتكە خاس بولغان پائالىيەت مىزانى، ئەدەپ، خۇلق، پەزىلەت: ئەخلاق بىلەن قانۇننىڭ پەرقى بار.

**ئەخلەت** ئى. تاشلاندۇق، مەينەت، ئەسكى-تۇسكى نەرسىلەر: ئەخلەتنى سۈپۈرۈپ دۆۋىلىگەندىن كېيىن، ئۇنى شازىغا سۈپۈرۈپ ئېلىپ، ئەخلەت ساندۇقىغا تۆكمىز.

**ئەدەپ** ئى ① تەنبىھ، دەككە، جازا: ئەدەپنى بېرىش. ② كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇئامىلىدە ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىشى؛ ئەخلاق، تەربىيە ۋە ئۇنىڭ ئۆلچەملىرى: ئۇ شۇ كۈنى كەچتە زاۋۇت ئامبىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ياش ئامبارچىغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى.

مەنداش سۆزى: تەنبىھ، دەككە، جازا.

**ئەدەپىنى بېرىش** قىلمىشىغا قاراپ ئەدەبلەپ قويۇش، جاجىسىنى بېرىش، تەنبىھ بېرىش، دەككىسىنى بېرىش: مىللىي ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ ئەدەبىنى بەردى.

مەنداش سۆزى: جاجىسىنى بېرىش، دەككىسىنى بېرىش، تانابىنى تارتىش، ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىش.

**ئەدەپ-ئەخلاق** ئەدەپ ۋە ئەخلاق: ئىنسان ئۈچۈن، ئەدەپ-ئەخلاق ھەممىدىن مۇھىم.

مەنداش سۆزى: ئەردەم، ئەدەپ.

**ئەدەپ-ئەخلاقلىق** سۈپ. ئەدەپ ۋە ئەخلاقى بار، ئەدەپ ساقلايدىغان ۋە ئەخلاققا رىئايە قىلىدىغان، ئەردەملىك: بۇرۇن ئەدەپ-ئەخلاقلىق بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن.

مەنداش سۆزى: ئەردەملىك، ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەدەپسىز، ئەخلاقسىز، ئەردەمسىز.

**ئەرز قىلىش** بىرەر كىشى ئۈستىدىن سوت مەھكىمىلىرىگە ئاغزاكى ياكى يازما ھالدا ئەرز سۇنۇش، شىكايەت قىلىش، دەرد تۆكۈش: بىر ئالدامچى سودىگەر ئاتامدىن پۇل قەرز ئېلىپ قايتۇرمىغاچقا، سوتقا ئەرز قىلدۇق.

**ئەزىمەت** ئى ① ھەر ئىشنى قىلىشقا جۈرئەتلىك، قۇدرەتلىك،

مەرد ئادەم ياكى باتۇر، پالۋان، قەيسەر كىشى: تىكتاك توپ ئويناۋاتقان كىچىك ئەزىمەتلەر نېمىدېگەن ماھىر-ھە! ② سۈپ. ھەر ئىشنى قىلىشقا جۈرئەتلىك، باتۇر، قەيسەر: سىز بۇرۇن بىر ئەزىمەت ئىدىڭىزغۇ؟ ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئەس** ئى ① ئادەمنىڭ بىلىش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى؛ ئاڭ، زېھىن، ھوش، ئەقىل: ئېسىنى يوقىتىش، ئېسىنى يىغىش، ئېسىنى تېپىش، ئېسىنى بىلىش. ★ ئېسىڭ باردا ئېتەك ياپ (ماقال). ② يادىدا ساقلاش، يادقا ئېلىش قابىلىيىتى؛ ياد، خاتىرە: ئەستە تۇتۇش. ئەستە قالدۇرۇش. ئەسكە ئېلىش. ئەسكە سېلىش. ئېسىگە كېلىش.

**مەنىداش سۆزى:** ئاڭ، زېھىن، ئەقىل، ئەس - ھوش، ھوش؛ ياد، خاتىرە.

**ئەس-ھوش** ئى ① ئەس ۋە ھوش، ئەقىل ۋە زېھىن، ئەقىل ۋە سەزگۈ: ئۇنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا. بۇ ئىككىلىسى قورقۇپ كېتىپ ئەس - ھوشلىرىنى يوقاتتى. ② پىكىر - خىيال: سىز قايتىپ كەتكىنىز، شۇنىڭدىن بېرى مېنىڭ پۈتۈن ئەس - ھوشۇم سىزدىلا.

**ئەسۋاب** ئى. بىرەر ھۈنەر، كەسىپ ۋە مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشتا ئىشلىتىدىغان قورال، سايمان، جابدۇق: تۆمۈرچىلىك ئەسۋابلىرى.

**مەنىداش سۆزى:** قورال، سايمان، جابدۇق.

**ئەقىدە** ئى ① بىرەر نەرسىگە، ئىشقا قىلىنغان ئىشەنچ، ئېتىقاد: مەن سادىقنىڭ ئۆز ئەقىدىسى يولىدا جان پىدا قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ② بىرەر نەرسە توغرىسىدا شەكىللەنگەن ھۆرمەتلەش ۋە ياخشى كۆرۈش ئادىتى، ئېتىقاد: ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن. ★ ئۇنىڭ سەھەر تۇرۇپ چېنىقىش ئادىتى بىر كۈنمۇ ئۆزگىرىپ باقمىدى. سەۋەب، بۇ بىرخىل ئەقىدە.

**مەنىداش سۆزى:** ئېتىقاد، ئىشەنچ.

**ئەگىز** ئى. باھار ۋاقتىدا ئېرىگەن قار-مۇز: باھارنىڭ يىللىق ئاپتىپى يەر يۈزىنى ئىلىتىپ، يان بېغىرلاردىن ئەگىز ئېقىپ، جان-جانىۋارلار ئۇچەكتىن

چىقىشقا باشلىدى.

**ئەگىش** پ ① بۇرۇلۇش، ئايلىنىش، چۆرگىلەش: ماشىنا شورلۇق دۆڭلەر ئارىسىدا ئەگىپ يۇرۇپ خېلى ئۇزۇن ماڭدى. ★ بۇ باللار مېنىڭ ئۆيۈمنى ئاز ئەگىدى دېمىدىلا؟ ② پەيدا بولۇش، كۆرۈنۈش: زەيتۇنەمنىڭ كۆڭلى چىچىلىپ كۆزىدە ياش تامچىلىرى ئەگىدى.

**مەنداش سۆزى:** بۇرۇلۇش، ئايلىنىش، پەيدا بولۇش، كۆرۈنۈش.

**ئەڭ** رەۋ. سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنى ياسايدىغان دەرىجە رەۋىشى: ئەڭ ياخشى. ئەڭ تاتلىق. ئەڭ يىراق. ئەڭ كۆپ.

**مەنداش سۆزى:** ناھايىتى، بەك.

**ئەڭگۈشتەر** ئى ① ئالتۇن قاتارلىق قىممەت باھالىق مېتال، ياقۇت قاتارلىق قىممەت باھالىق تاشلاردىن ياسالغان ئۈزۈك. ② كۆچمە. خاسىيەتلىك، جىق ئىشقا يارايدىغان، نۇرغۇن نەرسىنى قىلىشتا قۇدرەتلىك نەرسە: پەن-تېخنىكا بىزنىڭ ئەڭگۈشتىرىمىز. مائارىپ بىزنىڭ ئەڭگۈشتىرىمىز.

**ئەڭگىز** ① ئى. سوغۇق مىجەز، سوغۇقلۇق: بۇ بالىنىڭ ئەڭگىزى ئېشىپ قالغان ئوخشايدۇ. ② سۈپ. كۆچمە. تېرىككەك؛ يىغلاڭغۇ: بۇ بالا بەك ئەڭگىز بالا بولۇپتۇ.

**ئەڭلىك** ئى. ئاياللارنىڭ مەڭزىگە، كالپۇكىغا سۈرتىدىغان قىزىل سۈرمە: قىزنىڭ ھەشەم بىلەن ئۇششاق بۇدۇر قىلىنغان چاچلىرىغا، ئەڭلىك سۈركىۋالغان مەڭزىلىرىگە ئوت تۇتىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى.

**ئەڭىل** ئى. كىيىم، كىيىم-كېچەك.

**مەنداش سۆزى:** كىيىم، كىيىم-كېچەك.

**ئەل** ئى ① يۇرت، دىيار، ۋەتەن، مەملىكەت: چەت ئەل. ② بىرەر جاينىڭ ئادەملىرى، ئاھالىسى، خەلقى: ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك (ماقال). ★ ئەل بىلەن ئۆلۈم، بەجايىكى توي(ماقال).

**مەنداش سۆزى:** يۇرت؛ ۋەتەن؛ خەلق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**ئەلا (ئەلاسى)** ① سۈپ. سۈپەتى، پەزىلىتى جەھەتتىن ئەڭ ياخشى، ئەڭ يۇقىرى؛ ئېسىل: ئەلا سۈپەت. ئەلا سورت. ★ يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا (ماقال). ② سۈپ. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ يۇقىرى باھا: ئەلا نەتىجە. ئەلا ئوقۇغۇچى. ئەلا نەتىجىگە ئېرىشمەك. ③ ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پاسسىپ.

**ئەلاچى** سۈپ. ئاساسىي پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن، ئەلا ئوقۇغان: يولۋاس ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇپ، جاپپار ئۆگىنىشتە ھەمىشە ئۇنىڭ سەممىي ياردىمىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇراتتى.

**ئەل-ئاغىنە** ئى. دوست-بۇرادەر، يار-بۇرادەر، دوست-يارەن: مەن مەھەللىدىكى ئەل-ئاغىنىلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا ئالدىرىدىم.

**مەنىداش سۆزى:** دوست-بۇرادەر، يار-بۇرادەر، دوست-يارەن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** رەقىب، ياۋ، دۈشمەن.

**ئەل-ئاغىنىچىلىق ← ئەل-ئاغىنىدارچىلىق**

**مەنىداش سۆزى:** ئەل-ئاغىنىدارچىلىق، دوست-بۇرادەرلىك.

**ئەل-ئاغىنىدارچىلىق** سۈپ. ئەل-ئاغىنىلىك، دوست-بۇرادەرلىك، يار-بۇرادەرلىك مۇناسىۋەت: ئىككىمىزنىڭ ئەل-ئاغىنىدارچىلىقىدا گەپ يوق.

**مەنىداش سۆزى:** ئەل-ئاغىنىچىلىق، دوست-بۇرادەرلىك.

**ئەلەڭ** ئىم. ئادەم ياكى باشقا بىرەر نەرسىنىڭ ئىككى تەرەپكە كۈچسىز چايقىلىش، ئېغىناش ھەرىكەت ھالىتى.

**ئەلەڭ-سەلەڭ** سۈپ. ئۇيان-بۇيانغا كۈچسىز چايقالغان، ماغدۇرسىز-ھالسىز، ئەرۋەڭ-سەرۋەڭ: ئۇ بىرنەچچە يىل بالا دەردىدىن ئەلەڭ-سەلەڭ يۈردى.

**ئەلەم** I ئى ① جىسمانىي ئازاب، ئاغرىق: نىياز ئۇزاق يىلغىچە كېسەل

ئازابنى تارتىپ ئۆمرى ئەلەم بىلەن ئۆتتى. ② روھىي ئازاب، دەرد-ھەسرەت: مەن ئەلەمگە چىدىماي بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەپ قويدۇم. ③ قەست، ئۆچ، قىساس: سىز بىكاردىن-بىكار شۇنچە ئاچچىقلاپ كېتىپسىز، ئۇنىڭدىن ئالالمىغان ئەلەملىرىڭىزنى مەندىن ئالماقچىمۇ؟

**ئەلەم** II ئى ① بايراق، تۇغ. ② مازارلارنى تاۋاپ قىلغۇچىلار تەرىپىدىن شۇ مازارلارغا ئېسىلغان لاتا.

**مەنىداش سۆزى:** بايراق، تۇغ.

**ئەلەمدار** ئى. بايراق، تۇغ كۆتۈرگۈچى؛ بايراقدار: جەڭ مەيدانىدا ئەلەمدارلار ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

**مەنىداش سۆزى:** بايراقدار.

**ئەلپاز** (ئەلپازى) ئى. ھالەت، قىياپەت، تۇرق، ئەپت: ئەلپازى ياخشى. ئەلپازى يامان. ئەلپازى قورقۇنچلۇق. ★ بوغالتىر خۇش ياقمىغان ئەلپازى بىلەن قول ئىشارىتى قىلىپلا، ياندىكى بۆلۈمنى كۆرسىتىپ قويدى.

**مەنىداش سۆزى:** ھالەت، قىياپەت، تۇرق، ئەپت.

**ئەلپازىنى بۇزۇش** چىرايى ئۆڭۈش، چىراي-شەكلى سەتلىشىش، قىياپىتى بۇزۇلۇش: تىللاخان ئەلپازىنى بۇزۇپ، كىشلەرنى ئەپسانە سۆزلەر بىلەن تىللاشقا باشلىدى.

**مەنىداش سۆزى:** چىرايى ئۆڭۈش، قىياپىتى بۇزۇلۇش.

**ئەل-جامائەت** ئى. ئەل ۋە جامائەت، يۇرت خەلقى: بۇ يەرگە مەھەللىدىكى ئەل-جامائەتنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بولغانىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەل-جامائەت، خەلق.

**ئەمەلدارلارچە** رەۋ. ئەمەلدارغا ئوخشاش، ئەمەلداردەك: ئۇ ئەمەلدارلارچە قولنى سىلكىپ بۇيرۇق قىلىدىغان بولۇۋالدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەمەلدارلاردەك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پۇقرالاردەك.

**ئەمەلىيەت** ئى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ۋە جەمئىيەتنى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆزگەرتىشتىكى پۈتۈن ھەرىكىتى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەلىي پائالىيەت: ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش. بىلىش ئەمەلىيەتتىن.

**ئەمەلىيەتچان** سۈپ. ئەمەلىيەتكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەمەلىيەتچىلىكى كۈچلۈك: ئەمەلىيەتچان ئادەم.

**ئەمدى** رەۋ ① سۆز بولۇۋاتقان پەيتتە، ھازىر: مانا ئەمدى ھەممە ئىش جايىدا بولدى. ② سۆز سۆزلىنىۋاتقان پەيتتە، ھازىر: ئۇ ئەمدى كېلىدۇ. ③ مەنىنى تەكىتلەش، كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سۆز: خوش ئانا، كېتەي ئەمدى، مەكتەپكە بېتەي ئەمدى. بىلىم-ھېكمەت يولىغا جاننى بەخش ئېتەي ئەمدى.

**ئەندۈۋا** ئى. سۇۋاقچىلىقتا تامنى سۇۋاش، سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دەستىلىك، تېگى سىلىق مېتال ئەسۋاب: ئۇ لاي ئېتىپ ئۆينىڭ تاملىرىنى ئەندۈۋا بىلەن سۇۋاپ چىقتى.

**ئەندىكىش** پ. تاسادىپىيلىقتىن سىلكىنىپ كېتىش، شۈركىنىش، چۆچۈش: ئاينۇر كۈتۈلمىگەن بۇ تونۇش ئاۋازدىن قاتتىق ئەندىكىپ كەتتى.

مەنداش سۆزى: شۈركىنىش، چۆچۈش.

**ئەنسىرەش** پ. غەم قىلىش، ئەندىشە قىلىش، خەۋپسىرەش؛ قايغۇرۇش: ئانا ئۆمەرجاننىڭ ئىشچانلىقىغا بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەيتتى. ★ مەن ئۇنى بىر خەتەرگە يولۇقمىغىيدى دەپ ئەنسىرەيمەن.

مەنداش سۆزى: غەم قىلىش، ئەندىشە قىلىش، خەۋپسىرەش، قايغۇرۇش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خاتىرجەم بولۇش، ئەمىن تېپىش.

**ئەنسىز** I سۈپ. ئېنى يوق، ئەن سېلىنمىغان: ئەنسىز قوي. ئەنسىز كالا.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەنلىك.

**ئەنسىز** II سۈپ. ئېنى تار، ئېنى تاختا: ئەنسىز رەخت.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەنلىك.

**ئەنسىز** III سۈپ. تىنچ، خاتىرجەم ئەمەس، ئەندىشىلىك، تەشۋىشلىك، قورقۇنچلۇق: ئەنسىز كېچە. ئەنسىز يىللار.

مەنىداش سۆزى: ئەندىشىلىك، تەشۋىشلىك، قورقۇنچلۇق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تىنچ، تىنچلىق، خاتىرجەم.

**ئەنلىك** سۈپ. ئېنى نىسبەتەن كەڭ، ئېنى تاختا ئەمەس: ئەنلىك رەخت. ئەنلىك بۆز.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئېنى تار، ئېنى تاختا، ئەنسىز.

**ئەھدە** ئى. پۈتۈشكەن، بىرلىككە كەلگەن قەتئىي سۆز، ۋەدە، لەۋز، قارار: — مۇندىن كېيىن ئەدەپسىزلىك قىلمايمەن، — دەپ توۋا قىلىپ ئەھدە بەردى ئۇ. ★ مۇتەللىپ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا مۇئەللىم بولۇشقا ئەھدە قىلغانىكەن.

مەنىداش سۆزى: ۋەدە، لەۋز، قارار.

**ئەھلى جامائەت** ئى. بىر جامائەتنى تەشكىل قىلغان كىشىلەر، جامائەت ئەھلى، خالايىق: ھاكىم بىر جۈمە كۈنى جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن ۋەز ئېيتىپ: — ئى ئەھلى جامائەت، مەن بۈگۈندىن كېيىن سىلەر بىلەن جاپا-مۇشەققەتتە بىللە بولىمەن، رىيازەتنى تەڭ چېكىمەن، — دەپ ۋەدە قىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: جامائەت ئەھلى، خالايىق.

**ئەھمىيەت** ئى ① بىرەر نەرسە ياكى ئىشنىڭ كىشىلىك ھاياتىدا، جەمئىيەتتە ياكى مەلۇم ۋەقەلىكتە تۇتقان ئورنى؛ قىممىتى، مۇھىملىقى، رولى: ئەھمىيىتى زور، ئەھمىيىتى بار. ② ئېتىبار؛ دىققەت - ئېتىبار: ئەھمىيەت بېرىش.

**ئەھمىيەتلىك** سۈپ. ئەھمىيىتى بار، ئەھمىيەتكە ئىگە، قىممىتى زور، مۇھىم: ئەھمىيەتلىك قوللانما، ئەھمىيەتلىك قۇرۇلۇش. ★ بۈگۈنكى سۆھبەت بىر ئەھمىيەتلىك دەرس بولدى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەھمىيەتسىز، ئەھمىيىتى يوق.

www.uyghurkitap.com

**ئەۋرىشكە** ئى. ئۈلگە قىلىنىدىغان بۇيۇم، نەرسە؛ ئۈرنەك، نۇسخا: ئۆسۈملۈكتىن ئەۋرىشكە ياسىغاندا، ئۇنى ئۇزۇن مەزگىل ساقلاپ، تەتقىقاتتا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئۈرنەك، نۇسخا.

**ئەيىب** ئى ① قائىدە-يوسۇنغا، تەرتىپ-ئىنتىزامغا، ئەدەپ-ئەخلاققا خىلاپ ئىش؛ كەمچىلىك، سەۋەنلىك: بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب (ماقال). ★ ئۆزىنىڭ ئەيىبى ئۆزىگە كۆرۈنمەس، كۆزىنىڭ ئەيىبى كۆزىگە كۆرۈنمەس (ماقال). ② نۇقسان، قۇسۇر، ئىللەت، جىسمانىي كەمتۈكلۈك: غېمى يوق ئىنسان بولماس، ئەيىبى يوق هايۋان بولماس (ماقال). ★ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاق ئىنسانىنىڭ جىسمانىي ئەيىبلىرىنىمۇ ياپىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** كەمچىلىك، سەۋەنلىك، نۇقسان، قۇسۇر، ئىللەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئارتۇقچىلىق.

## ب

**بارا-بارا** ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، بارغانسېرى، قەدەممۇقەدەم، پەيدىنپەي، تەدرىجىي؛ بىر-بىرلەپ: هاۋا بارا-بارا ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ. ★ ئەكبەر بارا-بارا تىنماي راۋاپ چېلىپ ناخشىنى ئوقۇيدىغان بولدى. ★ ئۇ قىز ئوقۇغۇچى بارا-بارا مېنىڭ دېگىنىمگە كۆندى.

**مەنىداش سۆزى:** بارغانسېرى، قەدەممۇقەدەم، پەيدىنپەي، تەدرىجىي؛ بىر - بىرلەپ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىراقلا، بىريولىلا.

**باراقسان** سۈپ. قويۇق، بۈك، باغجانلاشقان: ئۆيىنىڭ كەينىدە بىر تۈپ باراقسان ياڭاق دەرىخى بار.

**مەنىداش سۆزى:** بۈك، باغجانلاشقان.

**باركاللا** ئىم. بىرەر سۆز، بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قىلىنغانلىقى، بېجىرىلگەنلىكى ئۈچۈن، قايىل بولغانلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئالقىش سۆزى: مەيدانغا يىغىلغان كۆپچىلىك: — باركاللا! نۇسرەت شاھنىڭ ئەقىللىقلىقىغا ئاپىرىن! نېمىدېگەن دانالىق بۇ؟ — دېيىشىپ، نۇسرەتنىڭ تەدبىرىگە ھەيران قېلىشىپتۇ. ★ ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالغان باللار تويىدىن پات-پات «باركاللا» دېگەن خۇشاللىق كۈلكىسى ياڭراپ تۇراتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئاپىرىن.

**باشقا كۆن چۈشۈش** ئوڭۇشسىزلىققا، پېشكەللىككە ئۇچراش، قىيىنچىلىقتا قېلىش، قىيىن ئەھۋالدا قېلىش: ئەر بېشىغا كۈن چۈشسە، ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر (ماقال). ★ سەن ھاياتنى سۆيمىسەڭ، ھايات سېنى سۆيمەيدۇ. بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە، ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئېغىر كۈندە قېلىش، بېشىغا بالا-قازا كېلىش.

**بېشى قايغان تەرەپكە مېڭىش** مەقسەتسىز، نىشانسىز مېڭىش: بىزنىڭ مەكتىپىمىزدە بەزىبىر ناچار ئوقۇغۇچىلار بار، ئۇلار تىرىشمايدۇ، تاپشۇرۇقنىمۇ ۋاقتىدا ئىشلىمەيلا قالماي ھەتتا بېشى قايغان تەرەپكە ماڭىدۇ.

**بېشىغا چىقىش** ھالاكەتكە ئېلىپ بېرىش؛ نابۇت قىلىش، ئۆلتۈرۈش: — ۋەزىر ماڭا قەست قىلماقچى دەپ، ئاقىۋەت ئۆز بېشىغا چىقتى، «ئورنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر» دېگەن مانا مۇشۇ، — دەپتۇ ئۇ.

**مەنىداش سۆزى:** نابۇت قىلىش، ئۆلتۈرۈش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ياشنىتىش، كۆكلىتىش، روناق تاپقۇزۇش، گۈللىتىش.

**باغۋەن** ئى ① باغنى پەرۋىش قىلغۇچى كىشى ياكى باغقا قارىغۇچى ئادەم: سېنىڭدەك بىر ياخشى گۈل، باغدا ياتامدۇ، سورايمۇ مەن باغۋەندىن پۇلغا ساتامدۇ؟ ② كۆچمە. تەربىيىلىگۈچى كىشى، تەربىيىلىگۈچى، تەربىيىچى: مائارىپىمىز ئەقىدىلىك باغۋەنلەرگە موھتاج. ★ ئاشۇ ئىشچان

باغۋەنلەر يۈرەك قېنىنى، كۆزىنىڭ نۇرىنى سەرپ قىلىپ، هارماي-تالماي بىلىم بەرگەچكە، بىز مانا هازىر خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇدەك سەۋىيىگە ئىگە بولدۇق.

**بال** ئى. هەسەل: چىمەنلەرنىڭ لېۋىدىن تۆكۈلدى ئەنبەر، ئالما، ئانار باغرىدىن ئاقتى بال، شېكەر.

**مەنىداش سۆزى:** هەسەل.

**بالا** ئى. باشقا كەلگەن ئاپەت؛ پالاكەت، بالا-قازا، بالايىئاپەت؛ خەۋپ-خەتەر: ئۈزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي داۋاغا(ماقال). ★ بالا كەلسە قېرىنداشتىن(ماقال). ★ ساقلانساڭ بالا يوق، ساقلانمىساڭ داۋا يوق(ماقال). ★ ئادەمگە سېمىزلىكمۇ بىر بالا ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** ئاپەت، پالاكەت، بالا-قازا، قازا. بالايىئاپەت.

**باهادىر** ① سۈپ. باتۇر، قورقماس، قەهرىمان. ② ئى. ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەنىداش سۆزى:** باتۇر، قورقماس.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك.

**بايا** رەۋ. سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن سەل بۇرۇن؛ هېلىــــراق، هېلىراقتا: لېكىن دۈشمەنلەر بايا چوڭلارنىڭ گەپ قىلىشىغا رۇخسەت يوق دېگەندى.

**مەنىداش سۆزى:** هېلى، هېلىراق، هېلىراقتا.

**باياۋان** ئى. مەهەللە-يۇرتتىن يىراق بولغان ۋە ئادەم ياشىمايدىغان سۇسىز چۆل؛ سەهرا، دەشت: پادىشاھ ئازادە بەخت بىلەن خوتۇنى ئىككىسى ئارانلا جېنىنى ئېلىپ باياۋان تەرەپكە قېچىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** چۆل، سەهرا، دەشت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئېكىنزارلىق، بوستانلىق.

**بايراملىق** سۈپ ① بايرام كۈنلىرى ئىشلىتىلىدىغان: كوچىلار بايراملىق كىيىملىرىنى كــــيگەن بالــــلار بــــلەن تولدى. ② بايرامدا ئىشلىتىلىدىغان: دادام ماڭا بايراملىق پۇل بەردى.

**بەجا كەلتۈرۈش** بىرەر ئىشنى، تاپشۇرۇقنى جايــــدا

ئورۇنداش، ئىجرا قىلىش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئادا قىلىش:
ئۇلار بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى كىچىكتۈرمەي ۋاقتىدا بەجا كەلتۈردى. ★ جەڭچىلەر بۇيرۇقنى ئۆز ۋاقتىلا بەجا كەلتۈردى.
مەنىداش سۆزى: ئورۇنداش، ئىجرا قىلىش، ئادا قىلىش.
**بەخت** ئى. كىشى تۇرمۇشىدىكى رازىمەنلىك، ئارمانسىزلىق، خۇرسەنلىك ھالىتى، ئامەت، تەلەي، سائادەت: ۋاقتىڭ كەتتى — بەختىڭ كەتتى (ماقال). ★ قىز بەختكە تولغان كۆزلىرىنى ئەكبەردىن يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. ★ دوست ئۈچۈن، دوستنىڭ بەختى ئۈچۈن ئازاب چېكىشمۇ بىر بەخت.
مەنىداش سۆزى: ئامەت، تەلەي، سائادەت، قۇت، ئىقبال.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بالا-قازا، بالا، ئاپەت، كۇلپەت.
**بەخىرامان** رەۋ. غەم-ئەندىشىسىز، خاتىرجەم، بىمالال، خۇدۇكسىرىمەي، بىپەرۋا، ئېتىبارسىز، بىخۇدۇك: بۇ چاغدا قولى باغلانغان شانىياز بەخىرامان ئولتۇرغان ئەسكەرنىڭ بېشىغا كەينىچە بىر كاللا قويدى.
مەنىداش سۆزى: بىمالال، بىپەرۋا، بىخۇدۇك.
**بەدبەخ** سۈپ. «بەختسىز، بىتەلەي، شۇم، شۇم تەلەي» دېگەن مەنىلەردىكى قارغىش سۆزى: — ھۇ، بەدبەخ، — دىمپ ۋارقىرىغىنىچە بوۋاي ھېلىقى نەۋرىسىنى قوغلاپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى، قوشنىلار بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ بىر-بىرىگە قاراشتى.
مەنىداش سۆزى: بەختسىز، بىتەلەي، شۇم.
**بەزلەش** پ. كۆڭلىنى ياساش، تەسەللىي بېرىش، تەسەللىي ئېيتىش: مۇزەپپەر قىزنى يېقىملىق سۆزلىرى بىلەن بەزلەپ: — ياخشى قىز، ئازراق سەۋر قىلىڭ، ئازلا قالدى، نېمە، ئاغرىۋاتامدۇ؟ ھېچقىسى يوق، بىرئازدىن كېيىن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دەيتتى.
مەنىداش سۆزى: كۆڭلىنى ياساش، تەسەللىي بېرىش.
**بەس - بەستە** رەۋ. بىر - بىرىدىن قېلىشماي، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى، بەسلەشكەن ھالدا: بەس - بەستە سۆزلىمەك. ★

www.uyghurkitap.com

كىنوخانا ئالدىدىكى گازىرچىلار، كاۋاپچىلار، باققاللار بەس - بەستە توۋلىشىپ خېرىدار چاقىرىشاتتى.

**بەسلىشىش** پ. بىر-بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىش، مۇسابىقىلىشىش: شۇنداق قىلىپ، مۇھەممەتجان بىلەن ئامانگۈل دەرستە بەسلىشىپ قالدى. ★ بەزىلەر، بىر قۇر ياخشى كىيىم ھەققىدە لەززەت دەپ ھېسابلايدۇ، بۇنداق ئادەملەر بىلەن بەسلىشىشنىڭ نەھاجىتى؟

**مەنىداش سۆزى:** مۇسابىقىلىشىش، رىقابەتلىشىش.

**بەك** I سۈپ. چىڭ، پىششىق، پۇختا، چىداملىق، مەزمۇت، مۇستەھكەم: جىنى بەك. بەك رەخت. بەك ياغاچ. ★ يەپ تۇر، بەك تۇر (ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** چىڭ، پىششىق، پۇختا، چىداملىق، مەزمۇت، مۇستەھكەم.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بوش، چىدامسىز.

**بەك** II رەۋ. ناھايىتى، ئىنتايىن، تازا، راسا، قالتىس؛ تولىمۇ: بەك ياخشى. بەك قاتتىق. بەك چاپماق. بەك خارلانماق. بەك كۆپ.

**مەنىداش سۆزى:** ناھايىتى، ئىنتايىن، تازا، راسا، قالتىس، تولىمۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئانچىكىن، مۇنداقلا.

**بەگ** ئى ① بۇرۇنقى چاغلاردا شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلاردىكى رايون دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەل ۋە شۇنداق ئەمەل ئالغان كىشى: بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئون ئۈچ بەگ بار ئىكەن. ② ئۆز خوجايىنىنى ھۆرمەتلەپ ئاتىغاندا ياكى ئۇلار ھەققىدە گەپ قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى: بېگىم نەگە باردىلا؟ ③ ئەر كىشى ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە تىركىلىپ كېلىپ، ھۆرمەت نامىنى بىلدۈرىدۇ: قاسىم بەگ. توختى بەگ. مۇنىرىدىن بەگ.

**بەل باغلاش** بىرەر ئىشقا ئەستايىدىل كىرىشىش، تەييەت

قىلىش، ئىرادە تۇرغۇزۇش: كېلەر يىلى ئۇ سىنىپ بويىچە ئەلا ئوقۇغۇچى بولۇشقا بەل باغلىدى.

مەنىداش سۆزى: نىيەت قىلىش، ئىرادە تۇرغۇزۇش، ئىرادە باغلاش.

**بەند قىلىش** ① بىرەر ئىش ۋە نەرسىگە بېرىلىپ كېتىش، مەپتۇن بولۇش: ئۇ پەرىشانلىق ئىچىدە ھەر خىل خىياللار بىلەن بەند بولدى. ② بىرەر ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش، تۇتۇش قىلىش، كىرىشىش.

**بەھرىلىنىش** پ. بەھرە ئېلىش، مەنپەئەت ئېلىش، نەپ ئېلىش، ھوزۇر ئېلىش؛ لەززەت ئېلىش، بەھرىمەن بولۇش: بىز ئۇ گۈزەل مەنزىرىلەردىن بەھرىلىنىپ سەيلە قىلدۇق.

مەنىداش سۆزى: ھوزۇر ئېلىش، لەززەت ئېلىش، بەھرىمەن بولۇش، بەھر ئېلىش.

**بەيگە** ئى ① ئات چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى: ئاتلار بەيگىگە چۈشتى. ② كۆچمە. مۇسابىقە، بەسلىشىش: كېلىڭلار دوستلار بەيگىگە، سىنايلى جەڭدە غەيرەتنى، جاسارەتنى كۆرەك ئەيلەپ تەشەككۈر مۇنبىرى كەلدى.

مەنىداش سۆزى: مۇسابىقە، بەسلىشىش.

**بوران** ئى. توپا-چاڭ ئارىلاش چىققان شىددەتلىك شامال، كۈچلۈك شامال. ئادەتتە تۆت بالدىن يۇقىرىسى بوران ھېسابلىنىدۇ.

**بوشاشماستىن** رەۋ. بوشاشماي، بەل قويۇۋەتمەي، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، توختىماي تىرىشىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ: ئېدىسون مۇشۇنداق بوشاشماستىن تىرىشىش ئارقىسىدا، ئاخىرى مۇۋاپىق لامپۇچكا قىلىنى تېپىپ چىقىپ، ئېلېكتر لامپۇچكىسىنى ئىجاد قىلغان.

مەنىداش سۆزى: بوشاشماي، بەل قويۇۋەتمەي.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بوشىشىپ، بەل قويۇۋېتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**بوشلۇق** ئى. ھېچقانداق نەرسە ئىگىلىمىگەن، ھېچنەرسە بولمىغان بوش جاي ياكى بوش نەرسە: بۇ قاچىلارنىڭ بوشلۇقىنى قانداق جىسىم ئىگىلىگەن؟

**بولۇپمۇ** باغل. ئومۇمىي ئۇقۇم تەركىبىدىكى ئايرىم بىر تارماقنى ئالاھىدە تەكىتلەپ «ھەممىدىن بەك»، «خۇسۇسەن» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: تەبىئىي سۇ رايونىنىڭ سۈيى، بولۇپمۇ يەر يۈزىدىكى سۇلار ئاسان بۇلغىنىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئادەملەرنىڭ بۇلغىشىدىن بولىدۇ.

**بومباردىمان** ئى. بومبا تاشلاش، بومبا ياغدۇرۇش، بومبا تاشلاش ئارقىلىق پارتلىتىش، ۋەيران قىلىش: بومباردىمان قىلىش.

**بوۋا** ئى ① ئانىسىنىڭ ياكى دادىسىنىڭ ئاتىسى. ② ياشانغان ئەر كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ چاقىرىشتا قوللىنىلىدۇ: — بوۋا، نەگە بارىدىلا؟ — دەپ سورىدى گۈلجەننەت ئۇ كىشىدىن.

**بوۋاي** ئى ① ياشانغان ئادەم، قېرى كىشى: بوۋاي قىزىنىڭ دەردىدە كۆزىنى ياشلاپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا ھەر كۈنى ئولتۇرىدىكەن. ② ياشانغان ئەر كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ ئاتىغاندا قوللىنىلىدۇ: بوۋاينىڭ بىرئاز مىجەزى يوق.

**بويىچە** تىر ① بىنائەن، ...گە ئاساسەن: مۇدىر ئادىتى بويىچە ئالدى بىلەن كۆپچىلىككە سالام بەردى، ئەھۋال سورىدى. ② مەلۇم ئورۇن، دائىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، ئىش-ھەرىكەت ۋە نەرسە، نەتىجە قاتارلىقلارنىڭ شۇ جايغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىگىزگە سەكرەش ماھىرى. ★ ئۇ كىشى مەكتىپىمىز بويىچە بىلىملىك زىيالىي ھېسابلىنىدۇ.

**بۇرام** ① ئى. بىر قېتىم بۇراشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە، ھالەت؛ ئورام. ② مىق. ئورام، يۆگەم: ئۇ ئىككى، ئۈچ شوراپ بىر بۇرام تاماكىنى تۈگەتتى.

**بۇرچ** ئى. مەجبۇرىي ئۆتەشكە، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە: ۋەتەننى قوغداش ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇقەددەس بۇرچى.

**مەنىداش سۆزى:** مەجبۇرىيەت.

**بۇردا** سۈپ. كىچىك، پارچە، بۆلەك: بىر بۇردا نان.

**مەنىداش سۆزى:** پارچە، بۆلەك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پۈتۈن.

**بۇردا-بۇردا** سۈپ. پارچە-پارچە، بۆلەك-بۆلەك، ئۇششاق-ئۇششاق: ئات ئۇنى ھەم چىشلەپ، ھەم تېپىپ، ھەش-پەش دېگۈچە بۇردا-بۇردا گۆشكە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** پارچە-پارچە، بۆلەك-بۆلەك، ئۇششاق-ئۇششاق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پۈتۈن.

**بۇرغا** I ئى. كانچىلىق، نېفىت-خىمىيە سانائىتى، گېئولوگىيىلىك قىدىرىش ۋە شۇ قاتارلىق ئىشلاردا قېزىش، كولاش، تېشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنە.

**بۇرغا** II ئى. كالا، تاغ تېكىسى قاتارلىقلارنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسىلىدىغان، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان بىرخىل قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابى.

**بۇرۇلكا** ئى. ئىشتان، شىم: بۇرۇلكا كىيىش.

**مەنىداش سۆزى:** ئىشتان، شىم.

**بۇرۇن** I **(بۇرنى)** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ پۇراش، نەپەسلىنىش ئەزاسى: بۇرنى چوڭ. بۇرنى قاناش. ② قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ساپىقى ئورۇنلاشقان يېرىنىڭ قارشى تەرىپى: قوغۇننىڭ بۇرنى.

**بۇرۇن** II رەۋ ① ئىلگىرى، ئىلگىرىكى چاغلاردا: بۇرۇن بىر يېزىدا ئوبۇل دېگەن بىر كىشى بولغانىكەن. ② ۋەقە، ھادىسە ياكى شۇ ھەقتە سۆز بولۇۋاتقان پەيتتىن ئالدىن، بالدۇر: تويغا بارساڭ بۇرۇن بار، بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار(ماقال).

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تارقىتىش ئادرېسى

مەنداش سۆزى: ئىلگىرى، ئالدىن، بالدۇر، ئاۋۋال.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كېيىن.
**بۇرۇندىن** رەۋ. ئەزەلدىن، قەدىمدىن: بۇ ئادەمنىڭ مىجەزى بۇرۇندىن تارتىپ شۇنداق.
مەنداش سۆزى: ئەزەلدىن، قەدىمدىن.
**بوغداي** ئى ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تېرىش ۋاقتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ يازغى بوغداي، كۈزگى بوغداي دەپ ئايرىلىدۇ. ② مۇشۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.
**بوغدىيەك** ئى. ئەرلەر بوينىنىڭ ئالدىقى قىسمىدا بولىدىغان قالقانسىمان كۆمۈچەك: بوغدىيىكى چوڭ ئەر.
**بۈگۈن** ئى. بۇ كۈن، مۇشۇ كۈن، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۈن: بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق. ★ بۈگۈن مەكتىپىمىزدە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەتە.
**بۈگۈن-ئەتە** رەۋ. پات-پۇرسەتتە، يېقىن-ئارىدا، يېقىندا: چارەكلىك ئىمتىھان بۈگۈن-ئەتە باشلىنىدۇ.
**بۈگۈن-ئەتىلىك** سۈپ. ئاز كۈنلۈك، ئاز ۋاقىتلىق: ئۇنىڭ كېسىلى خېلى ئېغىر، بۈگۈن-ئەتىلىك ئۆمۈرى قالدى.
**بۈگۈنچە** رەۋ. بۇ بىر كۈنگە قەدەر، شۇ بىر كۈنگە: سادىق ئاغرىق ئىكەن، بۈگۈنچە ئۇنىڭ ئورنىغا ھاۋاخان دەرس بەرسۇن.
**بۈگۈنكى** سۈپ ① سۆز بولۇۋاتقان كۈنى سادىر بولغان، يۈز بەرگەن ياكى شۇ بىر كۈندىكى: بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما (ماقال). ② كۆز ئالدىدىكى، ھازىرقى پەيتتىكى، ھازىرقى: ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ بۈگۈنكى ھالەتكە كەلگەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن تەنتەنە قىلىمىز.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەتىكى.
**بۈگۈنلۈك** سۈپ ① بۈگۈنگە خاس، بۈگۈن بولىدىغان، بۈگۈنگە

تەئەللۇق: غالىپ بۈگۈنلۈك تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىدى. ② بۈگۈنكى بىر كۈنگە مۆلچەرلەنگەن، بۈگۈن يېتىدىغان: بۇ مېنىڭ بۈگۈنلۈك ئوزۇقۇم.

**بېزەش** پ. ھەر خىل چىرايلىق، زىننەتلىك نەرسىلەر بىلەن زىننەتلەش، ھۆسن كىرگۈزۈش: ئۆينى بېزەش. زالنى بېزەش.

مەنىداش سۆزى: زىننەتلەش، پەردازلاش، ھۆسن كىرگۈزۈش.

**بېزەك** ئى ① مارجان، بىلەزۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى، زىبۇزىننەت: قىزلار قۇلاق، بويۇنلىرىغا بارماق ۋە بىلەكلىرىگە ئالتۇن بېزەكلەر تاقاپتۇ. ② بىرەر نەرسىگە ئىشلەنگەن نەقىش گۈل: مەكتەپنىڭ تېمىغا قاپارتما شەكلىدە ئىشلەنگەن بېزەكلەر نەملىشىپ بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ.

**بېغىشلىما** ئى. بىرەر نەرسە ياكى ئادەمگە ئاتاپ يېزىلغان سۆز: يېڭى يىلغا بېغىشلىما. بېغىشلىما يېزىش.

**بىپايان** سۈپ. پايانى، ئاخىرى، چېكى يوق، چەكسىز، پايانسىز: دېھقانلار بىپايان دالىنى قاپلاپ ياغقان قېلىن قارغا قاراپ خۇشاللىقىدىن دىللىرى سۆيۈنۈپ، توختىماي: — «ياخشى ياغقان قار، ياخشى ياغقان قار»، — دېيىشتى.

مەنىداش سۆزى: پايانسىز، چەكسىز.

**بىرپەس** رەۋ. بىردەم، بىرئاز ۋاقىت: ياشار بىرپەس كىتاب كۆرگەندىن كېيىن كۆزى ئىختىيارسىز ئۇيقۇغا كەتتى.

مەنىداش سۆزى: بىردەم، بىرئاز.

**بىردەم** ئى. بىرئاز ۋاقىت، كىچىككىنە ۋاقىت، بىرپەس: ئۇ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا خادىنىڭ ئۇچىغا چىقتى-دە، ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن تۆۋەنگە كۈلۈپ قارىدى.

مەنىداش سۆزى: بىرپەس.

**بىرقەدەر** رەۋ. مەلۇم دەرىجىدە، خېلى: ئۇ بۇ قېتىملىق كۇرستا بىرقەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

مەنىداش سۆزى: خېلى.

**بىرمەھەل** رەۋ. مەلۇم بىر چەكلىك پەيت، ۋاقىت، چاغ ياكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەلۇم بىر مەزگىل: بىر قېتىم، دادىسى داۋالاش تەس بولغان بىر ئاغرىققا دۇچ كېلىپ، بىرمەھەل شىپالىق رېتسېپ تاپالماي قالغان.
مەنىداش سۆزى: بىرمەزگىل.

**بىرھازا** رەۋ. خېلى بىرۋاقىت، ئۇزاقراق ۋاقىت، خېلى بىرچاغ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت: بىز تونۇشۇپ بىرھازا پاراڭ قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، راشىدىن ئاكام ئەسلىي گېپكە چۈشتى.

**بىرىكمە** ① ئى. بەلگىلىك نىسبەتتە ئۆزئارا قوشۇلۇش ۋە ئارىلىشىش بىلەن ھاسىل قىلىنغان ئارىلاشما. ② سۈپ.
بىرىككەن: بىرىكمە ئوغۇت.

**بىرىكىش** پ. ئۆزئارا قوشۇلۇش، بىرلىشىش.
مەنىداش سۆزى: قوشۇلۇش، بىرلىشىش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئايرىلىش.

**بىز** ئال ① كىشىلىك ئالماش بىرىنچى شەخس كۆپلۈكى بولۇپ، سۆزلىگۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە ياكى بىر تۈركۈم ئادەمنى بىلدۈرىدۇ ياكى سۆزلىگۈچى ۋە ئۇ كۆزدە تۇتقان، بىرگە بولغان بىرقانچە كىشىنى بىلدۈرىدۇ. ② بىرىنچى شەخس «مەن» ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كەمتەرلىك ياكى ماختىنىش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ: سىز بىلەن بىز ياخشىدۇققۇ ھاشىم ئاكا.

**بىزەڭ** سۈپ. يۈزى قېلىن، ئىزا تارتمايدىغان، ئۇيالمايدىغان، گەپ - سۆز ئۆتمەيدىغان، داپشاق: بىزەڭ بالا. ★ ئۇنى كىچىك دىمەي بەكمۇ ئەركە ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. گەپمۇ كار قىلمايدىكەن، بۇنداق بىزەڭ چوڭ بولسا، كېيىن قانداقمۇ قىلار.

**بىس** ئى. تىغلىق ئەسۋابلارنىڭ ئۆتكۈر قىرى: پىچاقنىڭ بىسى.

**بىغەم** سۈپ. ھېچنىمىنى غەم قىلمايدىغان، غەم يېمەيدىغان، غەم-قايغۇسى يوق، غەمسىز، پەرۋاسىز: ئۇ بىر بىغەم ئادەم ئىدى.
★ ئۇلار بىغەم، باغرى تاش كىشىلەردىن ئىكەن.
مەنىداش سۆزى: پەرۋايى پەلەك، پەرۋاسىز، غەمسىز،

خاتىرجەم.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: غەمكىن، غەمناك، خاتىرجەم.

**بىلىملىك** سۈپ ① بىلىمى بار، بىلىمى، مەلۇماتى يۇقىرى، بىلىمى مول، مەلۇماتلىق: بىلىملىك ئادەم. بىلىملىك ئوقۇتقۇچى. ② بىلىمى چوڭقۇر، بىلىمى مول ئادەم؛ مەلۇماتلىق كىشى: بىلىملىكنىڭ كۆزىدە ئالەم بار، بىلىمسىزنىڭ كۆزىدە مالەم بار (ماقال).
مەنىداش سۆزى: مەلۇماتلىق.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بىلىمسىز، ساۋاتسىز، نادان.

**بىلىنەر-بىلىنمەس** رەۋ. سەل-پەل ياكى ئانچىكى بىلىنىدىغان، ئانچە بىلىنمەيدىغان، دېيەرلىك سېزىلمەيدىغان: بايىقى كىشى قولىدىكى ئۆچۈپ قالغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى، ئۇنىڭ سەرەڭگە تۇتقان قولى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى.
مەنىداش سۆزى: سەل-پەل، ئانچىكى.

**بىمالال** رەۋ ① ئوڭايسىزلىق ھېس قىلماي، تارتىنماي، ئەركىن، بەھۇزۇر: بىمالال سۆزلەش. ② خاتىرجەم: مۇھەممەت دوختۇر بولسا نېمىدېگەن ياخشى-ھە؟ بىمالال كېسەل كۆرسىتىپ داۋالىنىدىغان بولدۇق. ③ توسقۇنسىز، قارشىلىقسىز، قىيىنالماي، ئاسان: پاتەمخان خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن بىمالال پايدىلىنالايتتى. ④ كەملىك قىلماي، تولۇق: بۇ بىر باك ماي ئاپتوموبىلىمىز خوتەنگە بارغۇچە بىمالال يېتىدۇ.
مەنىداش سۆزى: ئەركىن، بەھۇزۇر؛ خاتىرجەم، توسقۇنسىز، قارشىلىقسىز؛ ئاسان؛ تولۇق.

**بىھېساب** سۈپ. ھېسابسىز، ھېسابى يوق، سان-ساناقسىز: ئاسماندىكى بىھېساب يۇلتۇزلار 14 كۈنلۈك تولۇن ئاي ۋە يوللارغا ئورنىتىلغان ئېلېكتر لامپىلىرى يېزا كېچىسىنى ئالتۇن نۇرغا پۈركىگەنىدى.
مەنىداش سۆزى: ھېسابسىز، سان-ساناقسىز، سانسىز، ساناقسىز.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاز، بىرە، چەكلىك.

**بىۋاپا** ① سۈپ. كىشىگە ياخشىلىق قىلمايدىغان، ۋاپا قىلمايدىغان، ۋاپاسىز: بىۋاپا ئادەم. ② سۈپ. ئەھدىنى بۇزىدىغان، ساداقەتسىز: بىۋاپا يار. ③ ئى. كىشىگە ۋاپا قىلمايدىغان، ساداقەتسىز ئادەم؛ ۋاپاسىز كىشى: ئۇنىڭ بىۋاپا ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. ④ سۈپ. ئەسقاتمايدىغان، مەڭگۈلۈك تۇرمايدىغان: بىۋاپا دۇنيا. بىۋاپا زامان.

**مەنىداش سۆزى:** ۋاپاسىز، ساداقەتمەنسىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ۋاپالىق، ساداقەتمەن.

## پ

**پاتىپاراق** رەۋ. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىرەر ئەھۋال تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان جىددىي ھەرىكەت ۋە ھالەت: كارىدورنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي پاتىپاراق ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** قالايمىقان؛ رەتسىز، تەرتىپسىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تەرتىپلىك، رەتلىك.

**پاتىپاراق بولۇش** پاتىپاراق ھالەتكە كېلىش، قالايمىقان ۋە پاراكەندە قىلىنىش: نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ يەر پاتىپاراق بولۇپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** قالايمىقان بولۇش، پاراكەندە بولۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تەرتىپلىك بولۇش.

**پاراشوت** ئى. ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئادەم ياكى نەرسىلەرنى ھاۋا بوشلۇقىدىن يەرگە ئاستا قوندۇرۇش ياكى سەكرەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۈنلۈكسىمان ئەسۋاب.

**پاراشوك** ئى ① تالقان ھالىتىدىكى قاتتىق ماددا: سوپۇن پاراشوكى. ② تالقان قىلىنغان دورا: دوختۇر ماڭا زۇكام پاراشوكىنى بەردى.

**پاراققىدە** رەۋ. پاراق قىلغان ھالدا، پاراق قىلىپ؛ قاتتىق ئاۋازدا، تۇيۇقسىز، بىردىنلا: باللار قوشاقنى ئاڭلاپ پاراققىدە كۈلۈشۈپ

كەتتى. ★ لۈتپۇللانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.
مەنىداش سۆزى: تۇيۇقسىز، بىردىنلا.

**پاراۋان** سۈپ. ھەممە جەھەتتىن تولۇق، يېتەرلىك، كۆپ، مول؛ باياشات: پاراۋان ئائىلە. پاراۋان تۇرمۇش.
مەنىداش سۆزى: مول، باياشات، ئاسايىش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: غورىگىل، چۆپچۈل.

**پاسسىپ** سۈپ ① بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە ئېتىبارسىز قارايدىغان، قىزىقمايدىغان، سۇس: پاسسىپ ئادەم. پاسسىپ ئوقۇغۇچى. پاسسىپ مۇئامىلە. ② توغرا بولمىغان، ناتوغرا، ناچار، سەلبىي: پاسسىپ ئامىل. پاسسىپ ئىدىيە. پاسسىپ قاراش. ★ ئوقۇغۇچىلار تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئالغا يېتەكلەپ، پاسسىپ ئامىلنى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇش لازىم.
مەنىداش سۆزى: سۇس، قىزغىن ئەمەس، ناتوغرا، ناچار، سەلبىي.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاكتىپ، قىزغىن، ئىلغار.

**پاسسىپلىق** ئى. ئېتىبارسىزلىق، سۇسلۇق؛ ناتوغرىلىق، ناچارلىق، سەلبىيلىك: ئوقۇغۇچىلار پاسسىپلىق قىلسا، پەن-مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ياخشى ئۆگىنەلمەيدۇ.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاكتىپلىق، ئىلغارلىق.

**پاسىبان** ئى ① بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى، ئامانلىقىنى، دەخلىسىزلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۆزەتكە، پوستقا قويۇلغان كىشى؛ قاراۋۇل، ساقچى: پادشاھ دەررۇ پاسىبانلىرىنى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ كېرىشكە بۇيرۇپتۇ. ② كۆچمە. ھىمايە قىلغۇچى، مۇھاپىزەت قىلغۇچى، ساقلىغۇچى؛ غەمخور؛ باشپاناھ: — ئازادلىق ئارمىيە بىزنىڭ پاسىبان قوشۇنىمىز ئىدى، — دېدى ئۇ ھەسرەتلەنگەن ھالدا.

**پاكار** سۈپ. ئېگىز ئەمەس، پەس: ئۇنىڭ بويى مەندىن پاكار. ★ قادىرنىڭ بوۋىسى ھاسىنى تۇتۇپ، پاكار سۇپىدا ئولتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**مەنىداش سۆزى:** پەس.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئېگىز؛ يۇكسەك.

**پاكارلاش** پ. پاكار، پەس ھالەتكە كېلىش، پاكارلىشىش، پەسلەش: بۇ ئادەم قېرىغاندا پاكارلاپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** پەسلەش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئېگىزلەش.

**پاي** I ئى. بىرەر تىجارەت ياكى كەسىپنى يولغا قويۇش ئۈچۈن شېرىكچىلىك ئاساسىدا قوشۇلغان ھەسسە؛ ئۈلۈش، دەسمايە: پاي پۇلى. پاي قوشماق.

**پاي** II ① ئى. پۇت، ئاياغ؛ تاپان. ② ئى. بىر جۈپ ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەربىرى: سىگار پاي ئاياغ. ③ مق. نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ؛ دانە، تال: ئون ئىككى پاي ئوق. تۆت پاي قاسقان. ④ ئى. ئاياغ ئىزى كۆپ تەككەن؛ كۆپ دەسسەلگەن يەر ياكى نەرسە: جوۋازنىڭ پىيى.

**پاي** III ئى. بۇغداي، شال، ئارپا قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئورۇلۇپ، باغلانغان ھالىتى: پاي تىكمەك.

**پاي** IV ئى. غەيرەت، چىدام، بەرداش: پاي بەرمەك.

**پايانسىز** سۈپ. پايانى يوق، چېكى يوق، ئىنتايىن كەڭ، بىپايان، چەكسىز؛ كۆز يەتكۈسىز: ئۇلار ماڭا-ماڭا ئاخىرى بىر قومۇشلۇق باياۋانغا چۈشتى،ئۇنىڭ نە بېشىنى، نە ئايغىنى بىلىپ بولمايتتى، ئۇ يەر پايانسىز جاڭگاللىق بولۇپ، سۇدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** بىپايان، چەكسىز، كۆز يەتكۈسىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چەكلىك.

**پەخەس بولۇش** دىققەت قىلىش، ئاگاھ بولۇش، ئېھتىيات قىلىش، ھوشيار بولۇش؛ ئاۋايلاش: — سەن ئەمدى پەخەس بول، بولمىسا ئۇنىڭ قانداق ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى تۇيمايلا قالىسەن،— دېدى مەھمۇت

پەيزۇللاغا.

**مەنداش سۆزى:** دىققەت قىلىش، ئاگاھ بولۇش، ئېھتىيات قىلىش، ھوشيار بولۇش.

**پەخىرلىنىش** پ. ئىپتىخارلىنىش، مەمنۇن بولۇش، ماختىنىش: ئۇ بالا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارلىقلىقىدىن بەكمۇ پەخىرلىنىدۇ.

**مەنداش سۆزى:** ئىپتىخارلىنىش، ماختىنىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خىجىل بولۇش، ئۇيىلىش.

**پەرەز** ئى. بىرەر نەرسە ھەققىدە ئالدىنئالا قىلىنغان تەخمىنىي مۆلاھىزە؛ قىياس: پەرەز قىلىش.

**مەنداش سۆزى:** قىياس، مۆلچەر.

**پەرەز قىلىش** بىرەر نەرسە ھەققىدە گۇمان، قىياس، مۆلچەر، تەخمىن قىلىش: رەسسامدىكى بىرنەچچە خىل قۇشنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بارلىق قۇشلارنىڭ قانداق ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بېقىڭ.

**مەنداش سۆزى:** قىياس قىلىش، تەخمىن قىلىش، مۆلچەر قىلىش.

**پەرۋا** (پەرۋايى) ئى. ئادەم ۋە نەرسىلەرگە بولغان دىققەت-ئېتىبار؛ قىزىقىش، كۆز سېلىش: پەرۋا قىلماسلىق.

**مەنداش سۆزى:** قىزىقىش، دىققەت-ئېتىبار، كۆز سېلىش؛ نەزەر.

**پەرۋا قىلماسلىق** دىققەت ئېتىبارىنى قاراتماسلىق، نەزەر سالماسلىق، پىسەنت قىلماسلىق: شۇ يىللىرى جەڭگە قاتناشقان جەڭچىلەر ئىچىدە سۇلتان دېگەن بىر جەڭچى بولۇپ، ئۇ شۇنداق باتۇر ئىدىكى، دۈشمەنىنىڭ يامغۇردەك ئوقلىرىغا پەرۋا قىلماي دۈشمەن ئىستىھكامىغا ئېتىلاتتى.

**مەنداش سۆزى:** نەزەر سالماسلىق، پىسەنت قىلماسلىق.

**پەرۋاز** ئى. قانات كېرىپ ھەرىكەت قىلىش، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈش؛ ئۇچۇش: پەرۋاز قىلىش. ★ ئاڭلىنىدۇ ئاشۇ خاڭدىن ناخشا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



ئاۋازى، ناخشىكى ئىشچىلارنىڭ هايات پەرۋازى.

**مەنىداش سۆزى:** ئۇچۇش.

**پەرۋاز قىلىش** قانات كېرىپ هەرىكەت قىلىش؛ ئەركىن-ئازادە ئۇچۇش؛ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈش: قىش ئايلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن، قارغىلار كۆكتە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئۇچۇش.

**پەرۋانە** ئى ① بىرخىل هاشاراتنىڭ نامى. ئۇنىڭ قورسىقى قىسقا ۋە توم كېلىدۇ، تەڭگىچىسى بولغان تۆت دانە قانىتى بولىدۇ، كېچىدە هەرىكەت قىلىدۇ. ② مەھلىيا، ئاشىق، مەپتۇن: موماي هۇسەننىڭ تەلپىنى بايان قىلىپ: — قىزىم، سىنىڭ ئىشقىڭدا كۆيگەن يەنە بىر پەرۋانە سىنى ئىزدەپ كەپتۇ، — دەپتۇ.

**پەلەك** ئى ① يەردىن گۈمبەز، قازان شەكلىدە بولۇپ كۆرۈنىدىغان هاۋا بوشلۇقى؛ ئاسمان، كۆك: پەلەككە تۇتىشىش. پەلەككە يېتىش. ② ئالەم، كائىنات، دۇنيا، جاھان، زامان.

**مەنىداش سۆزى:** ئاسمان، كۆك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يەر، زېمىن.

**پەللە** ئى. مۇسابىقىدە يېتىپ بارىدىغان ئاخىرقى نۇقتا، ئاخىرقى مەنزىل: پەللىگە يېتىپ بېرىش. ★ ئۇ ئاخىرى ئوغلاقنى تارتقۇزماي پەللىگە كېلىپ توختىدى.

**پەم** ئى ① ئەقىل، ئىدراك، پاراسەت: پەم بىلەن ئىش قىلماق. ★ هەر ئىشقا پەم كېرەك، ئۆتۈككە چەم كېرەك (ماقال). ② كىشىلەر بىرەر ئىشنى بېجىرىشتە قوللىنىدىغان ئەپ؛ چارە، ئامال: ياسىننىڭ پەمى بار ئىكەن، تىجارەت قىلىشقا باشلىغانغا ئانچە ئۇزاق بولمىدى، ئوبدان بېيىلىپ قالدى. ③ كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىشقا نىسبەتەن قىلغان ئوي، قىياسى، مۆلچەرى: — ئاكا، سىزنىڭ پەمىچە، مۇشۇ كارخانىنى كۆتۈرە ئالساق، كېيىن «ئىيست» دەپ قالامسىزمۇ؟ — دېدى ئابدۇغېنى ئاكىسى ئازادنىڭ چىن كۆڭلىدىكىنى بىلمەكچى بولۇپ. ④ دىققەت، ئېھتىيات: ئالماس مەشرەپنىڭ

قولىدىن تۇتۇپ پەم بىلەن ھويلىغا كىردى ۋە باراقسان ياڭاق دەرىخىنىڭ يېنىغا يوشۇرۇندى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەقىل، ئىدراك، پاراسەت، ئەپ، ئامال، چارە.

**پو ئېتىش** چوڭ گەپ قىلىش، يوغان سۆزلەش، پاختا ئېتىش، مۇبالىغە قىلىش، چوڭ گەپ قىلىپ ماختىنىش: — سەن ئۇنچىۋالا پو ئېتىپ كەتمە! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا. ★ لۇغەت دېگەن ئاغزىدا پو ئاتقانغا پۈتمەيدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** يوغان سۆزلەش، پاختا ئېتىش، مۇبالىغە قىلىش، چوڭ گەپ قىلىش.

**پوچى** ئى. ئىش - ھەرىكەتنى كۆپتۈرۈپ ئېيتقۇچى، مۇبالىغە قىلغۇچى ئادەم ياكى پو ئاتىدىغان، يوغان گەپ قىلىدىغان كىشى: بىزدە پوچىلار خېلى كۆپ.

**مەنىداش سۆزى:** لاپچى، چوڭچى.

**پورەكلەش** پ. غۇنچىلاش، غۇنچىلاپ ئېچىلىش: تەشتەكتىكى گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

**پوست** I ئى. مۇھىم جاي، ئىدارە، ھەربىي قىسىمنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەسكەر، قاراۋۇل، كۆزەتچى: پوستتا تۇرۇش.

**مەنىداش سۆزى:** قاراۋۇل، كۆزەتچى.

**پوست** II ئى. دەل -دەرەخ، مېۋە، دان قاتارلىقلارنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغان قەۋەت: باناننىڭ پوستى.

**پوكان** ئى. ئادەم ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ كۆكرەك قىسمى، كۆكرەك: ھەيدەر پوكىنىنى ئۇستەلگە قويغىنىچە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** كۆكرەك.

**پۇرۇپكا** ئى. بوتۇلكا، شېشە ۋە ئىدىش قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن پۇرۇپكا دەرىخىدىن ياسالغان قاپقاق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياپقۇچ.

**مەنىداش سۆزى:** قاپقاق، ياپقۇچ.

**پۇشايمان** ئى. قىلغان خاتا ئىشلىرىغا ئەپسۇسلىنىش، تووۋا قىلىش، ئۆكۈنۈش؛ ئۆكۈنچ، نادامەت: كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن(ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** ئۆكۈنچ، نادامەت.

**پۇشايمان قىلىش** ئۆز قىلمىشىدىن ئەپسۇسلىنىش، ئۆكۈنۈش، پۇشايمان يېيىش: بۆرە تۇلكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئەپسۇسلىنىش، ئۆكۈنۈش، پۇشايمان يېيىش.

**پۇقراپەرۋەر** سۈپ. پۇقرالارنىڭ تەلەپ-ئېھتىياجىنى، ئارزۇ-مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، پۇقرالارنى ياقلايدىغان، پۇقرا تەلەپلەر: پۇقراپەرۋەر رەھبەر. ★ ئۇ ھەر كۈنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندە تۇپتۇزلا: — ئەي شاھىم، بىرئاز پۇقراپەرۋەر بولساق، — دەپلا كەينىگە ياندىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** خەلقپەرۋەر، پۇقراپەرۋەر، خەلقچىل.

**پىدا** ئى. ① بىرەر شەخس، ئىش ياكى ئىدىيە ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش ياكى بىرنەرسە يولىدا قىممەتلىك بىرنەرسىدىن ۋاز كېچىش: ئانا يۇرتۇم بولسا ئامان، رەڭگىرويىم بولماس سامان. قەلبىم سۆزى شۇكى مېنىڭ — ۋەتەن ئۈچۈن پىدا بۇ جان! ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەنىداش سۆزى:** بېغىشلاش.

**پىداكار** سۈپ. بىرەر شەخس، ئىش - ھەرىكەت ياكى ئىدىيە يولىدا جېنىنى پىدا قىلىدىغان، ئۆزىنى ئاتايدىغان؛ چەكسىز ساداقەتمەن: پىداكار جەڭچى. پىداكار كىشى.

**پىداكارلىق** ئى. ئۆزىنى پىدا قىلىش، چەكسىز ساداقەتمەنلىك: پىداكارلىق روھى. ★ كەلكۈن ئاپىتىدە خەلق ئارمىيىسى پىداكارلىق بىلەن خەلق ئاممىسىنى قۇتقۇزۇش كۈرىشىگە ئاتلاندى.

**پىر** تەق. پىرقىرىغۇچ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئايلىنىشىدىن ۋە قۇشقاچ قاتارلىق كىچىك قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز: بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كىچىك شامال چاقپەلكى پۇتۇپ چىقىدۇ، يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈسە چاقپەلەك پىر قىلىپ چۆرگىلەيدۇ.

**پىرەنىك** ئى. ئاق ئۇنغا ياغ، سۈت، تۇخۇم، ھەسەل ۋە شېكەر قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ يۇغۇرۇلغان خېمىردىن ھەر خىل شەكىلدە تەييارلانغان، دۇخوپكىدا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك.

**پىرت** تەق. سۇيۇقلۇق قاچىلانغان يۇمشاق قاپلىق نەرسىلەرنى ياكى سۇلۇق مېۋىلەرنى قاتتىق سىققاندا سۇيۇقلۇقنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: سۇ ناسوسىدىن پىرت قىلىپ سۇ ئېتىلىپ چىقتى.

**پىلىلداش** پ. پىل-پىل قىلىش، پىل-پىل قىلىپ كۆرۈنۈش: ئاسمان گۈمبىزىدە ئاخىرقى يۇلتۇزلار پىلىلدىماقتا ئىدى. ★ قىز ئۇزاق بىر يەردە پىلىلداپ تۇرغان چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپتۇ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: پارىلداش.

## ت

**تاپىلاش** پ. بىرەر ئىش ياكى بىرەر مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى، بېجىرىلىشى، ساقلىنىشى قاتارلىقلارنى بىركىمگە تاپشۇرۇش؛ جېكىلەش: مەن تۇرپانغا مېڭىشتىن بۇرۇن بالىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈپ تۇرۇشنى بالا باققۇچىغا تاپىلىدىم.

مەنىداش سۆزى: جېكىلەش.

**تارازا** ئى. ئېغىرلىق ئۆلچەش ئەسۋابىنىڭ بىر خىلى.

**تاراش** پ. تارغاق ياكى شۇ خىلدىكى نەرسە بىلەن چاچ، ساقال

www.uyghurkitap.com

ۋە شۇ قاتارلىقنىڭ چىگىگىنى يېيىش، تەكشىلەش: چاچنى دائىم تاراپ تۇرۇشمۇ تەن سالامەتلىكىمىزنى ئاسراشقا ناھايىتى پايدىلىق.

**تازىمۇ** رەۋ ① راسا، ئىنتايىن، ناھايىتى، بەكمۇ: ۋەلى تازىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ، مومىسىنىڭ يۈزلىرىگە سۆيۈپ قويدى. ② توپتوغرا، دەلمۇدەل، ئۇدۇلمۇئۇدۇل: ئۇ چاغ تازىمۇ چۈش ۋاقتى ئىدى.

مەنىداش سۆزى: راسا، ئىنتايىن، ناھايىتى، بەكمۇ؛ توپتوغرا، دەلمۇدەل.

**تاغ قاپتىلى** ئى. تاغنىڭ تۈۋى، تاغ باغرى: كۆكيار تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان بىر مەھەللە بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل ئىكەن.

مەنىداش سۆزى: تاغ تۈۋى، تاغ باغرى.

**تاقابىل تۇرۇش** تەڭ تۇرۇش، تەڭ كېلىش، دەلمۇدەل تۇرۇش: — ئۇ بوكسچىنىڭ بويى ئېگىز، قولى ئۇزۇن ئىكەن، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش خېلى قىيىن جۇمۇ، — دېدى ئەنسىرەپ ھاشىم.

مەنىداش سۆزى: تەڭ تۇرۇش، تەڭ كېلىش.

**تاقەت** ئى. چىداش، چىدام، بەرداش، سەۋر؛ غەيرەت؛ چىداشلىق، بەرداشلىق بېرىش قابىلىيىتى: مېنىڭ ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋېرىشكە تاقىتىم قالمىدى.

مەنىداش سۆزى: چىداش، چىدام، بەرداش، سەۋر.

**تاقەت قىلىش** چىداشلىق بېرىش، بەرداشلىق بېرىش، چىداش، سەۋر قىلىش: ۋاھاپ مۇنداق گەپلەرنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، ئارانلا تاقەت قىلىپ تۇرالىدى.

مەنىداش سۆزى: چىداشلىق بېرىش، بەرداشلىق بېرىش، چىداش، سەۋر قىلىش.

**تاقەتسىزلىنىش** پ. ئالدىراش، بىتاقەت بولۇش: ئۆتكۈر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان چاغدا، رۇقىيە كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ تاقەتسىزلىنەتتى.

مەنىداش سۆزى: بىتاقەت بولۇش.

**تاڭ** I ئى ① كۈن چىقىشنىڭ ئالدىدىكى پەيت، سۇبھى، سەھەر: تاڭ ئاتماق. تاڭ يورۇماق. ② كۆچمە. بىرەر نەرسە ياكى ئىشنىڭ باشلىنىش پەيتى، دەسلەپكى دەۋر: ئازادلىق تېڭى.

مەنىداش سۆزى: سۇبھى، سەھەر.

**تاڭ ئېتىش** ① تۈن ئاخىرلىشىپ، تاڭ يورۇش. ② كۆچمە. كۈلپەتتىن، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش، ئازادلىققا چىقىش؛ يورۇقلۇققا چىقىش.

مەنىداش سۆزى: تاڭ يورۇش.

**تاڭ** II ئىم. جۈملىدە «بىلمەيمەن، خەۋىرىم يوق» دېگەندەك ئېنىقسىزلىق جاۋاب ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنى ئالىم ئاكىسىنىڭ ئاۋازى ئويغىتىۋەتمىگىنىدە، يەنە قاچانغىچە ئۇخلار ئىدىكىن-تاڭ؟! ★ — مەجلىس قاچان ئېچىلىدىكەن؟ — تاڭ، خەۋىرىم يوق.

مەنىداش سۆزى: بىلمەيمەن، خەۋىرىم يوق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كەچ بولۇش، قاراڭغۇ چۈشۈش.

**تاڭ** III رەۋ. «قالماق» ياردەمچى پېئىلى بىلەن كېلىپ بىرەر نەرسىگە قاتتىق ھەيران بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنى كۆرۈپ ھەممىمىز تاڭ قالدۇق.

مەنىداش سۆزى: ھەيران.

**تاڭ** IV تەق. قاتتىق جىسىملارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇشى، سوقۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**تاڭ-تۇڭ** تەق. تاڭ قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**تالاي** ① سۈپ. نۇرغۇن، كۆپ، جىق، تولا: مەن مۇشۇ مەكتەپكە كەلگىلىمۇ تالاي يىللار بولدى. ② رەۋ. نۇرغۇن، جىق، بىرمۇنچە، كۆپ، تولىمۇ، ئۇزاق: ئۇ تېخى ياشقۇ، ئۇن گۇلىدىن بىر گۇلى ئېچىلغىنى يوق. ئۇ تېخى دۇنيادا تالاي ياشىشى، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشى كېرەك.

**مەنداش سۆزى:** نۇرغۇن، كۆپ، جىق، تولا؛ تولىمۇ، بىرمۇنچە، ئۇزاق.

**تالىشىش** پ. بىرەر نەرسىنى باشقىلاردىن تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىش، جاڭجاللىشىش: ئاقساق يول تالىشار، پىخسىق پۇل تالىشار (ماقال). ★ مەن دەرس تەييارلاۋاتقاندا، ئەكبەر قولۇمدىكى قەلەمنى تالاشتى.

**تانا** ئى ① ئومۇمەن پاختا، چىگە، يۇڭ قاتارلىقلاردىن يىپ ئېشىپ قىلىنغان ئىنچىكە ئارغامچا: ئۇ يۇغان كىرلەرنى تالادىكى تانىغا يايدى. ② يىپ ئېگىرىدىغان چاق قانىتىنىڭ ئايلىنىشى ئارقىلىق يىكنى ئايلاندۇرىدىغان ئېشىلگەن بۆز يىپ ياكى كىرىچ.

**تاياقسىمان** سۈپ. تاياققا ئوخشايدىغان، تاياق ھالىتىدىكى: تاياقسىمان نەيچە. تاياقسىمان ماگنىت.

**تەبەسسۇم** ئى. يۈز-كۆز، لەۋ، ئومۇمەن چىرايىنىڭ كۈلۈمسىرىگەن ھالىتى؛ بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈش، كۈلۈمسىرەش: ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى. ★ مەكتەپ ئىچى تولغان شادلىقتا، ھەممە تەقەززا تۇراتتۇق كۈتۈپ. سۆيۈملۈك ئەخمەدجان كەلدىڭىز يوقلاپ، تەبەسسۇم بىلەن بىزلەرگە كۈلۈپ.

**مەنداش سۆزى:** كۈلكە يېغىش، كۈلۈمسىرەش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سوغۇق چىراي، تەلەتتىن مۇز يېغىش.

**تەبىئەت** ئى. ئالەمدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، بارلىق مەۋجۇدات؛ تەبىئەتتىكى يەر، سۇ، تاغ، ئورمان ۋە شۇ قاتارلىق بارلىق شەيئى: تەبىئەت ھادىسلىرى. ★ ئادەممۇ باشقا جانلىقلارغا ئوخشاشلا تەبىئەتنىڭ بىر مېۋىسى. ★ تەبىئەت دۇنياسىدىكى سۇلار ئاساسەن تەبىئىي سۇ رايونلىرىغا تارقالغان بولىدۇ.

**تەتقىق** ئى. ئىنچىكە كۆزىتىپ تەكشۈرۈش، ئىزدىنىش، ئۆگىنىش: تەتقىق قىلىش.

**تەتقىق قىلىش** ئىلمىي ئاساستا تەكشۈرۈش، ئىلمىي ئاساستا

www.uyghurkitap.com

تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، ئىنچىكە كۆزىتىپ تەكشۈرۈش، ئىزدىنىپ ئۆگىنىش: ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار كۆپ ئەمەس.

**تەتقىقات** ئى. ئىلمىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرى، ئۆگىنىش: ئۆسمۈرلۈكتىن ئەۋرىشكە ياسىغاندا، ئۇنى ئۇزۇن مەزگىل ساقلاپ، ئۆگىنىش ياكى تەتقىقاتتا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**تەتىل** ئى. ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇشنى توختىتىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ۋاقىت: تەتىللىك تاپشۇرۇق. ★ مەن ئۇلارغا: — «تەتىلنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتمەڭلار، ۋاقىت غەنىيمەت، ئەڭ ياخشىسى تەتىللىك پىلانىڭلارنى تۈزۈپ چىقىڭلار» ، — دېدىم.

**مەنداش سۆزى:** كانىكول.

**تەجرىبە** ئى ① ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن بىلىم، ئىقتىدار، قابىلىيەت: تۇرمۇش تەجرىبىسى. خىزمەت تەجرىبىسى.
② بىرەر ۋەقە-ھادىسىلەرنى ياكى نەرسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ئېنىقلاش مەقسىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سىناق: بىز تەجرىبە ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىپ كۆرەيلى. ★ تەجرىبە نەتىجىسىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلگە تولدۇرۇڭ.

**مەنداش سۆزى:** سىناق.

**تەجرىبە قىلىش** تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش، سىناپ كۆرۈش.

**مەنداش سۆزى:** سىناپ كۆرۈش.

**تەخىر** ئى. كېچىكتۈرۈش، ساقلاش، ھايال: شاھ پەرمانى ئاتقان ئوق، تەخىرگە ھېچ تەگمۈك يوق. سوكۇلداپتۇ بارچىسى، سەپ ئالدىدا جارچىسى.

**مەنداش سۆزى:** ھايال، كېچىكتۈرۈش، ساقلاش، تاقەت.

**تەخىر قىلىش** ساقلاپ تۇرۇش، كۈتۈش، تاقەت قىلىش: سىز بىلەن مەسلىھەت سېلىشىدىغان ئىش بار، ئاكىڭىز كەلگۈچە بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ.

**مەنداش سۆزى:** ساقلاپ تۇرۇش، كۈتۈش، تاقەت قىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**تەركىب** ئى. بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغۇچى بۆلەكلەر، قىسىملار يىغىندىسى: چىرىندىلەرنىڭ تەركىبىدە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىدە ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلار بولىدۇ.

**تەرلەپ-پىشىپ** رەۋ. تەرگە پېتىپ، قارا تەرگە چۆمۈپ: بىركۈنى، نەسرىدىن ئەپەندى تەرلەپ-پىشىپ بىر پارچە ئېتىزنى سۇغىرىۋاتسا، باي كېلىپ قاپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** تەرگە پېتىپ، قارا تەرگە چۆمۈپ.

**تەسەللى بېرىش** بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىغانلارغا، قىيىن ئەھۋالدا قالغانلارغا ياخشى گەپلەرنى قىلىپ ياكى ماددىي نەرسىلەرنى بېرىپ ھالىغا يېتىش، كۆڭۈل سوراش: ماھنۇرنىڭ ئاپىسى ۋاپات بولغانىكەن، مەن ئۇنىڭغا كۆپ قايغۇرماسلىق، كۆپ قايغۇ ئۇرغاندا سالامەتلىكىگە، ئۆگىنىشىگە تەسىر يېتىدىغانلىقى توغرىلىق تەسەللى بەردىم.

**مەنىداش سۆزى:** كۆڭۈل سوراش، كۆڭۈل ئېيتىش.

**تەسىرات** ئى. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدە پەيدا قىلغان ئىنكاسى، ئالامىتى: ئۇ مەندە ناھايىتى ئوبدان تەسىرات قالدۇردى. ★ ئوقۇغۇچى ھېكايىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆز تەسىراتىنى سۆزلىدى.

**تەسىرلىنىش** پ. تەسىراتقا ئىگە بولۇش، تەسىر ئېلىش؛ ھاياجانلىنىش: ئۇلار مىرغەزەپنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل سوراپ كەلگەنلىكىدىن تەسىرلەندى. ★ تەسىرلەنگەن ھالدا دوستى ئۆمەردىن كۆزنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان پولات نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى.

**مەنىداش سۆزى:** ھاياجانلىنىش، تەسىر ئېلىش.

**تەشنالىق** ئى ① ئۇسسۇزلۇق، چاڭقاقلىق: تەر بىلەن كەلگەن تەشنالىققا داۋا (ماقال). ★ ئۇ قورسىقى ئاچسا، ياۋا گىياھلارنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يەپتۇ، تەشنالىقى قىستىغاندا، يامغۇر سۈيى ئىچىپتۇ. ② موھتاجلىق، ئىنتىزارلىق، تەقەززالىق: ئۇ دەرسكە كىرىپ ئۆزىگە تەشنالىق بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ياش ئەۋلادلارغا زوق بىلەن دەرس سۆزلىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئۇسسۇزلۇق، چاڭقاقلىق؛ ئىنتىزارلىق،

تەققەززالىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بىزارلىق، زېرىكىشلىك.

**تەشۋىش** ئى. كۆڭۈلدە ئەنسىزلىك پەيدا بولۇش، قايغۇ، غەم، ئەندىشە؛ روھىي جەھەتتىكى ئارامسىزلىق: ئاغرىق تەشۋىشكە چۈشۈپ، ئۇنىڭ دادىسىنى ئىبىتىپ بېرىشنى سوراپتۇ. ★ ئۇلار ھەربىر كۈننى تەشۋىش ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

مەنىداش سۆزى: ئەنسىزلىك، قايغۇ، غەم، ئەندىشە.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خۇشاللىق، شادلىق، شادلىنىش.

**تەقەززا بولۇش** ئىنتىزار بولۇش، تەشنا بولۇش، تەلمۈرۈش؛ تەقەززالىنىش: مەن ئۇلارنى كۆرۈشكە تەقەززا بولدۇم. ★ مەن سايدا سۇغا تەقەززا بولدۇم.

مەنىداش سۆزى: ئىنتىزار بولۇش، تەشنا بولۇش، تەلمۈرۈش، تەقەززالىنىش.

**تەقەززالىق** ئى. بىرەر ۋەزىيەت ياكى ھالەتتىن كېلىپ چىقىدىغان تەلەپ، ئېھتىياج، زۆرۈرىيەت، تەشنالىق: لۇتپۇللا ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

مەنىداش سۆزى: تەشنالىق.

**تەقدىر** ئى ① دىنىي چۈشەنچە بويىچە، ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغان، پېشانىگە پۈتۈلگەن كۆرگۈلۈك؛ قىسمەت: تەقدىرگە تەن بەرمەك. ② كېلەچەك، ئاقىۋەت، ئىستىقبال: «سىلەرگىمۇ ئازادلىق كۈنلەر ئاز قالدى، ئۆز تەقدىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار بەلگىلەيدىغان كۈنلەر ئاز قالدى» دەپ ئۇيلايتتى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز ئىچىدە.

**تەقدىم** ئى. بېرىش، ئىنئام، ھەدىيە: تەقدىم قىلىش.

مەنىداش سۆزى: ئىنئام، ھەدىيە، بېرىش.

**تەقدىم قىلىش** ھۆرمەت بىلەن بېرىش، ھەدىيە قىلىش: مەن ئۇستازىمغا ئۆز ئەسىرىمنى تەقدىم قىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**مەنداش سۆزى:** ھەدىيە قىلىش، سوۋغا قىلىش.

**تەكشى** ① سۈپ. ئۈستى، يۈزى ئېگىز-پەس ئەمەس، تۈز: تاغنىڭ ئۈستى تەكشى كەتكەن ئوتلاق ئىدى. ② رەۋ. ئالا قويماي، بىرخىل؛ ئوخشاش ھالەتتە: ئېلېكتىر چىرىغى ھەممە كىشلەرنىڭ چىرايىنى تەكشى يورۇتۇپ تۇراتتى. ③ رەۋ. ئوخشاش، تەڭمۇتەڭ: گۈلزارلىقنىڭ بېنىدىكى ئون نەچچە گەز ئېگىز كېلىدىغان بىر تۈپ تاش ئالمىنىڭ شاخلىرى تەكشى قىرقىلغان، پۈتۈن ھويلا پاكىز، تېپتىنچ ئىدى.

**تەمتىرەش** پ. ھودۇقۇش، ھولۇقۇش، تېنەش؛ نېمە قىلىشنى بىلمەي ساراسىمىگە چۈشۈش، ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمەي ئالدىراپ قىلىش: پادىشاھ: — ئەپەندىم، يەرنىڭ كىندىكى نەدە؟— دەپ سورىغانىكەن، ئەپەندىم تېنمەي، تەمتىرىمەي قولىدىكى تاياق بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئەنە، دەل ئاشۇ ئېشەكىنىڭ ئوڭ پۇتى تۇرغان يەردە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**مەنداش سۆزى:** ھودۇقۇش، ھولۇقۇش، تېنەش.

**تەننەرخ** ئى. مەلۇم بىر خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجەت: تەننەرخى ئۆرە. تەننەرخى تۆۋەن.

**مەنداش سۆزى:** باھا، قىممەت.

**تەيىنلەش** پ. بەلگىلەش، ئورۇنلاشتۇرۇش؛ ۋەزىپىگە قويۇش، مەنسەپكە قويۇش: ئۇلار بىر چوڭ باغنىڭ كۆن چىقىش تەرىپىنى — چۈشتىن كېيىن دەرەخ كۆلەڭگىسى تېز چوڭلايدىغان قۇملۇق يەرنى چېلىش مەيدانى قىلىپ تەيىنلىدى. ★ بىز مىجىتنى سىنىپ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدۇق.

**مەنداش سۆزى:** بەلگىلەش، ۋەزىپىگە قويۇش، مەنسەپكە قويۇش.

**توپا** ئى. چېچىلىدىغان يۇمشاق تۇپراق: يەر يۈزىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۆسەلەيدىغان توپا تۇپراق دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەنداش سۆزى:** تۇپراق.

**توپتوغرا** ① سۈپ. ناھايىتى توغرا، ھېچقانداق خاتاسى يوق:

سىنىپتا مۇئەللىم دەرس سورىسا، بۇلبۇلدەك چاڭىلداپ سايراپ كېتىدۇ، توپتوغرا جاۋابنى ئاڭلىغان ئۇستازنىڭ قەلبى شادلىقدىن يايراپ كېتىدۇ. ★ بۇ ناخشا «ئېپىق» نىڭ قەيسەرلىكىنى توپتوغرا سۈرەتلەپ بېرىدىكەن. ② سۈپ. تولۇق، ھېچقانداق كېمى يوق، دەل: ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىچە، توپتوغرا ئون يىل بىر سىنىپ، بىر پارتىدا ئوقۇدى. ③ رەۋ. بىۋاسىتە، ھېچ يەرگە بۇرۇلماي، ئۇدۇل: بەلكىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىشلىيەلمەيۋاتقاندىمەن. شۇنداقلىقىنى سەزسىڭىز، ماڭا توپتوغرا ئېيتىۋېرىڭ، بۇنىڭغا مەن خاپا بولمايمەن.

**توختام** ① سۈپ. توختاپ قالغان، ئاقمايدىغان: توختام سۇ. ② ئى. ئىككى ياكى بىرقانچە تەرەپ مەلۇم بىر ئىشنى بىرلىكتە ئېلىپ بارغاندا، ھەرقايسىسىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن بېكىتىپ چىقىلغان ھەمدە ئورتاق رىئايە قىلىنىدىغان مەزمۇن ۋە بۇ ھەقتىكى مەجبۇرىيەت: توختامدا تەدبىر كونكرېت، مەسئۇلىيەت ئېنىق بەلگىلەندى.

مەنىداش سۆزى: كېلىشىم.

**توختام تۈزۈش** ئىككى تەرەپ بىرەر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن، ھەر ئىككى تەرەپ ئورتاق رىئايە قىلىدىغان توختامنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ بەلگىلەپ چىقىلغان ماددىلىرى ئۈستىدە كېڭىشىپ يازما كېلىشىم ھاسىل قىلىش.

مەنىداش سۆزى: كېلىشىم تۈزۈش.

**توغۇرلۇق** تىر. توغرىسىدا، ھەققىدە: باللار توپ-توپ بولۇۋېلىپ، تەتىلدە بارغان جايلىرى، قىلغان ئەھمىيەتلىك ئىشلىرى توغۇرلۇق قىزغىن پاراڭلاشتى. ★ ئۇلار نېمىلەر توغۇرلۇق پاراڭلاشتى؟

**توك** I تەق. قاتتىق ۋە كاۋاك نەرسىلەرنى ئۇرۇشتىن چىققان ئاۋاز: بىر تاياق ئۇنىڭ بېشىغا توك قىلىپ تەگدى.

**توك** II ① سۈپ. سوغۇقتىن مۇزلاپ قاتقان، مۇزغا ئايلانغان: توك يەر. ② ئى. يەر، سۇ قاتارلىق نەرسىلەر مۇزلاپ توڭلىغان

www.uyghurkitap.com

ھالەت ۋە مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇق: ئەتىيازدا توڭ كېتىشى بىلەن بىزمۇ كۆچىمىز. ③ سۈپ. كۆچمە. پىشمىغان، تەمگە كىرمىگەن: توڭ ئالما. ④ سۈپ. كۆچمە. قوپال، قاتتىق، كىشىنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان: پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ (ماقال). ⑤ سۈپ. كۆچمە. پوزىتسىيىسى قوپال، خۇش مۇئامىلە قىلمايدىغان: توڭ ئادەم. توڭ بالا. ئادەم توڭ بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ.

**توڭلۇق** ئى. توڭ، قوپال خاراكتېر، قوپاللىق: — مەن ئۇنىڭغا يەنە توڭلۇق بىلەن جاۋاپ قايتۇردۇم، — دېدى سارىخان تۆزلۈك بىلەن.

**مەنىداش سۆزى:** قوپاللىق، قاتتىقلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سىلىق، يۇمشاقلىق.

**تولا** ① سۈپ. سان، مىقدار جەھەتتىن كۆپ، نۇرغۇن، جىق: تولا گەپ. تولا سۆزلەش. ② ئى. مەلۇم بىر سان ياكى مىقدار تەركىبىنىڭ كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغىنى، كۆپ ساندىكىسى: ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى مۇشۇ گۇندىخانىدا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ③ رەۋ. بەك، كۆپ، ناھايىتى، غايەت: — سەن تولا چالۋاقىماي، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئۆزۈڭنى تەكشۈر، — دېدى ھاشىم. ④ رەۋ. ئۇزۇن، ئۇزاق: بۇ كۈنلەردە دادام بەكمۇ ئالدىراش ئىدى. كۈندۈزى كۆرۈشەلمەيتتۇق، ئاخشاملىرىمۇ تولا ساقلاپ، ئاخىرى ئۇخلاپ قالاتتىم.

**مەنىداش سۆزى:** كۆپ، ئاۋۇن، جىق، نۇرغۇن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاز، بىرەە.

**تولىمۇ** رەۋ. ئىنتايىن، ناھايىتى، بەكمۇ: ئۇلار مۇئەللىملىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئىنتايىن، ناھايىتى، بەكمۇ.

**تونىنا** مىق. مىڭ كىلوگىرامغا تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى: بىر تونىنا كۆمۈر. ئىككى تونىنا ئاشلىق. ★ بىر چوڭ پىلنىڭ ئېغىرلىقى 6 تونىنا كېلىدۇ.

**تۆپىراق** ئى. كولاش، چاغلاش، ھەيدەش، چىپىش نەتىجىسىدە،

يەر يۈزىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۆسەلەيدىغان توپا ياكى ئاشۇنداق يەر قاتلىمى: بۇ يۇرتنىڭ تۇپرىقى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. ★ يەر يۈزىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۆسەلەيدىغان توپا تۇپراق دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** توپا.

**تۇتۇش قىلىش** ① بىرەر ئىشنى قىلىشقا باشلاش، بىرەر ئىشقا كىرىشىش، داۋاملاشتۇرۇش: ئۇلار شۇنداق قىلىپ ھورنان ئېتىشكە تۇتۇش قىلىشتى. ② يېيىشكە، ئىچىشكە كىرىشىش، باشلاش: شۇ كۈنى مېھمانلار زوقلىنىپ كاۋاپقا تۇتۇش قىلدى. ★ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ، ئۆز ھۈنەرلىرىگە تۇتۇش قىلىپتۇ.

**تۇچ** ئى. مىس بىلەن قەلەينىڭ ئارىلاشمىسى، رەڭگى سارغۇچ ياكى كۆكۈچ سارغۇچ بولىدۇ، سۇركىلىشكە، چىرىشكە چىدامىلىق، قاتتىق كېلىدۇ، دېتاللارنى قۇيۇش، پىرېسلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇخۇملاش** پ. تۇخۇم تۇغۇش، كاكىلاش: مېكىيان تۇخۇملىدى.

**مەنىداش سۆزى:** تۇغۇش، كاكىلاش.

**تۇخۇملىتىش** پ. تۇخۇم تۇغدۇرۇش، كاكىلىتىش: توخۇنىڭ ئىسسىقلىق مىقدارىنى ئاشۇرۇپ كۆپ تۇخۇملىتىش ئۈچۈن، يەنە سەۋزە ۋە ئۇۋاق لازىدىن ئازراق بەرسىمۇ بولىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** كاكىلىتىش، تۇخۇم تۇغدۇرۇش.

**تۇنجى** سۈپ. دەسلەپكى، بالدۇرقى، ئاۋۋالقى، بىرىنچى، بىرىنچى قېتىمقى: تۇنجى بالا. تۇنجى موزاي. تۇنجى كۈنى. ★ شەۋكەت ئۇلارنىڭ تۇنجى ئوغلى. ★ مانا بۇگۈن تۇنجى قېتىملىق گۇرۇپپا يىغىنى بولۇپ ئۆتتى.

**مەنىداش سۆزى:** دەسلەپكى، بالدۇرقى، ئاۋۋالقى، بىرىنچى قېتىمقى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كېيىنكى، كېيىنكىسى، ئاخىرقى؛ كەنجى، كەنجىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**تۇياق** ئى. ① بەزى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئاياغلىرىنىڭ ئۇچىدىكى مۈڭگۈزسىمان قىسمى: ئاچا تۇياق. توم تۇياق. ★ ئادەم قولاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن (ماقال). ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ «دانە»، «باش» دېگەن مەنىدە مىقدار سۆز بولۇپ كېلىدۇ: بىر تۇياق كالا. بىر تۇياق ئات.

**تۆشۈكچە** ئى. كىچىك تۆشۈك: كىتابنىڭ خېتى بار بەتلىرى يىرتىلىپ تۆشۈكچە بولۇپ قالسا، ئۇنى ئاق قەغەز بىلەن چاپلاپ تۈزەپ قويۇش لازىم.

**تۆمۈر** ئى ① كۈل رەڭ ياكى ئاقۇچ كۈمۈش رەڭ، سوزۇلۇشچان مېتال ئېلېمېنت. سانائەتتە قارا رەڭلىك مېتال دەپ ئاتىلىدۇ. پولات تاۋلاشنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى، شۇنداقلا ھاياتلىقلار تېنىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ماددا: تۆمۈر جازا. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى: تۆمۈر ئاخۇن ئاكا.

**تۆمۈر-تەرسەك** ئى. ئىشلىتىلمەيدىغان، بۇزۇلغان، تۆمۈر سايمانلار ۋە ھەر خىل مېتاللار، تۆمۈرلەر: تۆمۈر-تەرسەك يىغىش.

**تۆمۈر-تەرسەكچى** ئى. كونا تۆمۈر-تەرسەكلەرنى يىغقۇچى ۋە ئۇلارنى ئېلىپ ساتقۇچى ئادەم.

**تۈپەيلى** تىر. سەۋەبلىك، سەۋەبى بىلەن، ئارقىسىدا: مۇئەللىمنىڭ دەرس ئۆتۈش مېتودى ياخشى بولۇش تۈپەيلى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسمۇ ئالاھىدە ياخشى بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** سەۋەبلىك، ئارقىسىدا، سەۋەبىدىن، تۈپەيلىدىن.

**تۈپەيلىدىن** تىر. تۈپەيلى، سەۋەبلىك، سەۋەبى بىلەن: ئاپتوبۇستا ئادەم كۆپ، قىستاڭچىلىق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئادەملەرنىڭ ئۇيان-بۇيان بولۇشمۇ قىيىن ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** تۈپەيلى، سەۋەبىدىن، سەۋەبلىك.

**تۈتۈ** ئىم. توخۇلارنى چاقىرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: توخۇلارنى

«تۇتۇ» دەپ چاقىرىدىغان بولساق، توخۇلار دەرھال ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

**تۇس** ئى. رەڭ بوياقلىرىنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئايرىم تۈرى؛ رەڭ.

**مەنىداش سۆزى:** رەڭ.

**تۇڭلۇك** ئى. كۈن نۇرى چۈشۈش ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆينىڭ تورۇسىدىن ئېچىلغان تۆشۈك: بىرىم كېچە بولغاندا ئانىسى بىلەن قىز ئىشىك، تۆڭلۈكنى ئېتىپ ساندۇقنى ئېچىپتۇ.

**تۇڭلۇكلۇك** سۈپ. تۇڭلۇكى بار، تۇڭلۇكى ئېچىلغان: تۇڭلۇكلۇك ئۆي.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تۇڭلۇكسىز.

**تۇلكە** ① ئى. سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، تېنى بىرئاز بۆرىگە ئوخشايدۇ، تۇمشۇقى ئۇزۇن، قۇلىقى ئۈچ بۇرجەك، قۇيرۇقى يۇمشاق ۋە ئۇزۇن بولىدۇ. تۈكلىرى قىزىل سېرىق بولىدۇ. قۇۋ كېلىدۇ، كۆپرەك كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ، چاشقان ۋە ئۆي قۇشلىرىنى يەيدۇ. ② سۈپ. كۆچمە. قۇۋ، ھىيلىگەر ئادەم؛ مەككار، ئالدامچى كىشى: ئۇنى كىم بىلمەيدۇ، ئۇ بىر تۈلكە. ★ ئۇ بولسا گېپى يۇمشاق بىر قېرى تۈلكە.

**تۇلكىلىك** سۈپ. ھىيلىگەرلىك، مەككارلىق، قۇۋلۇق: سەن تولا تۈلكىلىك قىلما!

**مەنىداش سۆزى:** ھىيلىگەرلىك، مەككارلىق، قۇۋلۇق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ساددىلىق.

**تۇمەن** ① سان. ئون مىڭ: مەخمۇتجان ئۆي سېلىشقا بىر تۈمەن پۇل تەييارلىدى. ② سۈپ. ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن: سىنىڭ دەردىڭدە ئاۋارە، يۈرەك-باغرىم تۈمەن پارە.

**مەنىداش سۆزى:** ئون مىڭ؛ نۇرغۇن.

**تۇمەنلەپ** رەۋ. نەچچە-نەچچە تۇمەنگە يەتكەن، ھەربىر بۆلىكى بىر تۇمەن بولغان، ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى نۇرغۇن: بۇ ئوتلاقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىسى



تومەنلەپ چارۋا بېقىلىدۇ.

**تۈنەش** پ ① مەلۇم بىر جايدا كېچىنى ئۆتكۈزۈش، قونۇپ قېلىش: ئۇلار ئورمانلاردا تۈنەپ، گاھ ئاۋۇللاردا ياتاتتى. ② مەلۇم پائالىيەت بىلەن كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈش: بىز كېچىچە مۇشۇ ئۆيدە تۈنەيمىز.

**تۈنلەپ** رەۋ. تۈن بويى، پۈتۈن تۈن: ئاپام ئىنىمنىڭ دەردىدە تۈنلەپ يىغلاپ چىقاتتى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كۈنلەپ، كۈن بويى.

**تۈنىكە** ئى. نېپىز تاختا تۆمۈر، قەلەي، قاڭالتىر: مەن سانائەت-قاتناش بۆلۈمىگە كىرىپ، قارا تۈنىكە ھەل قىلىپ چىقاي.

**مەنىداش سۆزى:** قەلەي، قاڭالتىر.

**تېتىك** سۈپ. شوخ، جانلىق، چاققان، جۇشقۇن، روھلۇق: ئۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى خۇشال ھەم تېتىك كۆرۈنەتتى. ★ بۆلۈم ئەزالىرى جانلىق، تېتىك، مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** شوخ، جانلىق، چاققان، جۇشقۇن، روھلۇق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئېزىلەڭگۈ، لاي، لايغەزەل، ھۇرۇن، بوشاڭ، لۆم-لۆم.

**تېجەش** پ. ئاياش، پىلانلىق ۋە رەتلىك ئىشلىتىش؛ رەتلىك، ئۆز جايىدا، ئاياپ ئىشلىتىش، ئىقتىساد قىلىش: پۇلنى تېجەش.

**مەنىداش سۆزى:** ئاياش، ئۆز جايىدا ئىشلىتىش، ئىقتىساد قىلىش.

**تېزىس** ئى. يازماقچى بولغان ئىلمىي ئەسەر، ماقالە؛ سۆزلىمەكچى بولغان دوكلات ياكى نۇتۇق قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى: ئۇ بىرنەچچە ۋاراق قەغەزگە يېزىلغان تېزىس بويىچە، سۇلتاننىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى بىر-بىرلەپ ئوقۇپ چىقتى.

**تېگىشلىك** سۈپ ① مەلۇم بىر تەرەپكە مۇۋاپىق، لايىق، ماس كېلىدىغان: ئۈنىڭغا ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق تېگىشلىك جاۋابلار بېرىلدى.

② زۆرۈر بولغان، لازىم بولغان: بۇ ئورۇن قەتئىي ئىشغال قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم جاي ئىدى. ③ تەۋە، تەئەللۇق: مەنمۇ ئۆزۈمگە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئەكەتتىم. ④ مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار: ئۇ ئەكەلگەن نەرسىلەرنى تېگىشلىك جايلىرىغا قويۇپ بولۇپ، ھامالغا ئىككى تىللا بېرىپتۇ. ⑤ بەلگىلىك، مۇئەييەن: تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم. ⑥ تەقسىم بولغان، بۆلۈنگەن: ئاسىم دەرس ئۇستىدە شىرەلەرنى ئاربىلاپ يۈرۈپ، بىر بالىنىڭ شىرەنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك قىسمىنىڭ ئۇستىنى «قارا» بويىۋالغانلىقىنى كۆردى.

**تېلېفون** ئى. توكتىن پايدىلىنىپ، ئىككى جايدىكى كىشىلەرنى ئۆز ئارا سۆزلەشتۇرىدىغان قۇرۇلما. ئاساسەن سۆز تارقاتقۇچ، سۆز قوبۇللىغۇچ ۋە ئۆتكۈزگۈچ سىمدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

**تېلېفون بېرىش** تېلېفون بىلەن ئالاقە قىلىش، تېلېفون ئارقىلىق ئىزدەش.

مەنىداش سۆزى: تېلېفون قىلىش، تېلېفون سوقۇش، تېلېفون ئۇرۇش.

**تېلېفون قىلىش** تېلېفون بېرىش، تېلېفون سوقۇش، تېلېفون بىلەن ئالاقە قىلىش.

مەنىداش سۆزى: تېلېفون سوقۇش، تېلېفون ئۇرۇش، تېلېفون بېرىش.

**تېلېفون ئۇرۇش** تېلېفون ئارقىلىق قارشى تەرەپكە خەۋەر بېرىش؛ قارشى تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىش، گەپلىشىش.

مەنىداش سۆزى: تېلېفون سوقۇش، تېلېفون قىلىش، تېلېفون بېرىش.

**تېلېگراف** ئى. تېلېفون، تېلېگرامما ياكى رادىئو ئۇسكۇنىلىرىدىن پايدىلىنىپ مەخسۇس خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئالاقە ۋاسىتىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**تېلېگراما** ئى ① شىفىر ئارقىلىق يېزىق، سۈرەت، گرافىكنى يەتكۈزۈش ئۇسۇلى. ئۇنىڭ سىمسىز تېلېگراف ۋە سىملىق تېلېگراف دېگەن تۈرى بار. ② تېلېگراما ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان، خەۋەر يېزىلىدىغان قەغەز: تېلېگراما تاپشۇرۇۋالاق.

**تېماتىكا** ئى. تاللاپ ئېلىنغان ۋە ئىشلەنگەن ياكى ئىشلىنىدىغان تېمىلار يىغىندىسى.

**تېماتىكىلىق** سۈپ. مەلۇم تېما ئاساسىدىكى، مەلۇم تېمىدا تەييارلانغان: تېماتىكىلىق پىلان.

**تېمپېراتۇرا** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلۇق دەرىجىسى: ئۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى نورمال.

**تېۋىپ** ئى. تومۇر تۇتۇپ بىمارلارنى تەكشۈرىدىغان، ئۆزگە خاس دورىلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى بولغان تېببىي خادىم، دوختۇر، مىللىي تېبابەت دوختۇرى.

مەنىداش سۆزى: دوختۇر، ئەمچى.

**تېۋىپلىق** ئى. تومۇر تۇتۇپ بىمارلارنى تەكشۈرۈپ داۋالايدىغان مىللىي دوختۇرلۇق، مىللىي تېبابەت دوختۇرلۇقى: ئۇ بىر تەرەپتىن تېۋىپلىق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تەتقىق قىلغانىدى.

مەنىداش سۆزى: دوختۇرلۇق.

**تىت-تىت** ئى. كىشى كەيپىياتىنىڭ دىققەتتە بولۇش، تاقەتسىزلىنىش ھالىتى: ۋاھاپنىڭ ئىچى سەبدىشى ئۈچۈن تىت-تىت ئىدى.

**تىت-تىت بولۇش** مەلۇم بىر ئىش تۈپەيلى دىققەتتە بولۇش، تاقەتسىزلىنىش، ئىچى پۇشۇش، جىله بولۇش، جىددىيلىشىش: لېكىن ئۇلارغا گەپ ئاشمىغاچقا، ئىلاجسىز سۈكۈتتە ئولتۇراتتى، بۇنىڭدىن لۇتپۇللامۇ تازا تىت-تىت بولدى.

مەنىداش سۆزى: تاقەتسىزلىنىش، ئىچى پۇشۇش، جىله

بولۇش.

**تىركىشىش** پ. قارشىلىق كۆرسىتىش، قارشىلىشىش، ئېلىشىش: ئىشىنمەنكى، خەلق جەزمەن تىركىشىدۇ، غوۋغا چىقىدىغانلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

مەنىداش سۆزى: قارشىلىشىش، ئېلىشىش.

**تىك تۈت بۇلۇڭ** ئى. ئىككى تۈز سىزىق ياكى ئىككى تەكشىلىك تىك ھالدا كېسىشكەندە ھاسىل بولغان بۇلۇڭ. تىك بۇلۇڭ 90 گرادۇس بولىدۇ.

**تىل** ئى ① تېتىش، چايناش، تەلەپپۇز قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئەزا. ئۇ ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئاستى قىسمىدا بولۇپ، ئۇنىڭ تۈۋى قىسمى ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئاستىغا تۇتاشقان: كۆكۈلنىڭ ئىزھارى ئۈچۈن ئەلا تىل، ھەق سۆزلە يالغاننىڭ نىقابىنى تىل. ۋىجداننى سېتىپ يەپ ياشىماق نومۇش، مەيلى راست گەپ ئۈچۈن كېسىلسىمۇ تىل. ② ھايۋانلارنىڭ ئېغىزىدىكى گۆش ئورنىدا يېپىلىدىغان ئاشۇنداق ئەزاسى: ئانام بىزگە كىچىكىمىزدە «قۇنىڭ تىلىنى يېسەڭلار تىلىڭلار راۋان بولىدۇ» دەيتتى. ③ ئىنساننىڭ ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گەپ-سۆزى، زۇۋان: گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى ئۇقار (ماقال). ★ دىلى بىرنىڭ تىلى بىر (ماقال). ④ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى ۋە بىر-بىرىنى چۈشىنىش قورالى. ئۇ — تىل تاۋۇشى، لۇغەت تەركىبى ۋە گراماتىكىدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن سىستېما: ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇتىلى ⑤ نۇتۇقنىڭ ئۆزىگە خاس ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن تۈرى، ئۇسلۇبى: كىيىم-كېچەكتە ئەر-ئاياللارنىڭ چوڭ-كىچىكنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئۇسخىسى بولغىنىدەك، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بولىدۇ. ★ ناۋاينىڭ قولى تۇتقان قەلەمدۇر، ئۇنىڭ ھەربىر تىلى بىر ئىشىق-ئەلەمدۇر. ⑥ ئاغزاكى مەلۇمات، پاكىت: مەنسۇرنىڭ ھېلىقى ماتېرىيالى ياخشى رەتلەنگەنغۇ-ھە، چەت ئەلنىڭ خېتى، گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسپات ماتېرىياللىرى — مانا بۇلار بىزنىڭ تىلىمىز!

www.uyghurkitap.com

★ ئاۋۋال ئاۋۇ ئىككى مەخلۇقنى جايلايلى، بىرەر «تىل»نى قولغا چۈشۈرۈپ، قانچىلىك ئەسكەر بارلىقىنى ئېنىقلايلى ⑦ كۆچمە. باشقىلارنى ھاقارەتلەپ قىلىنغان سۆز، ئاھانەت: تۆتەيلەن تىلنىڭ دەستىدىن بىر-بىرىگە قارشىپ قالدى. ⑧ كۆچمە. بىرەر ئەسۋابنىڭ ئېسىلىپ ياكى ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئۇچلۇق قىسمى: ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز مۇنارغا ئورنىتىلغان سائەتنىڭ تىلى دەل ئوننى كۆرسەتكەنىدى. ⑨ مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس پىكىر قىلىش، سۆزلەش ئادىتى: دېھقانلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ تېرىمىي ئورمەن دېگەنلىكتۇر. ⑩ بىرەر نەرسە، كەسىپ، ئىشنىڭ ماھىيىتى، سىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋاستە، ئۇسۇل، چارە: تۆرىخان ئاكام يالغۇز، ئۇنىڭ ئۇستىگە سوقىنىڭ تىلىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا قارىشىپ بېرەي دېدىم، قانداق؟ ★ ئۇ ستانوكنىڭ تىلىنى بىلىدۇ. ⑪ قارماقنىڭ ئۇچىغا قارىمۇقارشى چىقارغان ئىلمىكى: قارماقنىڭ تىلى چىقىرىلمىغاچقا، ئىلىنگەن بېلىق يەنە قېچىپ كەتتى. ⑫ ئاككاردىيون، پىئانىنو ۋە باشقىلار ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قولدا بېسىش ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان كىچىك كۇنۇپكا: ئاككاردىيوننىڭ تىلى. ⑬ ئاككاردىيون، ئېغىز گارمونى قاتارلىقلارنىڭ تىترەش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىدىغان دېتالى.

**تىلى پىششىق** سۈپ. راۋان، مەزمۇنلۇق، ئوقۇملۇق سۆزلەيدىغان: تىلى پىششىق بالا.

**تىلى تاتلىق** سۈپ. كۆڭۈلگە ياققۇدەك، يېقىملىق گەپ قىلىدىغان، گېپى يۇمشاق: تىلى تاتلىق قىز. ★ — رەھمەت قىزىم، سىزنى مۇشۇنداق تىلى تاتلىق، دىلى پاك، مېھرى ئىسسىق چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىڭىزغا رەھمەت، — دېدى موماي قىزنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

مەنىداش سۆزى: گېپى يۇمشاق.

**تىل-ئەدەبىيات** ئى. تىل ۋە ئەدەبىيات: ئۇنى تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇۋېدىكەن دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟

**تىلەم** ئى. بىرەر ئېھتىياج بىلەن تىلەپ، سوراپ ئېلىنغان نەرسە: تىلەمگە بەرمەك. تىلەمگە ئالماق. تىلەمگە ئالغان نەرسىلەر.

**تىلەمچى** ئى. كىشىلەردىن بىرەر نەرسە تىلەپ تىرىكچىلىك قىلغۇچى كىشى.

مەنىداش سۆزى: دىۋانە، قەلەندەر، ئابدال.

**تىل-تاياق** ئى. تىللاش ۋە ئۇرۇش بىلەن قىلىنغان خورلۇق: تىل-تاياق ئاستىغا ئېلىنماق.

**تىلچى** ئى ①مەلۇم تىل بىلىملىرىدىن خەۋىرى بار كىشى، تىلشۇناس. ②خەۋەر، ئاخبارات يەتكۈزگۈچى. ③داۋاملىق باشقىلارنى تىللاشنى ئادەت قىلغان كىشى: قاسىمباينىڭ خوتۇنى بىر تىلچى خوتۇن، شۇڭا قاپىقىدىن كۆك ئاجرىمايدۇ.

**تىلخەت** ئى. قەرز، زىممىسىگە ئالغان مەجبۇرىيەت، ۋەدىلەر ھەققىدە جاۋابكار شەخس تەرىپىدىن ئىمزا قويۇپ ياكى تامغا بېسىپ بېرىلگەن ھۆججەت: تىلخەت بەرمەك.

**تىلداش** ئى. بىر تىلدا سۆزلەيدىغان، مەلۇم ئورتاق تىلغا ئىگە كىشىلەر.

**تىمەن** سۈپ. ساغلام، كۈچلۈك، تەمكىن، مەزمۇت، تېتىك (قېرىلار ھەققىدە): مېنىڭ بوۋام 70 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تىمەن، يەنىلا ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا قارىشىدۇ.

**تىنتىش** پ. ئىزدەش، ئاختۇرۇش، پايلاش، تىڭ - تىڭلاپ ئىزدەش: بۇلاڭچىلارنى تۇتۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ساقچىلار ھەممە يەرنى تىنتىشكە باشلىدى.

**تىيىن** I ئى ① ئۇن داچەن قىممىتىگە ئىگە چوڭ مىس پۇل، تومپۇر. ② بىر سومنىڭ يۈزدىن بىرى، سىنت.

**تىيىن** II ئى. سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. سىرتقى شەكلى چاشقانغا ئوخشايدۇ، تېنى چاشقاندىن سەل چوڭراق كېلىدۇ؛ قۇيرۇقى ئالاھىدە چوڭ بولۇپ، چېچىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئادەتتە قارىغايلىقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش تورى www.uyghurkitap.com



# ج

**جادۇگەر** ① ئى. جادۇ قىلغۇچى، سېھىرگەر، ئەپسۇنچى. ② سۈپ. قۇۋ، ھىيلىگەر، مەككار. ③ ئى. قۇۋ، ھىيلىگەر ئادەم، زالىم كىشى، ھىيلىگەر، ئالدامچى، مەككار.

مەنىداش سۆزى: ئەپسۇنچى، جادۇ قىلغۇچى.

**جازانىخور** سۈپ. باشقىلارغا جازانىگە نەرسە-كېرەك بېرىدىغان ۋە بۇنىڭغا ئادەتلەنگەن: جازانىخور ئادەم. جازانىخور ئەمەلدار.

**جاڭگال** ئى ① يۇلغۇن، سۆكسۆك، يانتاق، كۆرۈك، توغراق قاتارلىقلار ئۆسىدىغان، ئادەم ياشىمايدىغان جاي: جاڭگالدا ھاڭرىغان ئېشەك شەھەردە ھاڭرىبالماپتۇ(ماقال). ★ موماي قىزىل ساندۇقنى ئېلىپ چۈشكىن دەپتۇ. ئۆزى جاڭگالغا كىرىپ كېتىپتۇ. ② جاڭگالدا ئۆسىدىغان يۇلغۇن، سۆكسۆك، يانتاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر: بۇ يەرنىڭ جاڭگىلى شالاڭ ئىكەن، ئوتۇننى جاڭگىلى قويۇقراق يەردىن ئالايلى.

**جاڭگاللىق** ئى. يۇلغۇن، سۆكسۆك، يانتاق، كۆرۈك ۋە توغراق قاتارلىقلار ئۆسكەن جاي: موماي جاڭگاللىقتىن سېرىق ئات قوشۇلغان بىر ھارۋىنى يېتىلەپ چىقىپتۇ-دە، قىزنى ئۇنىڭغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

**جان-جەھلى** ئى. ماددىي ۋە مەنىۋى تىرىشچانلىق: جان-جەھلى بىلەن ئۆگىنىش. جان-جەھلى بىلەن ئىشلەش.

**جان-دىل** ئى. جان ۋە دىل، چىن نىيەت، چىن دىل، چىن كۆڭۈل، ئىچى-ئىچىدىن: جان-دىل بىلەن ئۆگىنىش. جان-دىل بىلەن ئىشلەش.

مەنىداش سۆزى: چىن دىل، چىن كۆڭۈل.

**جانلىنىش** پ. جانلىق ھالەتكە كىرىش، جانلىق بولۇش، جۇشقۇنلىنىش، تېتىكلىشىش: بايرام كۈنى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ

ئوقۇغۇچىلار جانلىنىپ كەتتى.

**جاھاز** ئى. قۇراشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان ئائىلە ئۇسكۇنە-جابدۇق- لىرى، ئۆي جابدۇقلىرى، ئۆي سايمانلىرى: مۇئەللىمنىڭ ئۆيى گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن، ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن جاھازلار تىزىلغان ئۆي ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** جابدۇق، ئۇسكۇنە، سايمان.

**جاھالەت** ئى ① ئىلىم-مەرىپەتتىن مەھرۇم بولغان ھالەت، ئىلىم-پەندىن بەھرە ئالالمىغان ئەھۋال، نادانلىق، قالاقلىق: ئۇيغۇرلار ئەسىرلەر بويى ئۇخلاپ تۆگىتەلمىگەن جاھالەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغانىدى. ② قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت: ئۇ چاغلار جاھانىنى جاھالەت باسقان چاغلار ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** نادانلىق، قالاقلىق، قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئادالەت، يورۇقلۇق، نۇسرەت.

**جەدۋەل** ئى. لازىملىق مەلۇماتلار مەلۇم تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىزىق ۋە گرافىلار: تەجرىبە نەتىجىسىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلگە تولدۇرۇڭ. ★ جەدۋەل تولدۇرۇش ئانچە قىيىن ئەمەس.

**جەڭگىۋار** سۈپ. جەڭ ۋە كۈرەش قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان، كۈرەش قىلغۇچى، كۈرەشكە قاتناشقۇچى، كۈرەشچان، باتۇر: جەڭگىۋار ئەسكەر. جەڭگىۋار قىسىم. جەڭگىۋار قوشۇن.

**جەۋھەر** ئى ① قىممەت باھا تاشلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ② كۆچمە. بىرەر شەيئىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، مېغىزى، يادروسى. ③ كۆچمە. مەلۇم بىر ئىش ياكى مەسىلىنىڭ ئاساسلىق، ئەھمىيەتلىك قىسمى: بىز يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئارىسىدىكى مول سەنئەت جەۋھەرلىرىنى توپلاپ ئۆگەندۇق. ④ كۆچمە. مەلۇم ئەجىر، تىرىشچانلىقنىڭ مېۋىسى، نەتىجىسى: دىلنۇر ھەدىيە قىلغان خاتىرە دەپتەر بېنىمدىن ئايرىلمايدىغان ئەڭ يېقىن ھەمراھىمغا ئايلانغان بولۇپ، تەپەككۇرۇمنىڭ ئەڭ ئېسىل جەۋھەرلىرى ئۇنىڭ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالماقتا ئىدى.

**جوغا** ئى. ئاپتۇۋا، چەينەك ۋە چۆگۈنلەرنىڭ سۇنى سىرىتقا

www.uyghurkitap.com

چىقىرىدىغان ئېغىزى: نېمە ئۈچۈن ھەممە چەينەك جوغلىرىنىڭ ئېغىزى مۇشۇنداق بولىدۇ؟

**جوزا** ئى. ئۈستى تۈز، ئاستى تۆت بۇرجەككە تۆت پۇت ئورنىتىلغان، ياغاچ ۋە تۆمۈر قاتارلىقلاردىن ياسالغان ئۆي جابدۇقى؛ شىرە.

مەنىداش سۆزى: شىرە، ئۈستەل.

**جۇدۇن** ئى ① سوغۇق ھاۋا ئېقىمى، بوران-چاپقۇن: ماي ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى. قارلار تېخى ئېرىمىگەن بولۇپ، سوغۇق شامال پات-پاتلا جۇدۇنغا ئايلىناتتى. ② ئاچچىق غەزەپ: مەن باقىغا جاۋاب بەرگۈچە، بەك جۇدۇن بىلەن سۆزلىگىلى تۇردى. ③ ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى توسالغۇ، قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىقتا تولغان ۋاقىت، بوران-چاپقۇن:

— سىز بىلەن بىز جۇدۇندا تېپىشقانلار تۇرۇپ، ئىللىق باھاردا تەتۈر قارىشىمىزمۇ؟

— دېدى سۇنۇر ھاياجان بىلەن.

**جۇلۇق** ئى. كونىراپ جۇل-جۇل بولۇپ كېتىش: جۇلۇقى چىقىش.

**جۇلۇقى چىقىش** يىرتىلىپ جۇل-جۇل بولۇش، ئەبجىقى چىقىش: بۇ ھارۋىنىڭ جۇلۇقى چىقىپ كېتىپتۇ. ★ بالىنىڭ كىيىمىنى ياماشنىڭ ھاجىتى قالماپتۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن جۇلۇقى چىقىپ كېتىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ئەبجىقى چىقىش، ۋەتۆۋەرىكى چىقىش، كونىراش.

**جۈمەك** ئى. تۈرلۈك ئەسۋابلار ياكى سۇ تۇرۇبىلىرىنىڭ سۇ چۈشۈرىدىغان ئېغىزى: ئاخىرقى قېتىمدا يازلىق بەسەينى جۈمەككە تۇتۇپ پاكىز بولۇپ كەتكىچە چايقىۋەتسەكمۇ بولىدۇ.

**جىرغا** ئى. ئارغامچا ياكى پالاس قاتارلىقلارنى پاراللېل ئىككى تال ئۇزۇن ياغاچقا ئورنىتىپ ياسالغان نوسىلكا: ئامانقۇل بىر نەچچەيلەن بىلەن تۆت تال توقۇز ئاتارنى جۈپلەپ، جىرغا ياسىدى، نىياز پالۋاننىڭ جەسىتىنى شۇ جىرغىغا سېلىپ، پىيادە قايتىشتى. ★ ياساپ ئىككى ئېشەك ئۈستىگە جىرغا، سېلىپ سەئىدىنى چۈشتى ئۇلار يولغا.

**جىلد** ئى ① بىرنەچچە كىتابتىن ئىبارەت ئەسەر، مۇقاۋىلانغان ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر ئايرىم كىتابى، توم. ②مۇقاۋا، قاپ، تاش.

**جىلۋە قىلىش** ① گۈزەل، نازاكەتلىك ھەرىكەت ھالىتىدە كۆرۈنۈش: شاھنىڭ قولىدىكى گۈل ملك ياڭزا جىلۋە قىلارمىش. ② ئەكس ئېتىش، يالتىراش، نۇرلىنىش، چاقناش، جىلۋىلىنىش: تەرەپ-تەرەپتىن ماختاش سادالىرى ئىچىدە، شەۋكەتنىڭ ۋۇجۇدى يايراپ، كۆزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

**جىسمانىي** سۈپ. كىشىنىڭ جىسمى، ۋۇجۇدى ۋە ئورگانىزمغا ئائىت، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە باغلىق بولغان: جىسمانىي ئەمگەك. ★ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاق ئىنساننىڭ جىسمانىي ئەيىبلىرىنىمۇ ياپىدۇ.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئەقلىي.

**جىسىم (جىسمى)** ئى ①مەلۇم بوشلۇقنى ئىگىلەپ، ئىشغال قىلىپ تۇرغان ماددا: سانسىز يۇلتۇزلاردىن تەركىب تاپقان ئاسمان جىسىملىرىمۇ مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. ★ بۇ قاچىلارنىڭ بوشلۇقنى قانداق جىسىم ئىگىلىگەن؟ ② تەن، ۋۇجۇد، بەدەن: ئىسمى بار، جىسمى يوق(ماقال).

**جىلۋە قىلىش** رەڭگارەڭ تاۋلىنىش، يالتىراش، چاقناش، ئەكس ئېتىش، جىلۋىلىنىش، نۇرلىنىش: ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىكىدىن خۇشال بولغان ئاكامنىڭ كۆزلىرىدە ھەر ۋاقىت خۇشاللىق جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

**جىمجىت** ① سۈپ. تىپتىنچ، تىمتاس، ۋاراڭ-چۇرۇڭسىز: ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلار پات-پات ھاۋالىق جاي ۋە جىمجىت مۇھىتتا دەم ئېلىشى لازىم.
② رەۋ. ئاۋاز چىقارماي، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماي، تىپتىنچ: ئۇلار بىرىم سائەت جىمجىت مېڭىشقاندىن كېيىن، تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتتىق بىر تىنىدى.
③ رەۋ. ھەرىكەتسىز، مىدىرلىماي: كىنو قويۇش بىلەن تەڭ، ئوتتۇرىدا يۇگۈرۈپ يۈرگەن بالىلار جىمجىت ئولتۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش ئادرېسى



مەنىداش سۆزى: تىپتىنچ، تىمتاس، ۋاراڭ-چۇرۇڭسىز.

**جىنچىراغ** ئى. ئىچىگە سۇ يېغى ياكى كىرسىن قۇيۇپ، پاختىدىن ئىشلەنگەن پىلىكنى سېلىپ ياندۇرىدىغان شىشىسى يوق چىراغ.

مەنىداش سۆزى: قارا چىراغ.

# چ

**چاغ** ئى. ۋاقىت، مەزگىل، دەۋر، پەيت: تاڭ ئاقارغان چاغ. قاش قارايغان چاغ. ★ قولىمىزغا خەنجەر ئېلىپ، بىزنى بوزەك قىلغانلارنىڭ باغرىنى تىلىدىغان چاغ كەلدى.

مەنىداش سۆزى: ۋاقىت، مەزگىل، پەيت، دەۋر.

**چاققان** ① سۈپ. ئىش - ھەرىكەتتە تېتىك، ھەرىكەتچان، چەبدەس: چاققان يىگىت. ★ ئاينۇرنىڭ ئاپىسى ئوچۇق چىراي، چاققان ئايال ئىكەن. ② رەۋ. چاپسان، تېز، ئىلھام: چاققان كەلمەك. چاققان قىلماق. ★ قولى گال ئۈستىدىن ئايغى چاققان گاداي ياخشى (ماقال). ★ ئۇ شۇنچە چاققان ماڭسىمۇ يەنىلا كېچىكىپ قالدى. ③ سۈپ. پايدىلىنىشقا قولاي، ئىخچام، ئەپچىل، ئەپلىك: چاققان ئۆي. چاققان ئات. ★ بۇ ساراي چاققان ۋە ناھايىتى كېلىشكەن ساراي ئىكەن.

**چاقناش** پ. نۇر چېچىش، ۋال-ۋۇل قىلىش، يالتىراش، پارقىراش، ۋاللىداش: كۈن نۇرىدا پىشىل تۇسكە كىرگەن دالىلار مەرۋايىتتەك چاقنايتتى.

مەنىداش سۆزى: يالتىراش، پارقىراش، ۋاللىداش.

**چاقناق** سۈپ. چاقناپ تۇرىدىغان، چاقنايدىغان، پارقىراق: گاھىدا بۇلۇتلار خىرىس قىلىدۇ، پويۇزا خەنجىرىنى تەڭلەيدۇ چاقماق. گاھىدا چاڭ-تۇمان بېسىپ كېلىدۇ، ۋە لېكىن پەرىنىڭ رۇخسارى چاقناق.

مەنداش سۆزى: چاقنايدىغان، پارقىراق.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تۇتۇق، خىرە، غۇۋا.

**چالما** ئى. تەركىبىگە سۇ ئارىلاشقاندىن كېيىن قاتقان توپا، داڭگال، كېسەك: پوقتا چالما ئاتساڭ يۈزۈڭگە چاچرار(ماقال). ★ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماق(ماقال).

**چاندۇرماسلىق** پ. ھېچ ئىش بولمىغاندەك كەيپىياتتا بولۇش، بىلىندۇرمەسلىك: ھاجىم بۇ ئىشقا ئىچىدە خاپا بولسىمۇ، ئەمما چاندۇرمىدى.
مەنداش سۆزى: بىلىندۇرمەسلىك.

**چايقاش** پ. يۇيۇلغان نەرسىنى پاكىز سۇغا چىلاپ ياكى ئۇستىدىن پاكىز سۇ قۇيۇپ تازىلاش: كىر چايقاش. چىنە چايقاش. ★ ئاخىردا چېچىمىزنى ئىلمان سۇ بىلەن پاكىز چايقىۋېتىپ، قۇرۇق لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋېتىمىز.
مەنداش سۆزى: يۇيۇش.

**چەبدەس** سۈپ. ئىش-ھەرىكىتى تېز، چاققان، تېتىك، ئەپچىل: چەبدەس ئادەم. ★ چېچەننىڭ تىلى، چەبدەسنىڭ قولى(ماقال).
مەنداش سۆزى: چاققان، تېتىك، ئەپچىل.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: لەقۋا، كالامپاي.

**چوقۇم** رەۋ. قەتئىي، جەزمەن: دىلشات پەس ئاۋازدا: — «بۈنىڭدىن كېيىن تاپشۇرۇقنى چوقۇم ياخشى ئىشلەيمەن»، — دېدى.
مەنداش سۆزى: قەتئىي، جەزمەن.

**چوكان** ئى ① ياتلىق قىلىنغان ياش ئايال، جۇۋان: كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بالا قوينى ھەيدەپ كېلىۋاتسا، قاش-كۆزى جايىدا كەلگەن بىر چوكان ئۇچراپ قاپتۇ. ② تېرەك، سۆگەت قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ ئەتىياز مەزگىلىدە بىخلىنىپ، كۆكەرگەن تېلى: يامشىپ سۆگەتلەرگە ئۈنىار ئىدىم، چوكاننى سۇندۇراتتىم، نەي ياسايتتىم، يەرلەردىن تېشىپ چىققان قۇرت-قوڭغۇز، كولايتتىم تۆشۈكىنى، تاڭ قالاتتىم.

**چۈچا** ئى. كىگىز، گىلەم ياكى خۇرجۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ

**چۈچا** ئى. كىگىز، گىلەم ياكى خۇرجۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىغا ياكى مەلۇم جايىغا قويۇلغان يىپ ياكى يۇڭ تالاسى؛ پۆپۈك، لېنتا: چۈچا چىقارماق. چۈچا بېكىتمەك.

**مەنىداش سۆزى:** پۆپۈك.

**چۆپ** I ئى ① ئۇلاغ يەيدىغان ئوت: ئۇ ئاتلارغا چۆپ تاشلاپ بەردى. ★ ھەممە قورۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆششاق ماللار چۆپ ئىزدەپ يۈگۈرەيتتى. ② سۈپ. بەك ھۆل، نەم: چۆپ بولۇپ كەتمەك.

**چۆپ** II ئى ① نېپىز يېيىلىپ، ھەر خىل شەكىلدە كېسىلگەن خېمىر: قازانغا چۆپ سالماق. چۆپ سۈزمەك. ② ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ ئۇششاق توغرالغان پىششىق گۆش، سۇدا پىشۇرۇلغان چۆپ، يالپاقلاپ توغرالغان پىياز، مەلۇم مىقداردىكى قارىمۇچلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە گۆشنىڭ شورپىسىنى قۇيۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**چۆرىدەش** پ. ئورىلىش، ئەتراپىنى قورشاش: ئوقۇغۇچىلار ھېكايە ئېيتىۋاتقان مۇئەللىمنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ھېكايە ئاڭلاۋاتاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئورىلىش.

**چۈنكى** باغل. باش جۈملە بىلەن ئەگەشمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان سەۋەب باغلىغۇچىسى بولۇپ، «سەۋەبى»، «سەۋەبى شۇكى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مەن جاۋاب بېرىشتىن قاچتىم، چۈنكى، بوۋاي ئەھۋالنى مومايغا ئېيتسا مېنى باللارغا قوشماي قوياتتى-دە، ئۇيىنيالمايتتىم. ★ شەپقەت بىلەن ئىززەت خۇشال ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى 5- سىنىپقا، يەنە بىرى 4- سىنىپقا كۆچۈپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** سەۋەبى، سەۋەبى شۇكى.

**چېچەن** ① سۈپ. تېز پەملىيەلەيدىغان، زېھنى ئۆتكۈر؛ زېرەك، ھوشيار، ئەقىللىق، سەزگۈر: چېچەن قىز. چېچەن ئادەم. ★ بىركۈنى نوچى بىلەن چېچەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا گەپ تالىشىپ قاپتۇ. ★ قادىر بارغانسېرى سۆزگە ئۇستا، چېچەن ۋە چىرايلىق بولۇپ ئۆسۈپتۇ. ② ئى. تېز

پەملىيەلەيدىغان، زېھنى ئۆتكۈر ئادەم، زېرەك، ھوشيار كىشى: چېچەن شايى قول ياغلىقتا بىر پىقىم توپنى چېكىپ ئاتقانىكەن، تامدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نوچى چېچەن ئالدىدا ماختانمايدىغان بوپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئۆتكۈر، ھوشيار، زېرەك، ئەقىللىق، سەزگۈر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دۆت، كالۋا، گالۋاڭ.

**چېچەنلىك** ئى. زېرەكلىك، سەزگۈرلۈك، تۇيغۇنلۇق: ئۇنىڭ قولى ئىشتا، ئاغزى گەپتە ئىدى. كۆزى بولسا ئەتراپنى چېچەنلىك بىلەن كۆزىتەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** زېرەكلىك، سەزگۈرلۈك، تۇيغۇنلۇق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دۆتلۈك، كالۋالىق، گالۋاڭلىق.

**چېۋەر** سۈپ. ① ئۇستا، ماھىر، ئىش-ھەرىكەتتە چاققان، چەبدەس: چېۋەر قىز. چېۋەر ئايال. ★ ئۇ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا ناھايىتى چېۋەر بولۇپلا قالماستىن، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق جەڭ ئىشلىرىغىمۇ ناھايىتى ئۇستا ئىكەن. ② كۆچمە. دانا، ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق: چېۋەر يولباشچى. چېۋەر داھى.

**چېۋەرلىك** ئى. ئۇستىلىق، ماھىرلىق؛ ئىش-ھەرىكەتتە چاققانلىق، چەبدەسلىك.

**مەنىداش سۆزى:** ئۇستىلىق، ماھىرلىق، چاققانلىق، چەبدەسلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** گالۋاڭلىق، پەمسىزلىك؛ كېلەڭسىزلىك، قوپاللىق.

**چىرايلىق** سۈپ ① كېلىشكەن، گۈزەل، سەتەڭ، قەددى-قامىتى كېلىشكەن، راۋرۇس، ھۆسنلىك: پادىشاھنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. ② كۆڭۈلگە ياقىدىغان، يېقىملىق، ناھايىتى ئوبدان: چىرايلىق گەپ. چىرايلىق ئىش. ★ دوسكىدىكى خەتنى دەپتىرىڭلارغا رەتلىك ۋە چىرايلىق قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

**مەنداش سۆزى:** گۈزەل، كېلىشكەن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سەت، كۆرۈمسىز.

**چىرىش** پ. سېسىش، چىرىندى ھالىتىگە كېلىش: ئۇلار ئاساسەن تۇپراقتىكى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سېسىپ چىرىغان قالدۇق تېنىدىن ئىبارەت.

**مەنداش سۆزى:** سېسىش.

**چىرىندى** ئى. چىرىغان بىرنەرسە، چىرىغان قالدۇق ياكى ھايۋان ۋە ئوت-چۆپ، شاخ-شۇمبا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ چىرىگىنى: چىرىندىلەرنىڭ تەركىبىدە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىدە ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلار بولىدۇ. ★ تۇپراقتىكى چىرىندىلەر قانچە كۆپ بولسا، تۇپراق شۇنچە مۇنبەت بولىدۇ.

**چىغ** ئى. باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تار ۋە ئۇزۇن بولۇپ، سېۋەت، بورا، سۇپۇرگە قاتارلىقلارنى توقۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**چىغ چورۇق** ئى. چىغ ۋە پاخالدىن توقۇلغان ئاياغ: چىغ چورۇق كىيىش.

**چىغىر** ① سۈپ. كەڭ ئەمەس، تار (يول ھەققىدە): چىغىر يول. ② ئى. تار يول، چىغىر يول؛ يالغۇز يول: تىبابەت تار دائىرىلىك ئاتىدىن، ئۇستازدىن ئۆگىنىش چىغىرىغا كىرىپ قالدى.

**چىغىر يول** ئى. ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ مېڭىشىدىن ھاسىل بولغان، كىشىلەر ئاز ماڭىدىغان، تار، يالغۇز ئاياغ يول، خىلۋەت يول: شۇ پەيتتە، يان تەرەپتىكى چىغىر يولدىن ئات ئوينىتىپ چىقىپ كېلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

**چىلاش** پ ① سۇيۇقلۇققا پاتۇرۇش، كىرگۈزۈش، تۆگۈرۈش: ناننى چايغا چىلاش. ★ ئەڭ ياخشىسى كىر كىيىمنى سۇغا بىردەم چىلاپ قويغان تۈزۈك. ★ ئۇ پۇتنى سۇغا چىلاپ ئولتۇردى. ② كۆكتات، مېۋە-چېۋە قاتارلىقلارنى تۇز، ئاچچىقسۇ، جاكيۇ ۋە ھاراق قاتارلىقلارغا

سىلىش: سەي چىلاش. ھاراقنى دورا چىلاش.
**مەنىداش سۆزى:** تۆگۈرۈش، پاتۇرۇش.

**چىن** سۈپ. ھەقىقىي، راست، توغرا؛ تولۇق: قىز نىياز مۇئەللىمنىڭ گەپلىرىنى چىن ئىخلاسى بىلەن ئاڭلىدى.
**مەنىداش سۆزى:** ھەقىقىي، راست، توغرا، تولۇق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ساختا، يالغان.

**چىنار** ئى. چىنار ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يول بويلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ، ياغىچى قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**چىندىن** رەۋ. سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۆتۈۋاتقان كۈندىن ئۈچ كۈن كېيىنكى كۈن، تۆتىنچى كۈنى، يەنى ئىندىندىن كېيىنكى كۈن: بىزنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىمىز چىندىن ئۆتكۈزۈلمەكچى.

**چىندىنلىق** سۈپ. چىندىن بولىدىغان، چىندىن يۈز بېرىدىغان: چىندىنلىق ئىش.

**چىندىنلىققا** رەۋ. چىندىنقى كۈندە، چىندىن: ئۇلار چىندىنلىققا قايتىپ كېلىشى مۇمكىن.

# خ

**خاپا** سۈپ. رەنجىگەن، تېرىككەن، ئاچچىقلانغان: بۇرۇنقا خاپا بولسام ساقال چىقتى(ماقال). ★ بوۋاي بالىنىڭ پوكاندەك بولۇپ، قىزىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ: — بىرەرىدىن خاپا بولغان ئوخشايسەن-ھە؟ — دېدى.
**مەنىداش سۆزى:** مەيۇس.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خۇشال، خۇش، شاد.

**خادا** ئى. يەرگە تىكىلگەن ئۇزۇن ياغاچ ياكى تۈز، ئېگىز ئۆسكەن دەرەخ شېخىنىڭ پۇتاق ۋە كىچىك شوخلىرى كېسىپ تاشلانغاندىن كېيىنكى غول قىسمى: ئۇ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا خادىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۈچىغا چىقتى-دە، ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن تۈۋەنگە كۆلۈپ قاردى.

**خادىم** ئى. مەلۇم بىر ئىدارە ياكى مۇئەسسەسەدە ئىشلەيدىغان كىشى، خىزمەتچى: ئىدارە خادىملىرى. ئىلمىي خادىملار.

**خارابە** ئى. تاشلىۋېتىلگەن ئورۇن، خارابىي جاي، خارابىلىق، بۇزۇلۇپ خاراب بولغان جاي، ۋەيران بولغاندىن كېيىن ئىزلىرى قالغان ئورۇن: تەكلىماكاندا قۇم ئاستىدا قالغان شەھەر خارابىلىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ.

**خارابىي** سۈپ. خارابلاشقان، بۇزۇلغان، بۇزۇلۇپ ئەبجىقى چىققان، ۋەيران بولغان: خارابىي شەھەر.

**خازان** ئى. كۈزدە سارغىيىپ تۆكۈلگەن ياكى تۆكۈلۈشكە باشلىغان دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە قوغۇن-تاۋۇز خىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى؛ غازاڭ: خازان بولۇش. خازان قىلىش.

**مەنىداش سۆزى:** غازاڭ.

**خاسىيەت** ئى ① ئەجايىپ خۇسۇسىيەت، خىسلەت، خاسلىق، ئالاھىدىلىك: ئۇ جانىۋارلارنىڭ خاسىيىتى شۇ ئىكەنكى، ھەركۈنى بىر قېتىم گۆھەر تۇغىدىكەن، بوۋاي ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. ② قىز-ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەنىداش سۆزى:** خىسلەت، خاسلىق، ئالاھىدىلىك.

**خاسىيەتلىك** سۈپ. خاسىيىتى بار، خاسىيىتى بولغان، خاسىيەتكە ئىگە، خىسلەتلىك: خاسىيەتلىك بالا. ★ مەن بۈگۈن ئاخشام «خاسىيەتلىك ئادەم» ناملىق بىر تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆردۈم.

**مەنىداش سۆزى:** خىسلەتلىك.

**خانىم** ئى ① ئاياللارنى ھۆرمەت بىلەن چاقىرىش، مۇراجىئەت قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: — خانىملار، ئەپەندىلەر، بىزنىڭ سىزلەرنى بۇ يەرگە چاقىرىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز بۈگۈن ئاخشام ھەممەيلەن بىرلىكتە يېڭى يىل كېچىسىنى كۆڭۈللۈك كۈتۈۋېلىش. ② ئاياللارنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ

ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ: پەرىدە خانىم. ③ ئايال مۇئەللىم. ④ رەپىقە، ئايال: — خانىمىڭىزنى تويغا بىللە ئېلىپ كەلمەپسىزغۇ؟ — دېدى سورىدى ئەخمەت كەسپىدىشى ئابدۇللادىن.

**خەت-خەۋەر** ئى. خەت ۋە خەۋەر، خەت ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: ئۆيىڭىزدىن خەت-خەۋەر بارمۇ؟ ★ مەن ئۇنىڭدىن خەت-خەۋەر ئالمىغىنىمغا ئىككى ئايدىن ئاشتى.

**مەنىداش سۆزى:** خەت، خەت-پەت.

**خەتكۇش** ئى. ئوقۇلۇۋاتقان بەتنى كېيىن ئاسان تېپىۋېلىش ئۈچۈن، بەت ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇلىدىغان نەرسە: لۇغەتنىڭ بەت ئارىلىقلىرىغا ھەرپلەر يېزىلغان بىرقانچە خەتكۇشلەر قىستۇرۇلغانىدى. ★ ساۋاقداشلار، بىر جۈپ ئەپچىل قولۇڭلار بىلەن نەپىس يوپۇرماق خەتكۇشلەرنى ياسىساڭلار، كىتاب ئوقۇپ ئۆگىنىش قىلىشىڭلارغا قۇلايلىق بولىدۇ.

**خەقىش** سۈپ. تولا جېدەل قىلىدىغان، جېدەلخور، قارغىش (باللار ھەققىدە): خەقىش باللا

**خەلق** ئى ① بىرەر مەملىكەتنىڭ ئەمگەكچى ئاممىسىنى گەۋدە قىلغان ئاھالىسى: جۇڭگو خەلقى. ياپونىيە خەلقى. خەلق تۇرمۇشى. ② مىللەت: ئۇيغۇر خەلقى. رۇس خەلقى. ③ بىرەر جاينىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ، شۇ جاينىڭ «يەرلىك ئاھالىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: ئۈرۈمچى شەھەر خەلقى. يېزا خەلقى. ④ بىرەر كەسىپ، مەشغۇلات، ئىش قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ، شۇ كەسىپ، مەشغۇلات، ئىش قاتارلىقلارغا مەنسۇپ كىشىلەر گۇرۇھىنى بىلدۈرىدۇ: مېھنەتكەش خەلق. ئەمگەكچان خەلق.

**خەلقپەرۋەر** سۈپ. خەلققە غەمخورلۇق قىلىدىغان، خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان، ھەردائىم خەلق تەرىپىدە تۇرىدىغان، خەلقنى سۆيىدىغان، خەلقچىل: — ئەي شاھ، بىرئاز پۇقراپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بولساڭچۇ، — دېيتۇ ئەپەندىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى تارىيىسى

**مەنىداش سۆزى:** خەلقچىل.

**خەۋەر** ئى ① بىرەر نەرسە ياكى ھادىسە، ئىش ۋە باشقىلار ھەققىدىكى مەلۇمات، ئۇچۇر، دېرەك، ئاخبارات: سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دىم يەپتۇ(ماقال). ② جۈملە ئىگىسىنىڭ قانداقلىقىنى ياكى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگۈچى بۆلىكى: جۈملىنىڭ خەۋىرى.

**مەنىداش سۆزى:** ئۇچۇر، دېرەك، ئاخبارات، مەلۇمات، سىر تىق.

**خەۋەر تېپىش** خەۋەرگە ئىگە بولۇش، خەۋەردار بولۇش: ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىشتى.

**خەۋەر قىلىش** خەۋەرنى يەتكۈزۈش، ئۇقتۇرۇش، خەۋەرلەندۈرۈش: ساۋاقداشلار دىلشاتنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى مۇئەللىمگە خەۋەر قىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** خەۋەرلەندۈرۈش.

**خەۋپ-خەتەر** ئى. كۆڭۈلسىزلىك، بەختسىزلىك، يامان ئەھۋال، خېيىمخەتەر: ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغان تەكشۈرۈش خادىملىرى خەۋپ-خەتەرگە قارىماي تاغ يولىدا داۋاملىق ئىلگىرىلىدى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاسايىشلىك، خەۋپسىزلىك.

**خۇرسەن** سۈپ ① تۇرمۇش ۋە ھاياتتىن ناھايىتى مەمنۇن؛ روھىي كەيپىياتى بەك ياخشى، خۇشال، شاد-خۇش: — مۇقامنى چۈشەنگەن، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن كىشىنى ئۇچراتقىنىمىز ئۈچۈن، بىزمۇ ناھايىتى خۇرسەنمىز، — دېدى سەنئەت مۇئەللىمى. ② قانائەت ھاسىل قىلغان، رازى بولغان، مەمنۇن، مىننەتدار: سېنى بىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۇرگىنى ئۈچۈن، مۇدەررىس زۆھرەدىن ئاكىدىن تولا خۇرسەن بىز.

**مەنىداش سۆزى:** خۇشال، شاد، شادىمان، خۇش، رازى، مەمنۇن، مىننەتدار.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خاپا، رەنج، مەيۇس، كۆڭلى يېرىم.

**خۇرسەن بولۇش** شادلىنىش، خۇشاللىنىش، قانائەت ھاسىل قىلىش، مىننەتدار بولۇش، رازى بولۇش: تەنتەربىيىچىلىرىمىزنىڭ بۇ قېتىم قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىدىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىنتايىن خۇرسەن بولدى.

**خۇسۇسىيەت** ئى. بىرەر نەرسە ياكى بىر كىمنىڭ ئۆزىگە خاس، باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەرىپى؛ ئۆزىگە خاس بەلگىسى، ماھىيىتى: يەرلىك خۇسۇسىيەت. تىلنىڭ خۇسۇسىيىتى. دورىنىڭ خۇسۇسىيىتى. تۇپراقنىڭ خۇسۇسىيىتى.

مەنىداش سۆزى: ئالاھىدىلىك، ماھىيەت.

**خۇشبۇي** سۈپ. يېقىملىق، ياخشى پۇرايدىغان، خۇش پۇراق، خۇش پۇراقلىق، خۇش ھىد: ئۇ قۇتىنى ئاۋايلاپ ئېچىۋىدى، ئەتىرگۈلنىڭ خۇشبۇي ھىدى ئۆي ئىچىگە تارالدى.

**خۇشخۇي** سۈپ. مىجەز-خۇلقى يېقىملىق، ئوچۇق-يورۇق، خۇش تەبىئەتلىك، خۇش مۇئامىلە، خۇش پېئىل: خۇشخۇي ئادەم. ★ ھەسەن ئەلىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش خۇشخۇي ئايالى ئۆيدىن بىر تاۋا ناننى ئېلىپ چىقىپ، ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلدى.

مەنىداش سۆزى: ئوچۇق-يورۇق، خۇش مۇئامىلە، خۇش پېئىل.

**خۇش قىلىش** خۇشال قىلىش، خۇشاللاندۇرۇش، شادلاندۇرۇش: ئۆز نەپسىدىن كەچمىگۈچە كىشىنى خۇش قىلغىلى بولماس (ماقال). ★ ئۇ بولسا، ئەپلەپ-سەپلەپ خوجايىنلىرىنى خۇش قىلاتتى.

مەنىداش سۆزى: خۇشال قىلىش، خۇرسەن قىلىش، مەمنۇن قىلىش، خۇشاللاندۇرۇش، شادلاندۇرۇش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خاپا قىلىش، رەنجىتىش، مەيۇسلەندۈرۈش.

**خۇشۋاخ** سۈپ. ۋاقتى چاغ، خۇرسەن، شاد: — بەكمۇ خۇشۋاخ كۆرۈنىسىزغۇ، — دېدى ھېلىقى تونۇشى، — ئەلۋەتتە، — دېدى ئەپەندىم، —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەگنىڭ ئېشكى يوقالغاندا، خۇشۋاخ بولۇپ ناخشا ئېيتىمىز، ئەگەر ئۆزى يوقالسا، خۇشال بولۇپ توي قىلىمىز.

**مەنىداش سۆزى:** خۇرسەن، شاد.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خاپا، مەيۇس.

**خۇشال** سۈپ. خۇش هال، مەمنۇن، شاد، خۇرسەن: خۇشال بولۇش. خۇشال قىلىش.

**مەنىداش سۆزى:** شاد، مەمنۇن، خۇرسەن، خۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خاپا، مەيۇس، غەمكىن.

**خۇشال بولۇش** مەمنۇن بولۇش، خۇرسەن بولۇش، شادلىنىش: مەن بۇ ئىشتىن ناهايىتى خۇشال بولدۇم.

**مەنىداش سۆزى:** مەمنۇن بولۇش، خۇرسەن بولۇش، شادلىنىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خاپا بولۇش، مەيۇسلىنىش، غەم يېيىش، قايغۇرۇش.

**خۇشال قىلىش** خۇش قىلىش، خۇرسەن قىلىش، مەمنۇن قىلىش، خۇشاللاندۇرۇش، شادلاندۇرۇش: بالىنىڭ بۇ گەپ-سۆزلىرى ئانىنى تولىمۇ خۇشال قىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** خۇش قىلىش، خۇرسەن قىلىش، مەمنۇن قىلىش، خۇشاللاندۇرۇش، شادلاندۇرۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خاپا قىلىش، مەيۇسلەندۈرۈش، غەم يېگۈزۈش.

**خۇشامەتگۈي** سۈپ. خۇشامەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى ئادەت قىلغان، خۇشامەت قىلىشقا ئامراق: خۇشامەتگۈي ئادەم. ★ ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى مۇلايىم، خۇشامەتگۈي قىياپىتىدىن قارىغاندا، بىرەر كاتتا ئەرباب بىلەن سۆزلىشۋاتقانلىقىنى بىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

**خۇشامەتگۈيلۈق** ئى. خۇشامەت قىلىشنى ياخشى كۆرۈش

ئادىتى، خۇشامەت قىلىشقا ئامراقلىق: ئۇ خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن: — مۇبارەك بولسۇن! — دەپتۇ. ★ ئۇنىڭ خىيالىدىن كۆتۈرۈلگەن مەنسەپ، خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن قول باغلاپ تۇرغان كىشىلەر ئۆتكەندەك بولدى-دە، ئۆزىچە پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

**خۇمار** ① ئى. ئادەتلىنىش تۈپەيلى بىرەر نەرسىگە قارىتا كۆڭلىدە ھاسىل بولغان كۈچلۈك بىر خىل تەشنالىق، زور ئىشتىياق، زور ئىستەك: خۇمارى تۇتۇش. خۇمارى بېسىلىش. ② سۈپ. بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشكە ئىشتىياق باغلىغان، ياخشى كۆرىدىغان، ھەۋەس قىلىدىغان: گۈل خۇمار ئادەم. ناخشا خۇمار. گەپ خۇمار. ئادەم خۇمار. ★ ئۇيغۇر خەلقى سەنئەت خۇمار خەلقتۇر. ③ ئى. ئامراقلىق، ياخشى كۆرۈش.

**خىرىس** ئى. بىراۋغا قەستەن ياكى كۈچلۈك ئۆچلۈك بىلەن قىلىنغان ھەيۋە: ئۇنىڭ مۇلايىملىقتىن قىلچە ئەسەر بولمىغان خىرىسى مەن ئۈچۈن قۇتۇلغۇسىز دەھشەتكە ئايلاندى.

مەنىداش سۆزى: ھەيۋە.

**خىرىس قىلىش** بىراۋغا قەستەن ياكى كۈچلۈك ئۆچلۈك بىلەن ھەيۋە قىلىش، چېقىلىشقا ئۇرۇنۇش: بۆرىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن تۈلكىنىڭ ھىجايغىنى يامان (ماقال).

مەنىداش سۆزى: ھەيۋە قىلىش.

**خىش** ئى. قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. قېلىپ ئارقىلىق، سېغىز تۇپىدا ئېتىلگەن لايدىن قۇيۇلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئىككى خىل بولۇپ، خۇمداندا پىشۇرۇلغىنى «پىششىق خىش»؛ خۇمداندا پىشۇرۇلمىغىنى «خام خىش» دېيىلىدۇ. شەكلى ئاساسەن تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدە بولىدۇ: ئەگەر ئۆي ئىچىگە خىش يېيىتىلمىغان بولسا، سۇ چاچمىسىمۇ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# د

**داد-پەرياد قىلىش** داد ۋە پەرياد بىلەن نالە قىلىپ توۋلاش، ئاھ-زار قىلىش، ئېچىنىشلىق يىغلاش: ئۇ مەيلى قانچە ئازابلانسۇن، قانچە داد-پەرياد قىلسۇن، كەتكەن ئۆمۈر قايتا كەلمەيتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئاھ-زار قىلىش، قاتتىق ئېچىنىش.

**داس** I ئى. ① قەلەيدىن ياسىلىدىغان، كىر يۇيۇش ۋە يۇيۇنۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئائىلە سايمىنى. ② داسسۆڭەك.

**داس بوشلۇقى** ئى. داسسۆڭەكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بوشلۇق، دوۋساق، سۈيدۈك يولى قاتارلىق سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرى.

**داستان** ئى ① شېئىر بىلەن يېزىلغان چوڭ تىپتىكى ئەسەر؛ پوئېما: داستان يېزىش. ② خەلق قەھرىمانلىرى ھەققىدىكى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ئېپىك ئەسەر: ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى.

**مەنىداش سۆزى:** پوئېما.

**داستانچى** ئى. داستان سۆزلىگۈچى، داستان ئېيتقۇچى.

**مەنىداش سۆزى:** پوئېمچى.

**داستانلىق** سۈپ. تەركىبىدە داستان بولغان، داستان خاراكتېرىدىكى: «ئون ئىككى مۇقام» ئەلنەغمىلەر، داستانلىق نەغمىلەر، مەشرەپ مۇزىكىلىرى ئاساسىدا تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا كەلگەن بىر خىل مۇزىكىلىق ژانىر.

**داستىخان** ئى ① رەختتىن تەييارلانغان، ئوتتۇرىغا يېيىلىپ، ئۈستىگە ناز-نېمەت تىزىلىدىغان ياكى غىزالانغاندا ئوتتۇرىغا سېلىنىدىغان ئۆي بۇيۇمى: گۈللۈك داستىخان. ★ ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ داستىخان سېلىپتۇ. ② داستىخانغا تىزىلغان ناز-نېمەت ياكى ئومۇمەن

غىزا-تاماق: مۇئەللىم، ئاپام سىزنى داستىخانغا چاقىرىپتۇ.

**داش** I ئى. چوڭ قازان: جادۇگەرنىڭ خادىملىرى بىر چوڭ داشتا ياغنى قىزىتىپ داغلىدى.

**مەنىداش سۆزى:** داش قازان.

**داش قازان** ئى ① ئاممىۋى ئاشخانا، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا جامائەتكە ئاش تەييارلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان چوڭ قازان. ② كۆچمە. ھەممىنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىپ، ئىشلىگەن-ئىشلىمىگەن دەپ ئايرىماي، ھەممىسىنى باراۋەر باقىدىغان بىر خىل تەقسىمات شەكلى: ھازىر داش قازانلار چېقىلىپ، بىكار تەلەپ، ھۇرۇنلارنىڭ كۆڭلى تەسلەشتى.

**داش** II ئى. تاغ-ئېدىرلاردا سۇ يىغىلىپ قېلىپ، ئۆزۈنچە سۈيى قۇرۇمايدىغان چوڭقۇر ئازگال؛ چۆل، ئىلەك.

**مەنىداش سۆزى:** چۆل، ئىلەك.

**داغدام** سۈپ. كەڭ، پارلاق، توسالغۇسىز، راۋان: داغدام يول. ★ شۇ كۆنى بىز كەلگەندە مەكتەپنىڭ چوڭ دەرۋازىسى داغدام ئۇچۇق ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** پارلاق، توسالغۇسىز، كەڭ.

**داغدۇغا** ئى. ھەيۋەتلىك، دەبدەبىلىك كۆرۈنۈش، كەيپىيات، ۋەزىيەت: داغدۇغا، چۇقان-سۈرەن يەر-جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەندى.

**مەنىداش سۆزى:** ھەيۋە، دەبدەبە.

**داغدۇغىلىق** سۈپ. ھەيۋەتلىك، دەبدەبىلىك، قاينام-تاشقىنلىق: داغدۇغىلىق يىغىن. داغدۇغىلىق تەشۋىقات. داغدۇغىلىق ھەرىكەت. ★ بۇ سارايىنى ياساشتا چوڭ يىغىنلار، داغدۇغىلىق زىياپەتلەر كۆزدە تۇتۇلدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ھەيۋەتلىك، دەبدەبىلىك، قاينام-تاشقىنلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** داغدۇغىسىز.

**داغدۇغىسىز** سۈپ. داغ چۈشمىگەن، كىرسىز، غۇبارسىز، پاك، سۈزۈك: داغسىز دىلنىڭ چىن رىشتىلىرى بىر-بىرىگە باغلانمىسا راست دوستلۇق بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**داڭ** I تەق. ۋەھىمە ياكى ھەيرانلىقتىن خۇدىنى يوقىتىپ تۇرغان ھالەت: داڭ قېتىش. داڭ قىلىش.

**داڭ قېتىش** ھەيرانلىقتىن تۇرۇپلا قېلىش: دادام بۇنچىۋالا نەرسىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ قاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ھەيران قېلىش.

**داڭ** II ئى. مېتالدىن ياسالغان، ئۇرسا قاتتىق ئاۋاز چىقىرىدىغان، سىگنال-خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جىسىم ياكى مېتال پارچىسى.

**داڭ** III تەق. داڭنى قاتتىق ئۇرغاندا چىققان ئاۋاز: تام سائىتى داڭ ئۇرماقتا.

**داڭ** IV ئى. داڭق، ئاتاق: داڭ چىقىرىش. ★ يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس(ماقال).

**داڭق** ئى. نام، ئاتاق، شۆھرەت، ئىناۋەت؛ مەشھۇرلۇق: تەلكىدىن چىقىپ كەلسەم، ئىلى باغلىرى بوستان، بۇلبۇللارغا قولاق سالسام، داڭقىنى قىلۇر داستان.

مەنىداش سۆزى: نام، ئاتاق، شۆھرەت، مەشھۇرلۇق.

**داڭلىق** سۈپ. داڭقى بار، داڭقى چىققان، مەشھۇر، شۆھرەتلىك: داڭلىق ئەسەر. داڭلىق سودىگەر. داڭلىق يازغۇچى.

مەنىداش سۆزى: مەشھۇر، شۆھرەتلىك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تونۇلمىغان، ئادەتتىكى.

**دالا (دالاسى)** ئى. ① ئادەم ياشايدىغان جاينىڭ سىرتىدىكى كەڭ كەتكەن ئېكىنزارلىق: يېقىندا بىزنىڭ سىنىپ بىر قېتىملىق دالا سەيلىسى پائالىيىتى ئۆتكۈزمەكچى. ★ ئاندىن كېيىن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ دالادا تاماق تەييارلايمىز. ② سەھرا، قىشلاق، يېزا-قىشلاق: دالىنىڭ بېگى بولغۇچە، شەھەرنىڭ ئىتى بول(ماقال). ③ ئادەم ياشايدىغان جاينىڭ سىرتىدىكى تەكشى كەتكەن پايانسىز يەر: باغلارمۇ، داللارمۇ ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن.

**دالالەت** ئى ① بىرەر ئىشقا ئۈندەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن

مەسلىھەت، كۆرسەتمە، تەشەببۇس: ئۇ ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ دالالىتى بىلەن بۇ ئىشتىن ئارتۇقچە بىئارام بولۇپ كەتمىدى. ② ئىشارە، بەلگە؛ دەدىل: يامغۇرنىڭ ۋاقتىدا يېغىپ بېرىشى مول ھوسۇلدىن دالالەتتۇر.

**مەنىداش سۆزى:** مەسلىھەت، كۆرسەتمە، تەشەببۇس؛ ئىشارە، بەلگە.

**دالدا** ئى ① يوشۇرۇنىدىغان جاي: باتۇرخان دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ② توسقۇچى نەرسە، توسۇق: ئايمىدۇر، ئايلارمىدۇر، بولۇلار دالدامدۇر؟

**دالدا بولۇش** ① توسۇق بولۇش، توسۇش، يېپىش: ئىسكىلىك قىـــلاي دېسە، ئېشەك تېزىكـــى دالدا بولۇر(ماقال). ② دال بولۇش، ئەسقىتىش، كېرەككە كېلىش: داغ سۇ ئاچ قورساققا دالدا بولماپتۇ (ماقال).

**دالدىغا ئېلىش** مۆكۈش، يوشۇرۇنۇش: قۇياش ئۆزىنى كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بىر پارچە ئاق بۇلۇتنى دالدىسىغا ئالدى.

**مەنىداش سۆزى:** مۆكۈش، يوشۇرۇنۇش.

**دانىشمەن** ئى. چوڭقۇر بىلىملىك، كۆپ نەرسىلەرنى بىلگۈچى دانا كىشى، ئالىم: دانىشمەن بوۋاي. ★ دانىشمەن پادىشاھقا يېقىن كېلىپ، ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ سۆزىنى تەكرارلاپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** دانا، دانا كىشى، ئاقىل.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نادان.

**داۋا** ئى ① كېسەلنى ساقايتىش چارىسى، ئامال، ئىلاج، چارە: ئاغرىقنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگۈچە، داۋاسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ★ بۇ چوكان كېسەل تارتىپ ياتقىلى خېلى بولدى، قىلمىغىنى قالمىدى، زادى داۋاسى بولمـــدى. ★ئەپەندىم تېۋىپلىق قىلىپ ئولتۇرغان كۈنلەردە ئۇنىڭ ئالدىغا كۆزى ئاغرىق بىر كىشى كېلىپ، كۆزىگە داۋا سوراپتۇ. ② پايدىلىق ۋاستە، شىپا: ساپ ھاۋا — تەنگە داۋا.(ماقال). ③ ئامال، چارە، ئىلاج: كۆيۈك داۋاسى. ئىشق داۋاسى. ★ گۈل ئىشقىدا بۇلبۇللار سايرىشىدۇر خۇش ناۋا، ئىشق دەردىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۈپتىلا بولسىڭىز يوق داۋا.

**داۋان** ئى. تاغ ۋە تۆپىلىكلەرنىڭ يول ئېلىنغان، ئېشىپ ئۆتىدىغان جايى ھەم شۇ جايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېگىزلىك، تۆپىلىك: ئاپتوموبىل داۋاندىن چۈشكىچە ماي بەرمىدى. ★ بىز تەلكە داۋىنىغا يېتىپ بارغاندا قار يېغىپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** تۆپىلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تۈزلەڭ.

**دائىر** تىر. مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار، ئائىت، دائىرىسىدىكى، ئالاقىسى بولغان: تارىخقا دائىر. سانائەتكە دائىر. ★ تېخنىكىغا دائىر كىتابلارنىمۇ كۆپرەك سېتىۋالايلى.

**دەرەخ** ئى. غولى ئېگىز ۋە يوغان، ئاساسىي غولى بىلەن شاخلىرىنىڭ روشەن پەرقى بولغان، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**دەرەخسىز** سۈپ. دەرىخى يوق، دەرەخ ئۆسمىگەن: دەرەخسىز ھويلا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دەرەخلىك.

**دەرەخلىك** ① سۈپ. دەرىخى بار ياكى دەرىخى كۆپ: دەرەخلىك يول. دەرەخلىك ھويلا. ② ئى. نۇرغۇن دەرەخلەر توپ ياكى تۇتاش ئۆسكەن يەر: ئاخىرى بوۋاي نائىلاج قىزىنى جاڭگاللىققا ئېلىپ بېرىپتۇ-دە، قېلىن دەرەخلىك ئىچىدە توختاپتۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دەرەخسىز.

**دەرد** ئى. ھەسرەت، غەم، قايغۇ، ئەلەم: دەرد تارتىش. دەردتە قېلىش. دەرد تۆكۈش. دەرد چېكىش. دەردكە قېلىش.

**دەرسخانا** ئى. دەرس ئۆتىدىغان ئۆي، سىنىپ: ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىنىڭ ئىچىنى پاكىز تازىلىدى.

**مەنىداش سۆزى:** سىنىپ.

**دەرھال** رەۋ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، كېچىكتۈرمەي، شۇ ھامان،

تېزدىن، تېز پۇرسەت ئىچىدە: ئۇ يىقىلىپ چۈشۈۋاتقان قوناق شېخىنى دەرھال تۈتۈۋېلىپ، تۈۋىگە توپا يۆلەپ قويدى.

مەنىداش سۆزى: شۇ ھامان، شۇ ئان.

**دەستىگاھ** ئى. ھۈنەرۋەن-كاسىپ ۋە توقۇمىچىلارنىڭ دۇكىنى، ئىش ئۈستىلى، ئىستانوكى قاتارلىقلار: دادام پەنجىنى دەستىگاھنىڭ ئۈستىگە تاشلىمىغۇچە ھېچقايسىمىز كىرىپك يۇمماي مىز.

**دەسلەپ** رەۋ. ئەڭ ئاۋۋال، ئالدى بىلەن، باشتا: بارات ئاكا دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە دەسلەپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن سالام بەردى.

مەنىداش سۆزى: ئالدى بىلەن، باشتا.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كېيىن، ئاندىن كېيىن.

**دەسمال** ئى. نەرسىلەرنى بولۇپمۇ ئاشخانا سايمانلىرىنى سۈرتىدىغان پارچە رەخت، لۆڭگە: ئاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئۈستەلنىڭ ئۈستىنى دەسمال بىلەن پاكىز سۈرتىمىز.

**دەممۇدەم** رەۋ. نۆۋەت بىلەن، ئالمىشىپ، ھەردەمدە، ئارقىمۇئارقا، ئۈزلۈكسىز؛ ئۈزۈلمەي، توختىماي: بالىلار كېسەل ئانىسىغا دەممۇدەم قارىدى. ★ ھەممەيلەن چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەن بولۇپ ئاران نەپەس ئالاتتى، بېشەكلەر ھاسىرايتتى، دەممۇدەم خارىلدايتتى.

مەنىداش سۆزى: نۆۋەت بىلەن، ئۈزۈلدۈرمەي، توختىماي، ھەر دەمدە.

**دەھشەتلىك** سۈپ ① ۋەھىمە، غەم-ئەندىشە، قورقۇنچ پەيدا قىلىدىغان؛ قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك: جامالىدىن دەھشەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك بېشىنى قاتتىق سىلكىدى. ② قاتتىق ئازاب سالىدىغان، چىدىغىلى بولمايدىغان؛ كۈچلۈك، قاتتىق: قول ئىگىلەش تۈزۈمىدىكى قانۇنلاردا، قۇللارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن دەھشەتلىك جازالار بەلگىلەنگەن.

**دورىشۇناس** ئى. دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى. توپلاپ-يىغىپ

www.uyghurkitap.com

ئۈنىڭدىن دورا ياسايدىغان ۋە دورىلارنىڭ بىمار ئورگانىزمىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەتقىق قىلغۇچى كىشى، تېۋىپ: ئۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئۇلۇغ تېبىبىي ئالىم ۋە دورىشۇناس ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئەۋلادمۇئەۋلات تېۋىپلىق قىلىپ كەلگەن.

مەنىداش سۆزى: تېۋىپ، ئەمچى.

**دوق قىلىش** پ. پوپوزا قىلىش، قورقۇتۇش، قورقۇتۇش خاراكتېرىدىكى گەپ قىلىش ياكى ھەرىكەت قىلىش: قاسىم ئاكام قولتۇقىغا بىرقانچە كىتاب ۋە خاتىرىلەرنى قىستۇرۇپ كەلدى-دە، سەل دوق قىلغاندەك ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىغا قويدى.

**دۇفۇ** ئى. پۇرچاق ئۇنىدىن ئىشلەنگەن بىر خىل يېمەكلىك. ئۇ ئادەتتە خام سەي ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ: دۇفۇ سەي.

**دۆشكەلەش** پ. سىلكىپ، تورتۇپ، ئۇياق-بۇياققا ئىتتىرىش، سىلكىش، سىلكىشلەش، قوپال مۇئامىلە قىلىش: بالىنى دۆشكەلەش. ★ ئوقۇتقۇچى پاتىگۈلنى بولۇشىچە دۆشكەلەپتۇ، مۇنداق قىلسا بالا مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟

مەنىداش سۆزى: سىلكىش، سىلكىشلەش.

**دۆۋە** ① ئى. بىر يەرگە توپلىنىپ، ئۇستى-ئۇستىگە ئارتىلىشتىن ھاسىل بولغان ئېگىزلىك، دۇمبەل: ماشىنا پاختا دۆۋسنى ئايلىنىپ، ئۈچ قەۋەتلىك چىگىت ئايرىش بىناسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ② مق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: ئۈستەل ئۈستىدە بىر دۆۋە قوم تۇپراق، بىر دۆۋە سېغىز تۇپراق تۇرۇپتۇ.

**دېزىنفېكسىيە دورىسى** ئى. مىكروئورگانىزملارنى يوقىتىدىغان خىمىيىۋى دورىلار.

**دېزىنفېكسىيە قىلىش** يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تارقىتىدىغان مىكروبلارنى مەخسۇس ئۇسۇللار بىلەن يوقىتىش، يوق قىلىش: توخۇ كاتىكىنى ئارىلاپ دېزىنفېكسىيە قىلىپ تۇرۇش لازىم.

**دېكابىر** ئى. 12-ئاينىڭ ئاتىلىشى، 12-ئاي.

مەنداش سۆزى: ئون ئىككىنچى ئاي.

**دېكلاماتسىيە** ئى. شېئىرىي ئەسەرلەرنى چىرايلىق، تەسىرلىك قىلىپ، ئۈنلۈك يادقا ئوقۇش: دېكلاماتسىيە قىلىش.

**دېكلاماتسىيە قىلىش** شېئىرىي ئەسەرلەرنى چىرايلىق، تەسىرلىك ھەم ئۈنلۈك يادقا ئوقۇش: — كىتابىڭلاردىكى شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار، — دېدى مۇئەللىم سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ.

**دېگەندەك** رەۋ. كۆڭۈلدە كەچكەندەك، ئويلىغاندەك، كۈتكەندەك: ئۇلار دېگەندەك ھەممىسى گۇرۇلدەپ كېلىپ قىلتاقتا ئۆزلىرىنى ئۇرۇپتۇ.

**دېلو** ئى. جەمئىيەتتىكى تەپتىش ئورۇنلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى ۋە دەۋا ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇنغا خىلاپ ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە: دېلو پاش قىلىش.

**دېيىلىش** پ. دەپ ئاتىلىش، دەپ سۆزلىنىش، دەپ چۈشەندۈرۈلۈش: تەركىبىدىكى قوم بىلەن سېغىز توپىنىڭ مىقدارى ئاساسەن ئوخشاش بولغان تۇپراق قومسال تۇپراق دېيىلىدۇ.

**دىئامېتىر** ئى. چەمبەر ياكى شارنىڭ مەركىزىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئىككى نۇقتىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى تۈز سىزىق.

**دىپلوم** ئى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى، شاھادەتنامە: دىپلوم ئېلىش.

مەنداش سۆزى: شاھادەتنامە، گۇۋاھنامە.

**دىپلوماتىك** سۈپ. دىپلوماتىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ دىپلوماتىيىگە، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ئالاقىدار بولغان: دىپلوماتىك خادىم. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت.

**دىپلوماتىيە** ئى. بىر دۆلەتنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت جەھەتتىكى پائالىيىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**دىپلوملۇق** سۈپ. دىپلوملۇق بار، دىپلوم ئالغان، دىپلومغا ئېرىشكەن: دىپلوملۇق ئوقۇغۇچى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دىپلومسىز.

**دىتلىق** سۈپ. پەمى، تەدبىرى بار، دىتى بولغان، پەملىك، دىتسىز ئەمەس: دىتلىق يىگىت. دىتلىق ئايال.

**مەنىداش سۆزى:** پەملىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دىتسىز، پەمسىز.

**دىدار** ئى. كىشىنىڭ يۈزى، رۇخسار، تۇرق، جامال: مەن دادامنىڭ دىدارىنى بىر كۆرسەم دەپ كېچە-كۈندۈز ئويلايمەن.

**مەنىداش سۆزى:** رۇخسار، جامال.

**دىدارلىشىش** پ. دىدار كۆرۈشۈش، يۈز كۆرۈشۈش، ئۇچرىشىش: مەن يۇرتۇمغا بېرىپ ئۇن نەچچە كۈن بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشقىلى ئۆيىگە باردىم.

**مەنىداش سۆزى:** دىدار كۆرۈشۈش، يۈز كۆرۈشۈش، ئۇچرىشىش.

**دىك-دىك** تەق. ئاياغنىڭ، يەنى پۇتنىڭ يەرگە تېز ھەم سىلىق تېگىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۇلار شاخلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالدۇ ياكى دىك-دىك سەكرەپ باشقا دەرەخقە چىقىۋالدۇ.

**دىل** ئى. كۆڭۈل، قەلب، يۈرەك، روھىي دۇنيا: دىلىمدا ئۇنىڭغا مۇھەببەت پەيدا بولدى. ★ بىرەر مەقسەتنى دىلغا پۈككەنلەر، شۇ ئىش يولىدا غەيرەت قىلسىلا، ئۇ ئۆز كۆزلىگىنىگە يېتمەي قالمايدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** كۆڭۈل، قەلب، يۈرەك.

**دىمىقچىلىق** ئى. شامالسىز ۋە نەپەسنى قىيىنلاشتۇرىدىغان دەرىجىدە ئىسسىق ھالەت، ئىسسىق ھاۋا بىلەن زىچ قاپلانغان ھالەت: ئۆي ئىچى باشقىچىلا ئىسسىپ، دىمىقچىلىق بولۇپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** دىمىقلىق.

**دىيار** ئى ① يۇرت، ماكان، ۋەتەن، مەملىكەت، زېمىن: سۆيۈملۈك دىيار. ئەزىز دىيار. ★ شىنجاڭ ئەزەلدىن بىزنىڭ دىيارىمىز. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەنىداش سۆزى:** مەملىكەت، ۋەتەن، يۇرت.

# ر

**راكېتا** ئى. ئارقىغا تېپىش كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بىر خىل ئۇچۇش ئۇسكۇنىسى. ئۇنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تېز. نۆۋەتتە ئۇ ئالەم كېمىسى، سۈنئىي ھەمراھ قاتارلىقلارنى ئالەم بوشلۇقىغا توشۇشتا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

**راۋاج تېپىش** ئەسلىي ھالەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى ھالەتكە يېتىش، كۆتۈرۈلۈش، تەرەققىي قىلىش، ئالغا ئىلگىرىلەش، راۋاجلىنىش: شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرى 80 - يىللاردىن كېيىن ناھايىتى تېز راۋاج تاپتى.

**مەنىداش سۆزى:** روناق تېپىش، گۈللىنىش، يۈكسىلىش.

**راۋان** ① رەۋ. ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي، بىر خىلدا، توسالغۇسىز: راۋان بولماق. راۋان قىلماق. ② رەۋ. چۈشىنىشلىك، ئۇقۇملۇق، تېز، بىمالال (نۇتۇق ۋە يېزىق ھەققىدە): تۆۋەندىكىلەرنى رەتلەپ راۋان جۈملە قىلىپ يېزىڭلار ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار. ★ بۇ ئەسەرنىڭ تىلى راۋان ئىكەن. ③ سۈپ. توختىماي، ئۈزۈلۈپ قالماي؛ ئۈزلۈكسىز؛ ئۇخشۇشلۇق، يۇرۇشلۇق: سودىسى راۋان. ④ سۈپ. ھېچبىر، توسالغۇسىز، تۈز، تەكشى، ئەپ: ئۇ يەرنىڭ يوللىرى راۋان.

**رەنجىش** پ. خاپا بولۇش، دىلى ئازار يېيىش، نارازى بولۇش: ھەدەمنىڭ كىتابىنى يىرتىپ قويغىنىم ئۈچۈن، ئۇ مەندىن رەنجىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەنىداش سۆزى: خاپا بولۇش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: رازى بولۇش، خۇشال بولۇش.

**رەھىم** ئى ① مېھىر-شەپقەت، مەرھەمەت، كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق: رەھىم قىلىش. رەھمى كېلىش. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.
مەنىداش سۆزى: مېھىر-شەپقەت، مەرھەمەت، كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق.

**رەھىم قىلىش** قىيىن، مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغان بىرىكىمگە، نەرسىگە نىسبەتەن ئىچىنىش تۇيغۇسى تەسىرىدە شەپقەت كۆرسىتىش، شەپقەت قىلىش، كۆيۈنۈش: ئۇلار زار-زار يىغلاپ «ھەي ئاكا بىزلەرگە رەھىم قىلىڭ، سىزگە خۇدا رەھىم قىلسۇن» دەپ يالۋۇرۇشۇپتۇ.
مەنىداش سۆزى: شەپقەت كۆرسىتىش، شەپقەت قىلىش، كۆيۈنۈش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ياۋۇزلۇق قىلىش، تاش يۈرەكلىك قىلىش.

**رەھمى كېلىش** ئىچى ئاغرىش، كۆيۈنۈش، مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىش: قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا رەھمىم كەلدى.
مەنىداش سۆزى: ئىچى ئاغرىش، كۆيۈنۈش، مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئۆچلۈكى كېلىش، ئاچچىقى كېلىش، رەھىم قىلماسلىق، نەپرەتلىنىش.

**رەھىمدىل** سۈپ. بىرىكىمگە ئازار بەرمەيدىغان، كىشىگە رەھىم-شەپقەت قىلىشنىلا ئويلايدىغان، شەپقەتلىك: رەھىمدىل ئادەم. رەھىمدىل كىشى.
مەنىداش سۆزى: شەپقەتلىك، باغرى يۇمشاق، مېھرىبان.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: شەپقەتسىز، باغرى قاتتىق.

**رەھىمدىللىك** ئى. كۆڭلى يۇمشاقلىق، مېھرىبانلىق، رەھىم-شەپقەت: رەھىمدىللىك قىلىش.

**مەنىداش سۆزى:** كۆڭلى يۇمشاقلىق، مېھرىبانلىق، رەھىم-شەپقەت.

**رېتسېپ** ئى ① دوختۇر كېسەل كىشىگە يېزىپ بەرگەن دورا قەغىزى. ② مەلۇم كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان دورىلارنىڭ نامى، قوشۇلۇش مىقدارى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ياكى ئۇلارنىڭ خاتىرىسى.

**رېكورت** ئى. ھەرقانداق ئىشتا ئېرىشىلگەن ئەڭ ياخشى نەتىجە، بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم. ئادەتتە ئۇ ئۆلكىلىك (ياكى ئاپتونوم رايونلۇق) رېكورت، دۆلەتلىك رېكورت ۋە دۇنيا رېكورتى دېگەنلەرگە بۆلۈنىدۇ: رېكورتنى بۇزماق. رېكورتنى يېڭىلىماق.

**رېكورتنى بۇزۇش** ئېرىشىلگەن ياكى بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى چەكتىن ھالقىپ كېتىش.

**رىيازەت** ئى. جاپا-مۇشەققەت، قىيىنچىلىق؛ ئازاب، ئازاب-ئوقۇبەت: رىيازەت چېكىش.

**مەنىداش سۆزى:** جاپا-مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، ئازاب، ئازاب-ئوقۇبەت.

**رىيازەت چېكىش** جاپا-مۇشەققەت تارتىش، قىينىلىش، ئازاب چېكىش، ئازابلىنىش: بالايىئاپەتلىك يىللاردا، بۇ ئەر-خوتۇن كۆپ رىيازەت چەككەنىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئازاب چېكىش، ئازابلىنىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خۇرسەن بولۇش، شادلىنىش، راھەت كۆرۈش، راھەتلىنىش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ز

**زادى** ① رەۋ. **ھەرگىز، قەتئىي، پەقەت:** بۇ ئىش قىزنىڭ يادىدىن زادى چىقمايتتى. ★ شاھنىياز ئۇ قىزنى قەيەردە كۆرگەنلىكىنى زادى يادىغا ئالالماپتۇ. ② يۈك. **سوئال جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ جاۋابنىڭ ئېنىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:** زادى كېلەمسەن؟ زادى نەگە بارسەن؟ ★ ئالىم دېگەن بۇ كىشى زادى كىم؟ قاسىم زادى نېمىنى ئويلاپ يۈردىكىنە؟

**مەنىداش سۆزى: ھەرگىز، قەتئىي، پەقەت.**

**زەپ** رەۋ. **ناھايىتى، بەك، ئىنتايىن، خويما، ئاجايىپ:** زەپ چىرايلىق.

**زەپمۇ** رەۋ. **تولىمۇ، بەكمۇ، تازىمۇ، قەۋەتلا، خويمۇ:** زەپمۇ ئوبدان. زەپمۇ چىرايلىق. ★ ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى زەپمۇ چىرايلىق ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى: تولىمۇ، بەكمۇ، تازىمۇ، قەۋەتلا، خويمۇ.**

**زەر** ① ئى. **ئالتۇن:** زەر، كۈمۈشتۇر تۇپرىقىڭ، گىياھلىرىنىڭ لالىدۇر، تاغ-داۋان ياپراقلىرىنىڭ، ھۆر ھاياتىنىڭ كانىدۇر. ② سۈپ. **ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلگەن، ئالتۇن سۈيى بىلەن سۈغىرىلغان، ئالتۇن رەڭگىدىكى:** زەر يىپ. ★ پادىشاھ ئۇنى ھېلىقى زەر يۆگەك بىلەن مەرۋايىتنى ئېلىپ كېتىشكە بۇيرۇپتۇ. ③ ئى. **رەڭگى ئالتۇننىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان بىرەر نەرسە، ئالتۇن رەڭگىدىكى بوياق:** ئاسىمگۈل بېشىغا ئاندا-ساندا زەر باسقان يېشىل دۇخاۋا دوپپا كىيىپ مەكتەپكە كېلەتتى.

**زەرەر** ئى. **زىيان، چىقىم، زەخمەت:** ئۇنىڭ سودىسى ئاقماي بىر قېتىمدىلا مىڭ يۈەن زەرەر تارتتى.

**مەنىداش سۆزى: زىيان، چىقىم، زەخمەت.**

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: پايدا، مەنپەئەت.**

**زەرەرسىز** سۈپ. **زىيانسىز، زەخمەتسىز، چىقىمسىز:** بۇغدايلار

قىشچە قار ئاستىدا زەرەرسىز ساقلىنىپ، باھاردا قىر، ئېدىر ۋە ئېتىزلارنى كۆپكۆك مايسىلار بىلەن بېزەيدۇ.
مەنىداش سۆزى: زىيانسىز، زەخمەتسىز، چىقىمسىز.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: زەرەرلىك، زىيانلىق.

**زەرەرلىك** سۈپ. زىيانلىق: بىلمەي تۇرۇپ بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىش قورقۇنچلۇق ۋە ئىنتايىن زەرەرلىك.
مەنىداش سۆزى: زىيانلىق.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: پايدىلىق، مەنپەئەتلىك.

**زەردە** ئى. كۆچلۈك غەزەپ، نەپرەت، ئاچچىق، خاپىلىق: زەردىسى ئۆرلەش. ★ بىركۈنى پېرىم كېچىدە ئابدۇشۈكۈر نېمىشقىدۇر ئۇخلاۋاتقان شەرىپىنى ۋارقىراپ ئويغىتىپ زەردە بىلەن سۆزلىدى.
مەنىداش سۆزى: غەزەپ، نەپرەت، ئاچچىق.

**زەردە قىلىش** ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش، نەپرەتلىنىش: ئۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئادىلغا زەردە قىلدى.
مەنىداش سۆزى: ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش، نەپرەتلىنىش.

**زەررىچە** ئى. ئەڭ كىچىك زەررە، ئەڭ كىچىك بۆلەكچە: ئاشتۇزى سۇدا ئىنتايىن كىچىك، كۆرۈنمەيدىغان زەررىچىلەرگە ئايلىنىپ، سۇغا تەكشى تارقىلىدۇ.

**زەمچە** ئى ① بەزى مېتال سۇلفاتلىرىنىڭ سۇلۇق كىرىستاللىرى: مەسىلەن، كۆكتاش، تۆمۈر سۇلفات قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ② بىرخىل ئانئورگانىك بىرىكمە، يەنى كالىي سۇلفات بىلەن ئاليۇمىن سۇلفاتنىڭ مۇرەككەپ تۇزى. ئۇ رەڭسىز، سۈزۈك كىرىستالدىن ئىبارەت.

**زەھەرخەندىلىك** ئى. ئاچچىق ۋە غەزەپ بىلەن كۈلۈش ھالىتى؛ ئۆچمەنلىك، قارا نىيەتلىك: ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن ھېجىيىپ ماڭا قاراپ تۇراتتى.

**زەھەرلىك** سۈپ ① زەھىرى بار، تەركىبىدە زەھىرى بولغان،

زەھەرلەيدىغان: زەھەرلىك سۈيۈقلۇق. زەھەرلىك ئېلېمېنت. زەھەرلىك ئوت. زەھەرلىك دورا. ② جاندىن ئۆتىدىغان، ئىنتايىن، بەك، قەھرىتان: زەھەرلىك سوغۇق. ③ زەھەر سۈرتىلگەن، زەھەر يالىتىلغان: زەھەرلىك قىلىچ. زەھەرلىك ئوق. ④ كىشىگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان، ئالا كۆڭۈللۈك ھەم قارا نىيەتلىك يوشۇرۇلغان؛ ئىنتايىن ئاچچىق: زەھەرلىك گەپ. ★ ئۇلار دېھقانلار ھەرىكىتىگە زەھەرلىك قولىنى سېلىشتىن باش تارتمىدى. ★ ئۇ غالىبلارچە كېرىلگەن ھالدا سادەتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ زەھەرلىك كۈلۈمسىرىدى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زەھەرسىز.

**زوقلىنىش** پ. زوققا تولۇش، زوقى كېلىش، ھەۋىسى كېلىش، قىزىقىش، ھۇزۇرلىنىش، بېرىلىش: ئۇ يول چېتىدىكى گۈلزارلىقلارغا زوقلىنىپ، تويماستىن قاراپ كېلىۋاتاتتى.

**مەنداش سۆزى:** زوقى كېلىش، ھەۋىسى كېلىش، ھۇزۇرلىنىش، بېرىلىش، قىزىقىش.

**زۇلمەت** ئى ① ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى قاراڭغۇلۇق: زۇلمەت قاپلاش. ② كۆچمە. نادانلىق، جاھالەت، قالاقلىق: — يۇرتىمىزنى زۇلمەت باستى، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن. ★ زۇلمەت باسقان بۇ زېمىننى گومىنداڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، ھەتتا نەچچە ئون مىڭلىغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئىسسىق قانلىرىنى تۆكتى.

**مەنداش سۆزى:** قاراڭغۇلۇق؛ نادانلىق، جاھالەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يورۇقلۇق، ئىللىقلىق، ئازادلىق.

**زۇمرەت** ئى ① تەركىبىدە خروم بولغانلىقى ئۈچۈن ياپيېشىل كۆرۈنىدىغان بىرخىل قىممەت باھالىق تاش. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**زۇننار** ئى ① زىننەتلىك بەلۋاغ، كەمەر. ② كۆچمە. ئاياللارنىڭ

بوينىغا ئاسىدىغان قىممەت باھالىق بۇيۇملارنىڭ بىرى: رازىيەنىڭ زۇننارىنىڭ ياقۇت كۆزى ۋاللىداپ تۇراتتى.

**زۇۋان** ئى ① تىل، گەپ-سۆز: زۇۋان سۇرۇش. ★ پالتىدىن زۇۋان كەتتۇ، قاتىلدىن ئىمان كەتتۇ(ماقال). ② ئۈن، ئاۋاز، تاۋۇش: ھەم، زۇۋانىڭنى چىقارما.

**مەنىداش سۆزى:** تىل، گەپ-سۆز؛ ئۈن-ئاۋاز، تاۋۇش.

**زۇۋانسىز** سۈپ. زۇۋانى يوق، تىلسىز، گەپ-سۆز قىلمايدىغان: قاتتىق زەربىدىن كېيىن زۇۋانسىز بولۇۋالدىم.

**مەنىداش سۆزى:** تىلسىز، گاچا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زۇۋانلىق.

**زۇۋانلىق** سۈپ. زۇۋانى بار، گەپ-سۆز قىلىدىغان.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زۇۋانسىز.

**زۇۋۇلا** ئى. نان يېقىش ۋە چۆپ يېيىش ئۈچۈن تەييارلانغان يۇمىلاق خېمىر: زۇۋۇلا قىلىش. زۇۋۇلا تۇتۇش.

**زۇۋۇلىسى چوڭ** تەلىيى، ئامىتى، بەختى بار؛ پېشانىسى ئوڭ: — ھوي مەلىكەم! خۇدا تەلەيلىرىنى ئوڭ، زۇۋۇلىلىرىنى بەك چوڭ قىلىپ ياراتقانىكەن، — دېدى كەمپىر.

**مەنىداش سۆزى:** پېشانىسى ئوڭ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زۇۋۇلىسى كىچىك.

**زۆھرە** ئى ① ۋېنېرا، چولپان يۇلتۇزى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**زېدە** ئى ① زەخىملەنگەن ياكى سىيىلغان جاي، ئىز؛ يارا، جاراھەت: زېدىسى يوق ئالما. زېدە قوغۇن. ② كۆچمە. دەرد-ئەلەم، ھەسرەت: گالۋاڭ ئېگىزنىڭ بېشى ھەمىشە زېدە(ماقال).

**زېرەك** سۈپ. تېز ئويلىيالايدىغان، زېھنى ئۆتكۈر، كاللىسى ئىشلەيدىغان، سەزگۈر، ئەقىللىق، ھوشيار، چېچەن: زېرەك بالا. زېرەك ئوقۇغۇچى. ★ بۇگۈنكى دوستلىرىڭدىن ئەتىدىكى دۈشمەنلىرىڭ زېرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش



(ماقال). ★ نادان گۆلگە يۆگۈرەيدۇ، زېرەك مېۋىگە (ماقال).
**مەنىداش سۆزى:** سەزگۈر، چېچەن، ھوشيار.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دۆت، گالۋاڭ.

**زېرەكلىك** ئى. ئۆتكۈرلۈك، ئەقىللىقلىق، سەزگۈرلۈك، ھوشيارلىق، چېچەنلىك: ئالماقلىق ـــ زېرەكلىك، بەرمەكلىك ـــ نادانلىق (ماقال). ★ دۈشمەنگە يولۇققاندا زېرەكلىك بىلەن ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەك.
**مەنىداش سۆزى:** سەزگۈرلۈك، ھوشيارلىق، چېچەنلىك، ئۆتكۈرلۈك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كالۋالىق، بىخۇدلۇق، دۆتلۈك، گالۋاڭلىق.

**زېھىن** ئى. ئىنساننىڭ بىلىش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى؛ ئەس-ھوش، ئەقىل، ئىدراك: زېھنى ئۆتكۈر. ★ بالام پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ دادىسىنىڭ تەلىمنى ئاڭلايتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭلىگە پۈكەتتى.
**مەنىداش سۆزى:** ئەس-ھوش، ئەقىل، ئىدراك.

**زىل** سۈپ ① بوم ياكى توم ئەمەس، ئىنچىكە، يىقىملىق (ئاۋاز ھەققىدە): ئۇلارنىڭ مەشىق ۋاقتىدىكى زىل ئاۋازلىرى ئائىلە تورمۇشىغا بىگىچە تۈس بەردى. ② قوپال گەپ-سۆز ۋە قوپال مۇئامىلىنى كۆتۈرەلمەيدىغان، نازۇك: زىل ئادەم. زىل ئوقۇغۇچى. زىل كۆڭۈل. ③ سىلىق، چىرايلىق، ئىنچىكە: قېيۇم ئۇستا زىل ئىش قىلىدىغان تەجرىبىلىك ئۇستا ئىدى.

**زىلچا** ئى. يۇڭ ياكى يىپەكتىن ھەر خىل رەڭدە تىۋىتلىق توقۇلۇپ، يەرگە سېلىنىدىغان ياكى تامغا ئېسىپ قويۇلىدىغان ئائىلە بۇيۇمى؛ گىلەم: زىلچا سېلىنغان سۇپا. زىلچا سېلىنغان ئۆي.
**مەنىداش سۆزى:** گىلەم.

**زىللىشىش** پ. زىل ھالەتكە كېلىش، زىل بولۇپ قېلىش: ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە تولىمۇ زىللىشىپ كەتتى.

مەنداش سۆزى: نازۇكلىشىش، ئىنچىكىلىشىش.

**زىللىق** ئى. زىل ھالەت، زىل خاراكتېر، زىل مىجەز: زىللىق قىلماق. ئاۋازنىڭ زىللىق دەرىجىسى.

مەنداش سۆزى: نازۇكلۇق، ئىنچىكىلىك.

**زىلۋا** سۈپ ① نازۇك، ئىنچىكە، ئەۋرىشىم: پاتمە يۇملاق، ئاق يۈزلۈك، بويى زىلۋا ئوماققىنە قىز ئىدى. ② كۆچمە. گۈزەل، چىرايلىق: ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى، تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق، يېرتىلسا كالېندارنىڭ بىر ۋارىقى، ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.

مەنداش سۆزى: نازۇك، ئىنچىكە، ئەۋرىشىم.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: يوغان، توم، قوپال.

**زىلۋالىق** ئى. نازۇكلۇق، ئەۋرىشىم خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھالەت؛ گۈزەللىك، چىرايلىقلىق: ئۇنىڭدىكى زىلۋالىق كىشىنى تولىمۇ ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

مەنداش سۆزى: نازۇكلۇق، گۈزەللىك، چىرايلىقلىق.

**زىممە** ئى. ئۈست، بويۇن (ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت، بۇرچ قاتارلىقلارغا نىسبەتەن): زىممىسىگە ئېلىش. زىممىسىگە چۈشۈش.

**زىناق** ئى. كۆلگەندە قوۋۇزدا پەيدا بولىدىغان ئويمانچە، چوڭقۇرلۇق: قىز كۈلۈپ، لەۋلىرىنى تەۋرەتكەندە ھەر قاچانقىدەك مەڭزىدە زىناق پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ جامالىغا يېڭى گۈزەللىك قوشۇلغاندەك بولۇپ كەتتى.

**زىننەت** ئى ① گۈزەللىك ۋە ھۆسن بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇيۇم؛ بېزەك، ھۆسن: ئاتنىڭ زىننىتى ئېگەر-توقۇم(ماقال). ② ئايالالارنىڭ ئىسمى.

مەنداش سۆزى: بېزەك، ھۆسن.

**زىننەتسىز** سۈپ. زىننىتى يوق، زىننەتلەنمىگەن، كۆرۈمسىز، سەت: زىننەتسىز ئۆي. زىننەتسىز رېستوران.

مەنداش سۆزى: زىننەتلەنمىگەن، كۆرۈمسىز، سەت.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: زىننەتلىك، زىننەتلەنگەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆركلۈك.

**زىننەتلەش** پ. ھەر خىل چىرايلىق، زىننەتلىك نەرسىلەر بىلەن بېزەش، ھۆسن كىرگۈزۈش: ئۇلار ئالدى بىلەن ئوردىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى زىننەتلىمەكچى بولدى. ★ ئىلىم-پەنگە چىن دىلدىن باغلاپ ئوتلۇق ئىشتىياق. زىننەتلەيمەن قەلبىمنى، چېچەپ گۈلدەك خۇش پۇراق.

**مەنىداش سۆزى:** بېزەش، كۆركەملەشتۈرۈش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سەتلەشتۈرۈش، كۆركەمسىزلەشتۈرۈش.

**زىننەتلىك** سۈپ. زىننەتى بار، زىننەتلەنگەن، كۆركلۈك، چىرايلىق، گۈزەل: زىننەتلىك ئۆي. ★ ئۇ ناھايىتى زىننەتلىك ئىشلەنگەن چوڭ دەرۋازىغا يولۇقتى.

**مەنىداش سۆزى:** زىننەتلەنگەن، كۆركلۈك، گۈزەل، چىرايلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زىننەتسىز، كۆرۈمسىز، زىننەتلەنمىگەن، سەت.

**زىيارەت قىلىش** ① مۇقەددەس جايلار، چەت دۆلەتلەر، داڭلىق شەخسلەر ياكى يېقىن كىشىلىرىنىڭ قەبرىسى قاتارلىقلارنى يوقلاش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش: ئۆتكەن يىلى ھېيت مەزگىلىدە بىز بىر گۇرۇپپا ئادەم بىرىپ ھېيتگاھ جامەسىنى زىيارەت قىلدۇق. ② ھۆرمەت ياكى رەسمىيەت ۋەياكى خەۋەر ماقالىلەرگە ماتېرىيال ئېلىش يۈزىسىدىن بىرەر كىشىنى ۋەياكى بىرەر ئورگاننى يوقلاش، سۆھبەتلىشىش: بىرىنچى كۈنى ئامىنە ۋە ئەمەتلەرنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كىرىئاتقان دوختۇر، سېسترا ۋە كېسەللەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

**مەنىداش سۆزى:** يوقلاش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش.

**زىيان-زەخمەت** ئى. زىيان ۋە زەخمەت، زىيان: قۇشلارنى ياخشى ئاسرىشىمىز، ئۇلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەسلىكىمىز لازىم.

**مەنىداش سۆزى:** زىيان، زەخمەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پايدا - مەنپەئەت.

# س

**سائادەت** ئى ① زور بەخت، پارلاق ئىستىقبال، ئامەت، تەلەي:
— ھاتەمنىڭ بىزگە نېسىپ بولۇشى زور سائادەتتۇر، — دېدى شاھ رازىلىق بىلەن.
② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**سائەتلەپ** رەۋ. بىرنەچچە سائەت سەرپ قىلىپ، بىرنەچچە سائەت داۋامىدا، سائەتنى سائەتكە ئۇلاپ، ئۇدا بىرنەچچە سائەت: ئۇ دائىم بىرقانچە ئۇن سائەتلەپ تەجرىبىخانىسىدىن چىقماي ئىشلەيدۇ.

**سائەتلىك مىنا** ئى. مىنالارنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭغا سائەت مېخانىزمى ئورنىتىلىدۇ. ئىشلىتىلىدىغان ۋاقىــتتا، سائەت ئىستىرېلكىسى كېرەكلىك ۋاقىتقا توغرىلاپ قويۇلىدۇ، سائەت مېخانىزمى ئادەتتىكى سائەتتەك مېڭىۋېرىپ، توغرىلانغان ۋاقىتقا ئۇدۇل كەلگەندە، مىنا پارتلايدۇ.

**سابىق** سۈپ. بۇرۇن بولغان، بۇرۇنقى، ئىلگىرىدىكى، كونا:
مەكتەپنىڭ سابىق مۇدىرى. ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ سابىق باشلىقى.
**مەنىداش سۆزى:** بۇرۇنقى، ئىلگىرىدىكى، كونا.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھازىرقى، يېڭى، يېڭىسى.

**ساپ** I سۈپ ① تازا، پاكىز، پاك، سۈزۈك، چاڭ-توزانلاردىن خالىي: ھاۋا شۇ قەدەر ساپ ئىدىكى، ئاسماندا تولۇن ئاي كۈلەتتى. ② باشقا ئارىلاشمىسى بولمىغان، تازا: ساپ ئالتۇن. ★ ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، مۇڭلۇق ھەم ساپ ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** تازا، پاكىز، پاك، سۈزۈك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەينەت، چىركىــن، ناپاك، پاسكىنا؛ ئارىلاش، ئارىلاشما.

**ساپ** II ئى. ئەسۋابلارنىڭ قول بىلەن تۇتىدىغان قىسمى، تۇتقۇچ،

www.uyghurkitap.com

دەستە: كەتمەن سېپى. گۈرجەك سېپى. ★ ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قوللىرىنى قىلىچنىڭ سېپىغا يۈگۈرتۈپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** دەستە.

**ساپال** ① سۈپ. سېغىز لايدىن ياساپ مەخسۇس خۇمداندا پىشۇرۇلغان: ساپال قاچا. ساپال تاۋاق. ② ئى. سېغىز لېيىدىن ياسىلىپ مەخسۇس خۇمداندا پىشۇرۇلغان ھەر خىل بۇيۇم: مۇخپۇل ئاكىنىڭ قولىدا سىرتى پىشىل سىرلانغان ساپال بار ئىدى.

**سادا** ① ئى. تاۋۇش، ئاۋاز، ئۈن: تاغ جىلغىسىغا كىرىشىم بىلەن تەڭ، قۇلىقىمغا بىر سادا ئاڭلاندى. ② كۆچمە. جاۋاب، ئىنكاس: بۇ تەلەپ كىشىلەر ئارىسىدا قاتتىق سادا پەيدا قىلدى. ★ باشقىلارغۇ بوسۇغىمىزنى ئاتلاپ كىرىپ باقمىدى، قىزىمىزدىمۇ بۇ ھەقتە تىخمۇ سادا يوق ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** تاۋۇش، ئاۋاز، ئۈن، ئىنكاس.

**ساقلىق** ئى. ساغلاملىق، تەن دۇرۇسلۇق: تەن ساقلىق — زور بايلىق.

**مەنىداش سۆزى:** ساغلاملىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زەئىپلىك، ساقسىزلىق، كېسەللىك، مەجرۇھلۇق.

**ساقىت** سۈپ. ئېلىپ تاشلانغان، بىكار قىلىنغان، بىكار: ساقىت بولۇش. ساقىت قىلىش.

**ساڭ** ئى. ئاشلىق ئامبىرى، ئامبار.

**مەنىداش سۆزى:** ئامبار، ئىسكىلات.

**ساڭچى** ئى. ئاشلىق ئامبىرىغا قارىغۇچى ياكى ئۇنى باشقۇرغۇچى كىشى: ساڭچى ئۇنىڭدىن ھۆججەت تەلەپ قىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئامبارچى.

**سالاملىشىش** پ. بىر-بىرىگە سالام بېرىشىپ كۆرۈشۈش، تىنچ-ئامانلىق سورىشىش: ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ئايال بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

**ساما** I ئى. ئاسمان، كۆك: ئۇ سامادا قاناتلىرىنى كەڭ كېرىپ ئەگىپ

يۇرگەن بىر سارنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قالدى.

**مەنداش سۆزى:** ئاسمان، كۆك.

**ساما** II ئى ① ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ناغرا ئۇسسۇللىرىدىن بىرى. كۆپىنچە ھېيت-بايراملاردا ئوپچە ئوينىلىدۇ: ساماغا چۈشۈش. ساما ئويناش. ② سوپى-ئىشانلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىدە، زىكىر، تەلقىنگە ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارىدىغان بىرخىل ھەرىكىتى، كۆپىنچە ئىككى قول ئالدى-كەينىگە تاشلىنىپ، بەل ئېگىلگەن ھالدا پىرقىراپ ئوينىلىدۇ.

**ساندۇق** ① ئى. ئىچىگە كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ ساقلاشقا بولىدىغان، ياغاچ ياكى تۆمۈردىن چاسا قىلىپ ياسىلىدىغان، ئېچىپ-يېپىشقا بولىدىغان ئائىلە بۇيۇمى: ياغاچ ساندۇق. تۆمۈر ساندۇق. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، ساندۇققا قاچىلانغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر ساندۇق ئوق. ئىككى ساندۇق كۈمۈش.

**ساي** ئى. جىلغا ياكى ئىككى تاغ ئارىسىدىكى ئۇششاق تاشلىق جاي، ئۇششاق تاشلىق تۈزلەڭلىك: پۇل بايغا، سۇ سايغا ئاقار (ماقال). ★ ساي يوللىرى بەك ئىسسىق بولىدۇ.

**سايىدەك** سۈپ. سايىغا ئوخشاش، بەئەينى سايىنىڭ ئۆزىدەك: بالام ئۆيدە خۇددى سايىدەك ئارقامدىن ئەگىشىپلا يۈرەتتى.

**سەپداش** ئى ① ھەربىي خىزمەتتە بىرگە، بىر سەپتە بولغان كىشىلەر (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): ئۇلار ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بىر خەندەكتە جەڭ قىلغان يېقىن سەپداشلاردىن ئىدى. ② كۆچمە. بىر ساھە، بىر تەشكىلات ياكى بىر ئورۇندا بىللە ئىشلىگەن كۈرەش قىلغان كىشىلەر (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): بىلال ئەزىزى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يېقىن سەپدىشى ئىدى.

**سەپداشلىق** ئى. سەپداشلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى تارىيسى

سەپداشلارغا خاس يېقىنلىق: سەپداشلىقىمىز يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم.

**سەپسىلىش** پ. دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قاراش، تەپسىلىي قاراپ چىقىش: ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ، ئەرلەر تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ، ھەربىر كىشىنىڭ چىرايىغا سەپسىلىپ قاراشقا باشلىدى.

**سەرخىل** سۈپ. ئالدىنقى قاتاردىكى، خىللانغان، تاللانغان: سەرخىل قوغۇن. ★ گۈلنىڭ سەرخىلى گۈل ئارىسىدا، ئەرنىڭ سەرخىلى ئەل ئارىسىدا (ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** خىللانغان، تاللانغان.

**سەركە** ئى ① يېچىلغان ئەركەك ئۆچكە: قوينى سەركە باشلايدۇ، ئۇيۇننى ئەركە (ماقال). ② جەرەننىڭ ئەركىكى، ئەركەك جەرەن: توپ ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقان جەرەن سەركىسى ئۇدۇلدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان تاقىر تاغ تەرەپكە يول ئالدى. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشتا، پائالىيەتتە ئالدىدا مېڭىپ، باشقىلارنى يېتەكلىگۈچى؛ يولباشچى: ئۇلار بۇ بۇرۇلۇش دەۋرىنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ، تۇراپ قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار سىنىپنىڭ سەركىسى ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** يول باشلىغۇچى، يولباشچى.

**سەگەكلەشتۈرۈش** پ. سەگەك ھالەتكە كەلتۈرۈش، سەگەكلىكنى ئاشۇرۇش، سەگەك قىلىش: بۇنداق قىلغاندا، باشنىڭ قان ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مېڭىنى سەگەكلەشتۈرگىلى، مېڭىنىڭ چارچىشىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** سەگەك قىلىش.

**سەگىش** پ. سالقىنداش، سەگىدەش: مەن باغدا بىردەم ئولتۇرۇپ بىرئاز سەگىپ قالدىم.

**مەنىداش سۆزى:** سالقىنداش، سەگىدەش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىسسىنىش.

**سەل-پەل** بىرئاز، ئازغىنا، سەل: ئۇ سەل-پەل كۆلۈمسىرىگەن ھالدا رەھمەت دېگەندەك كالپۇكلىرىنى مىدىرلاتتى. ★ ئۇ ئۆزىنى سەل-پەل كۆرسىتىپلا

كېتىپ قالدى. ★ جۇمە قوشۇمىسىنى سەل-پەل تۈرلۈۋېلىپ نېمىنىدۇر يادىغا كەلتۈرگەندەك سادىققا قارىدى.

**سەن** ئال. كىشىلىك ئالماش ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈرىنىڭ بىرخىلى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى ئادەتتىكىچە ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ: سەن سالا، مەن سالا، ئاتقا ئوتنى كىم سالا(ماقال).

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مەن.

**سەنلەر** ئال. ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك شەخس ئالمىشىنىڭ سەتلىمە تۈرى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق ساندىكى ئاڭلىغۇچىنى ياكى ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى سەتلەپ ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.

**سەيپۇڭ** ئى. ماشىنىچى.

مەنىداش سۆزى: ماشىنىچى.

**سودا** ئى. ئائىورگانىڭ بىرىكمە. ئاق رەڭلىك پاراشوك ياكى دانچە ھالىتىدە بولۇپ، سۇدىكى ئېرىتمىسى كۈچلۈك بولۇشتەك ئاساسىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئادەتتە ئەينەكچىلىك، قەغەزچىلىك، سوپۇن ۋە توقۇمىچىلىق ھەم كۆن-خۇرۇم سانائىتى قاتارلىقلارغا خام ئەشيا قىلىنىدۇ.

**سورت** ئى. ① سۇنئىي ئۇسۇلدا تاللانغان ۋە يېتىشتۈرۈلگەن، بەلگىلىك ئىقتىسادىي قىممەت ۋە ئورتاق ئېرسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم جانلىق ئورگانىزم. ئادەتتە ئۆستۈرۈلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر، مال-چارۋىلار ۋە ئۆي قۇشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② مالنىڭ، مەھسۇلاتلارنىڭ قىممەت جەھەتتىكى تۈرى، خىلى: پولاتنىڭ يېڭى سورتى.

مەنىداش سۆزى: تۈر، خىل.

**سوغۇق** ① سۈپ. ھارارىتى، تېمپېراتۇرىسى بەلگىلىك گرادۇستىن تۆۋەن بولغان: سوغۇق سۇ. سوغۇق ھاۋا. ★ يېڭى كوزىنىڭ سۈيى سوغۇق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

(ماقال). ② ئى. هارارىتى، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن هاۋا، ئاياز: بىز قارلىق تاغقا يېرىپ چىنىقىشىمىز، سوغۇقتىن قورقماسلىقىمىز كېرەك. ③ ئى. سوغۇققا تەۋە يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىش نەتىجىسىدە ئورگانىزم پائالىيىتىنىڭ سۇسلىشىشى: سوغۇقى ئاشماق. سوغۇق كەلمەك. ④ سۈپ. كۆچمە. ئۆزىگە جەلپ قىلمايدىغان، كۆڭۈلگە ياقمايدىغان، يېقىمسىز، سوغۇق: سوغۇق مۇئامىلە. سوغۇق جاۋاب. ★ ئۆزى سوغۇقنىڭ قىلىقى سوغۇق(ماقال).

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىسسىق.

**سوغۇق تېگىش** ① سوغۇقنىڭ قاتتىق تەسىر قىلىشى بىلەن بىرەر ئورگانىزمدا كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلۈش: ئۇنىڭ يادىغا ئايىنۇر كەلدى، ئايىنۇرنىڭ ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكەن بولۇپ، هازىر دوختۇرخانىدا ئىدى. ② كۆچمە. قوپاللىق قىلىش، قوپال پوزىتسىيە تۇتۇش، توڭ تېگىش: چوڭام، سىلى بىلەن مەن ئوخشاش، بىر-بىرىمىزگە ئۇنچىلا سوغۇق تەگمىسەكمۇ بولىدۇ.

**سوغۇق ئىچىملىك** ئى. گاز سۈيى، گىلاس شىرنىسى، دوغاپ قاتارلىق سوغۇق پېتى ئىچىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئىچىملىك.

**سوۋغات** ئى. هۆرمىتىنى ئىپادىلەش، كۆڭلىنى ئېلىش، تەبرىكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن بېرىدىغان نەرسە، هەدىيە: ئۇلار ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن لۆڭگە، سوپۇن، يىپ-يىڭنە قاتارلىق سوۋغاتلارنى قېرىلارغا تەقدىم قىلدى. ئاندىن كېيىن ئوغۇللار بوۋاينىڭ چاچ-ساقىلىنى ئېلىپ قويىدى.

**مەنىداش سۆزى:** هەدىيە، سوۋغا.

**سۇ ئۆسۈملۈكى** ئى. سۇ ئىچىدە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۇلار ئادەتتە يۇسۇن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بېلىق سېلىنغان ئەينەك قۇتا ئىچىگە ئازراق سۇ ئۆسۈملۈكى سېلىپ قويسىمۇ بولىدۇ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكى.

**سۇلفات كىسلاتا** ئى. رەڭسىز، مايسىمان سۇيۇقلۇق، سۇدا كۈچلۈك ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ، قەغەز، ياغاچ، ئادەم بەدىنى ۋە كىيىملەرگە تەگسە دەرھال ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇ پارتلىغۇچ دورا، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە دورا ياساشتا مۇھىم ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**سۇيۇق** سۈپ ① سۇ تەركىبى كۆپ بولغان، سۇيۇلدۇرۇلغان؛ قويۇقنىڭ ئەكسى: سۇيۇق جىسىم. سۇيۇق مادda. سۇيۇق ماي. ② زىچ ئۆسمىگەن، قويۇق ئەمەس؛ شالاڭ (چاچ، ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە): چېچى سۇيۇق قىز. سۇيۇق ئۆسكەن شال. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشتا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، تۇتامى يوق؛ يەڭگىل: سۇيۇق ئادەم.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قويۇق.

**سۇيۇقلۇق** ئى ① مۇئەييەن ھەجىمى بولغان، لېكىن شەكلى بولمىغان، ئېقىپ ھەرىكەتلىنىدىغان جىسىم. نورمال تېمپېراتۇرىدا ماي، سۇ، ھاراق، سىماب قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۇيۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ: دورا سۇيۇقلۇقى. ② ماددىلارنىڭ سۇيۇلۇش دەرىجىسى: قاننىڭ سۇيۇقلۇقىنى ئۆلچەش. سۇيۇقلۇقى ئېشىش. ③ كۆچمە. تۇتامسىزلىق. قەتئىي ئىرادىسى، ئېنىق مەيدانى بولماسلىق: — قىزنىڭ سۇيۇقلۇقىنى سىزمۇ بىلىدىغانسىز ئاچا، — دېدى سىڭلىسى مەنىلىك قىلىپ.

**سۆك** ئى. ئاقلانغان تېرىق: چۈجە چوڭىيىپ بىر ھەپتىلىك بولغاندىن كېيىن دان چېچىپ بېرىپ باقساق بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئانچە-مۇنچە كۆكتات يوپۇرمىقى، سۆك قاتارلىقلارنىمۇ قوشۇپ بېرىمىز.

**سۆگەتگۈل** ئى. سۆگەتگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يىپسىمان تۆمۈنە شەكلىدە بولۇپ، قىلىن ھەم چىڭ كېلىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈلى ئاق ياكى سۈس قىزىل، سەل پۇرايدۇ.

**سۆيۈملۈك** ① سۈپ. كىشى ياخشى كۆرىدىغان، ئىززەت-ھۆرمەتكە لايىق، قەدىرلىك، ئەزىز، يېقىملىق: سۆيۈملۈك بۇرادەر. سۆيۈملۈك ئۇستاز. سۆيۈملۈك ۋەتەن. ② ئى. سۆيگەن يار: — سۆيۈملۈكۈم، بىرئاز ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ ئۆز ئايالىغا.

**مەنىداش سۆزى:** قەدىرلىك، ئەزىز، يېقىملىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىرگىنچلىك.

**سۆيۈنچ** I ئى. خۇشاللىق ھېس تۇيغۇسى، شادلىق، خۇرسەنلىك، مەمنۇنىيەت؛ قۇۋانچ: ئۇ كىشى تولۇپ تاشقان سۆيۈنچ بىلەن: — سىلەر تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار، — دېدى باللارغا.

**مەنىداش سۆزى:** شادلىق، خۇرسەنلىك، مەمنۇنىيەت، قۇۋانچ؛ سۆيۈنۈش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خاپىلىق، رەنج؛ بىزارلىق.

**سۆيۈنچ** II پ. سۆيۈنچ ھېس قىلىش، خۇرسەن بولۇش، خۇشاللىنىش، قۇۋىنىش: دېھقانلار بىپايان دالىنى قاپلاپ ياغقان قېلىن قارغا قاراپ، خۇشاللىقىدىن دىللىرى سۆيۈنۈپ، توختىماي «ياخشى ياغقان قار، ياخشى ياغقان قار» دېيىشتى.

**سۆيۈنۈش** پ. سۆيۈنچ ھېس قىلىش، خۇشال بولۇش، خۇشاللىنىش، كۆڭلى يايراش، شادلىنىش: مەن بالامنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ تاللانغانلىقىنى ئاڭلاپ سۆيۈندۈم.

**مەنىداش سۆزى:** خۇشال بولۇش، خۇشاللىنىش، كۆڭلى يايراش، شادلىنىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** غەش بولۇش، خاپا بولۇش، كۆڭلى يېرىم بولۇش.

**سۈت** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلاردىكى سۈت بېزى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ئاق سۈيۇقلۇق، تەركىبىدە سۇ، ئاقسىل، لاكتوزا

ۋە تۇز قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار بولىدۇ. ② بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى، يوپۇرمىقى ياكى مېۋىسىدىكى ئاق سۈيۇقلۇق: سېمىز ئوتنىڭ سۈتى. سۈتلۈك ئوتنىڭ سۈتى.

**سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار** ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئانا تېنىدىكى سۈت بېزىدىن ئاجرىلىپ چىققان سۈت ئارقىلىق بالىلىرىنى بېقىش ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدۇر.

**سۈرتۈش** پ. سۈرتكۈچ، لاتا، قەغەز قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن مەلۇم نەرسىلەرنى ئېرتىپ تازىلاش، ئېرتىش: دېرىزە سۈرتۈش. ئۈستەل سۈرتۈش.

**مەنداش سۆزى:** ئېرتىش.

**سۈزگۈچ** ئى. چاچقا يېلىم چاپقاندا يېلىم تەركىبىدىكى قېتىشما نەرسىلەرنى سۈزۈش ياكى ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىرخىل تارغاق. ئۇ ئادەتتە سۆڭەك، ياغاچ قاتارلىق قاتتىق نەرسىلەردىن ياسىلىدۇ، ئۇنىڭ چىشلىرى تارغاقنىڭكىدىن زىچ بولىدۇ: چاچنى سۈزگۈچ بىلەن سۈزمەك.

**سۈزۈش** پ. سۈزگۈچ بىلەن چاچتىكى يېلىم قېتىشمىسى، سىركە قاتارلىقلارنى چىقىرىۋېتىش: قىز ساۋاقداشلارنىڭ چېچى ئۇزۇنراق بولىدۇ، سۈزگۈچ بىلەن سۈزمەسلىك، تارىغاندا كۈچەپ تارىماسلىق كېرەك.

**سۈزۈك** ① سۈپ. ھېچقانداق نەرسە ئارىلاشمىغان، پاكىز، سۈزۈلگەن، سۈزۈلگەن ھالەتتىكى: سۈزۈك سۇ. سۈزۈك ياغ. ② ئى. سۇيۇقلۇقلارنىڭ ھېچنېمە ئارىلاشمىغان ساپ قىسمى: سۇنىڭ سۈزۈكى. ياغنىڭ سۈزۈكى. ③ سۈپ. تۇتۇق ئەمەس، ناھايىتى ئوچۇق: سۈزۈك ئەينەك. سۈزۈك تاش. سۈزۈك ئاسمان. ★ سۈزۈك ۋە ساپ ھاۋادا ياشىغان ئادەملەرنىڭ تېنى ساغلام، چىرايلىق، خۇشخۇي ۋە خۇشال بولىدۇ.

**مەنداش سۆزى:** تىنىق، زۇلال.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ناپاك، تۇتۇق.

www.uyghurkitap.com

**سېخىي** سۈپ. مەرد، قولى ئوچۇق، كىشىدىن ھېچنەرسىنى ئايىمايدىغان؛ كىشىگە غەمخورلۇق قىلىدىغان: سېخىي ئادەم. سېخىي بالا. ★ پادىشاھنىڭ ناھايىتى سېخىي بىر ئايالى بار ئىكەن، ئۇ دائىم كەمبەغەللەرگە ياردەم قولىنى سۇنىدىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** مەرد، قولى ئوچۇق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نامەرد، پىخسىق.

**سېخىيلىك** ئى. ھېچ نەرسە ئايىماسلىق: سېخىيلىق قىلماق. ★ سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرىدىكى چىراغلار كوچىغا سېخىيلىق بىلەن نۇر چېچىپ تۇراتتى.

**مەنىداش سۆزى:** مەردلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نامەردلىك، پىخسىقلىق.

**سېرك** ئى. ئېگىزدە موللاق ئېتىش، سىم ئارغامچىدا مېڭىش، ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش، شىر، ئېيىق، مايمۇنغا ئوخشاش ھايۋانلارنى ئوينىتىش ۋە سېھىرگەرلىك قاتارلىق ئويۇنلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**سېرىقتال ۋاقتى** دېھقانلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ئاخىرلىشىپ ئۈزۈككىچىلىك پەيدا قىلغان، قىيىنچىلىق تۇغۇلىدىغان ۋاقىت، ئۈزۈككىچىلىك، قۇرۇقچىلىق ۋاقتى، غورىگىل ۋاقىت: — ھازىر سېرىقتال ۋاقتى، ئۆزىمىز يەيدىغانغا ئاشلىق قالمايۋاتىدۇ، ساتىدىغانغا نەدە تۇرۇپتۇ، — دېدى دادام ياسىن ئاكامغا تاغارنى كۆرسىتىپ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مولچىلىق، باياشاتلىق، ئاۋاتچىلىق، توقچىلىق ۋاقتى.

**سېغىنىش** پ. ياخشى كۆرگەن نەرسىنى يىگۈسى، يېقىن كىشىسىنى، يۇرت، ۋەتىنىنى ناھايىتى بەك كۆرگۈسى كېلىش، كۆڭلىدە ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى پەيدا بولۇش؛ سۆيۈنۈش ئىستىكى تۇغۇلۇش: — كۆزۈمگە ئۆيىمىز كۆرۈندى، دادامنى سېغىندىم، — دەپتۇ قىز.

**سېھىرگەر** ئى. سېھىر قىلغۇچى، جادۇگەر، ئەپسۇنچى، كۆز

باغلىغۇچى: دۇنيانىڭ ھەقىقىي بىرلىكى ئۇنىڭ ماددىلىقىدا، بۇنداق ماددىلىقنى بولسا سېھىرگەرلەرنىڭ بىر-ئىككى ئېغىز سۆزى بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ.
مەنىداش سۆزى: جادۇگەر، ئەپسۇنچى، كۆز باغلىغۇچى.

**سېنتەبىر** ئى. توققۇزىنچى ئاي: سېنتەبىرنىڭ شامىلى، دېرىزىدىن كىرگەچكە. ئويناپ كەتتى يۈرىكىم، خۇشاللىقتا چۆمگەچكە.

**سىر** I ئى. مىنېرال بوياق، ئەلىپماي ۋە سىمولا قاتارلىقلاردىن ئىشلىنىدىغان، نەرسىلەر يۈزىگە سۈركەش ئارقىلىق چىرىتىشتىن مۇداپىئەلەنگىلى ۋە پارقىراقلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدىغان بىرخىل بوياق.

**سىر** II ئى. باشقىلاردىن مەخپىي تۇتۇلىدىغان، ئۆزىگىلا مەلۇم، ئۆزگىلەرگە نامەلۇم بولغان ئىش-ھەرىكەت، نەرسە؛ مەخپىيەت، مەخپىيەتلىك: سىر ساقلاش.
مەنىداش سۆزى: مەخپىيەت، مەخپىيەتلىك.

**سىر ساقلاش** بىرەر سىرنى، مەخپىيەتلىكنى باشقىلارغا بىلدۈرمەستىن ئۆزىلا بىلىش، باشقىلاردىن مەخپىي تۇتۇش: — بالام سەن بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمە، سىر ساقلا، — دېدى بوۋاي ماڭا جىكىلەپ.
مەنىداش سۆزى: مەخپىي تۇتۇش، يوشۇرۇش.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: سىر ئېچىش.

**سىرت** ئى. ئۆي، ھويلا قاتارلىق مەلۇم قورشاۋدىكى دائىرىنىڭ تاشقىرىسى، تالا، تالا-تۈز: ئۆي سىرتى. مەھەللە سىرتى. شەھەر سىرتى.
مەنىداش سۆزى: تالا، تالا-تۈز.

**سىرلىق** I سۈپ. سىرلانغان، يۈزىگە تەكشى سىر سۈرتۈلگەن، سىر بىلەن بويالغان: سىرلىساڭ سىرلىق ئاياق، سىرلىمساڭ ئىتقا يالاق (ماقال).

**سىرلىق** II سۈپ ① قانداقتۇر بىر سىر يوشۇرۇنغان، مەلۇم سىرى بار، مۆجىزىلىك: سىرلىق قارىماق. ② باشقىلاردىن سىر

تۇتۇلغان ياكى باشقىلار بىلىپ قالسا بولمايدىغان؛ مەخپىي، يوشۇرۇن: سىرلىق سۆھبەت. ③ سىرنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان؛ ناھايىتى ھەيۋەتلىك: سىرلىق ئادەم.

**سىز** ئال. كىشىلىك ئالماش ئىككىنچى شەخس بىرلىكنىڭ سىپايە تۈرى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى سىپايىلىك بىلەن ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ: سىز قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟

**سىقىش** پ ① ئوراپ، چاڭگاللاپ تۇتۇش؛ قاماپ مۇجۇش، قىسىش: ئىچ كىيىمنى يۇغاندا ئۇنى سۇدىن ئېلىپ بىرئاز سىقىۋېتىپ، ئاندىن يايغان تۈزۈك. ② مۇجۇپ، تولغاپ تەركىبىدىكى سۈيىنى چىقىرىش: ئۇ ھۆل كىيىملىرىنى سىقىۋېتىپ ئارغامچىغا يايدى.

**سىگنال** ئى. بىر مەلۇمات، بۇيرۇق، خەۋەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بېرىلگەن ئاۋاز، شەپە، نۇر، شەرتلىك بەلگە، ئىشارەت قاتارلىقلار.

**سىڭىش** پ ① ئاستا-ئاستا سىزىپ ئىچكى قاتلاملىرىغا ئۆتۈش، ئىچكى قىسمىغا كىرىپ كېتىش: سۇنىڭ مەلۇم مىقداردا يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ② ھەزىم بولۇش، ئاشقازانغا كىرىپ ئۆزلىشىش: تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە سىڭەر (تەمسىل).

**سىلەر** ئال. كىشىلىك ئالماش ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق ساندىكى ئاڭلىغۇچىنى ياكى ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر توركۇم ئادەمنى ئادەتتىكىچە ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.

**سىلى** ئال. كىشىلىك بىرىنچى شەخس بىرلىك شەكلىنىڭ سىپايە تۈرى: موماينىڭ زېھنى ئۆتكۈر، تىلى تاتلىق بولۇپ، ھەممەيلەننى «سىلى» دەپ سۆزلەيتتى.

**سىيلىق** سۈپ. ھېچقانداق ئەگرى - بوگرىسى، ئوي - دۆڭى يوق،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەپتەكشى؛ يۇمشاق، قوپال ئەمەس؛ راۋان: بۇ ئىشكاپ ناھايىتى سىيلىق ياسىلىپتۇ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قوپال، كېلەڭسىز، مۇدۇر - چوقۇر.
**سمولنىي سارىيى** روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى قوماندانلىق شتابى تۇرۇشلۇق جاي. ئۇ پېتربۇرگ شەھىرىگە جايلاشقان.
**سىنچىلاش** پ. دىققەت بىلەن زېھىن قويۇپ قاراش، زەن قويۇش: ئۇلار نېمىدۇر بىرنەرسىنى سىنچىلاپ كۆرۈشۈۋاتاتتى.
**مەنىداش سۆزى:** زەن قويۇش.
**سىنچىلاپ قاراش** دىققەت بىلەن قاراش، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش؛ دىققەت ۋە زېھىن قويۇپ قاراش، ئەستايىدىل قاراش: — سىز قەيەرنىڭ ئادىمى، — دېدى ئۇ ئات ئۈستىدىكى ئادەمگە سىنچىلاپ قاراپ. ★ ئۇ ئالبومدىكى ھەربىر رەسىمگە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئادەتتىكىچە قاراش، مۇنداقلا قاراش، چالا - بۇلا قاراپ چىقىش.

# ش

**شادلىنىش** پ. خۇشال بولۇش، مەمنۇن بولۇش، سۆيۈنۈش: قىز بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى شادلاندى.
**مەنىداش سۆزى:** خۇشال بولۇش، مەمنۇن بولۇش، سۆيۈنۈش، خۇرسەن بولۇش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاچچىقلىنىش، خاپا بولۇش، خاپىلىق تارتىش.
**شارائىت** ئى. بىرەر ئىش ياكى نەرسىنىڭ قانداق مەۋجۇت بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئومۇمىي ئەھۋال، مۇھىت،

ھالەت، ۋەزىيەت: بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇچۇن، ئالدى بىلەن شارائىت ھازىرلاش كېرەك.

**شاكاللىق** سۈپ. شاكىلى بار، شاكىلى بولغان: پوستى قۇرغاق ھەم ئازراق شىرنىلىك كەلگىنى شاكاللىق مېۋە دەپ ئاتىلىدۇ. ★ تۆۋەندىكى مېۋىلەردىن قايسىلىرى گۆشلۈك، قايسىلىرى شاكاللىق مېۋە بولىدۇ؟

**مەنىداش سۆزى:** پوستلۇق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** شاكالسىز، پوستسىز.

**شاكىچىك** ئى. كىچىك ئوغۇل بالا، شوركا: شاكىچىك نيۇتون قول سېلىپ ئىشلەشكە ئامراق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆگىنىشتىمۇ تىرىشچان ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** شوركا.

**شامال** ئى. ھاۋانىڭ يەر يۈزىنى بويلاپ ئېقىشى، ھاۋانىڭ ئاقما ھەرىكىتى. ئۇنىڭ دەرىجىسى بىر بالدىن ئون ئىككى بالغىچە بولىدۇ. ھاۋا بېسىمىنىڭ تارقىلىشىنىڭ باراۋەر بولماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ: شامال چىقىش.

**شامااللىق** سۈپ. شامىلى بار، شامال چىقىپ تۇرىدىغان: يولۇچىلار ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ، ساقىن شامااللىق جايلارنى ئىزدىشىپ يۈرەتتى.

**شاھماتچى** ئى. شاھمات ئوينىغۇچى كىشى، شاھمات ئويناش ماھىرى: قەدىمكى زاماندا بىر داڭلىق شاھماتچى ئۆتكەنىكەن.

**شەپە بېرىش** بەلگە، ئىشارەت، ئالدىن مەلۇمات ياكى دىققەتنى تارتقۇدەك دەرىجىدە خەۋەر بېرىش؛ سىگنال بېرىش: پارتىزانلار ئوق ئۈزۈش ئارقىلىق دۈشمەنگە ئوكدىن شەپە بېرىپ سولدىن ھۇجۇم قىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** بەلگە بېرىش، سىگنال بېرىش.

**شەپقەت قىلىش** رەھىم قىلىش، مېھرىبانلىق قىلىش، ياخشىلىق قىلىش: مۇنداق ئىپلاس كىشىگە شەپقەت قىلىشنى خالىمىدىم-دە، ئۇ يەردىن كېتىپ باشقا يۇرتلارنى ئايلاندىم.

**مەنىداش سۆزى:** رەھىم قىلىش، مېھرىبانلىق قىلىش،

كۆيۈنۈش.

**شەرەپلىك** سۈپ. ئالقىشلاشقا، مەدھىيىلەشكە ۋە پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ياكى ھۆرمەتكە سازاۋەر: ۋەتەننى سۆيۈش شەرەپلىك ئىش.

★ قەھرىمانلارنىڭ شەرەپلىك نامى دىلىمىزدا مەڭگۈ ياد ئېتىلىدۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** شەرەپسىز.

**شەن** ئى ① ئەل ئارىسىدا چىققان ياخشى نام، ئابرۇي، داڭق، شۆھرەت، ياخشى پەزىلەت: سىلەرنىڭ شەنىڭلەرگە شەھەر، يېزا-قىشلاقلاردىن مەدھىيە ناخشىسى ياڭرىماقتا. ② قەدىر-قىممەت، غۇرۇر، پەخىر: ئۇ بۇنى يىگىتلىك شەنى ئالدىدىمۇ ۋىجدانىي قەرز دەپ ھېسابلايتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ئابرۇي، داڭق، شۆھرەت؛ قەدىر-قىممەت، غۇرۇر، پەخىر.

**شەھلا** سۈپ. نۇرلۇق، قارىغا مايىل كۆك ۋە چوڭ-چوڭ (كۆز ھەققىدە): شەھلا كۆز.

**شور پاختا** ئى. تۇزغا چىلانغان پاختا. ئۇ سۇنۇقچىلىقتا سۇنغان ئورگانىزمنى تېڭىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**شۇغىنىسى** باغل. «بىراق، لېكىن، ئەمما، ئەپسۇس» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىدە ئىشلىتىلىپ جۈملىدە باغلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ: ئۇ يىگىتقۇ ياخشى بالا ئىكەن، شۇغىنىسى بەك ياۋاشتەك قىلىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** بىراق، لېكىن، ئەمما، ئەپسۇس، شۇنىسى.

**شۇڭ** ئى. تەك (ئۈزۈم تېلى) نىڭ غولىدىن ئۆسۈپ چىققان شاخلار: باراڭغا ئېلىنغان ئۈزۈم شۇڭلىرى ھويلىغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى.

**شۇڭا** باغل. «شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭلاشقا» دېگەن مەنىدە سەۋەب باغلىغۇچى رولىدا سەۋەب بېقىندى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ:

— ئانام تويغا كەلگەنىدى، شۇڭا دادام بىلەن كېتىپ بارىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**مەنىداش سۆزى:** شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭلاشقا، شۇۋەجىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**شۇڭغۇش** پ. سۇ، ھاۋا (بوشلۇق) قاتارلىقلارنىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىش ياكى شۇلار ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىش: — خاتىرجەم بولۇڭ، پالتىڭىزنى مەن سۈزۈپ بېرەي، — دەپتۇ ئۇ ۋە سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

**شۇلتا** ئى. رەڭسىز كرىستال ھالىتىدىكى بىرخىل ماددا بولۇپ، يۇيۇش دورىسى قىلىنىدۇ ۋە ئېچىلغان ياكى بولدۇرۇلغان خېمىردىكى ئاچچىق تەمنى يوقاتقۇچى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**شۇملۇق** ئى. باشقىلارغا يامانلىق، قارا نىيەتلىك قىلىدىغان، بالا-قازا تىلەيدىغان مىجەز، شۇنداق خاراكتېر: چوڭچىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق (ماقال).

**شۇملۇق قىلىش** باشقىلارغا يامانلىق، قار نىيەتلىك قىلىش، بالا-قازا تىلەش: كىشىگە شۇملۇق قىلىشنىڭ ئۆزى بەتنىيەتلىكتۇر.

**شۇبھىسىز** رەۋ. ھېچقانداق شۇبھە تۇغدۇرمايدىغان، شەكسىز، گۇمانسىز؛ مۇقەررەر، سۆزسىز: ئۇلار ئالماسنىڭ سۆزىگە شۇبھىسىز ئىشەندى.

مەنىداش سۆزى: شەكسىز، گۇمانسىز؛ مۇقەررەر، سۆزسىز.

**شۈكۈر** ① ئىم. بىرەر نەرسىدىن رازى، مىننەتدار بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ، «رەھمەت، تەشەككۈر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شۈكۈر قىلىش** ھازىرقى ئەھۋالغا قانائەت قىلىش؛ رازى بولۇش، مىننەتدار بولۇش: ئۇنداق بولسا، بىز شۈكۈر قىلساق بولغۇدەك.

**شۈكۈر-قانائەت** ئى. شۈكۈر ۋە قانائەت: شۈكۈر-قانائەت ھۇرۇنلارنىڭ دەسمايىسى، توختام سۇ بولۇپ قېلىشنىڭ ئالامىتى.

مەنىداش سۆزى: شۈكۈر، قانائەت.

**شۇمشۇك** سۈپ. تاتلىق - تۈرۈم پاكى يېمەكلىكلەرنى ئوغرىلىقچە

يەۋالىدىغان؛ گېلىغا ئامراق، ئاچ كۆز: شۇمشۇك بالا.

**شۇمشىيىش** پ ① بىرەر سىرتقى تەسىردىن بەدەنلىرى قورۇلۇپ تۇگۇلۇپ قېلىش: ۋمسۇمسە ئۆتۈپ كەتكەن بولسمۇ، ئۇ سوغۇقتا شۇمشىيىپ ئولتۇرۇۋەردى. ② كۆچمە. ناچار ھالەتتە قېلىش، بىچارىلىشىش، غەمكىن، مىسكىن بولۇپ قېلىش: — ئەتىدىن كەچكىچە شۇمشىيىپ ئولتۇرىمىزمۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ، — ئامال قىلايلى!

**شۇنداق قىلىپ** سۆزلىنىۋاتقان ئىش-ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ئىپادىلەنگەن جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ «ئاخىر، ئاقىۋەت» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: كۈندۈزدە ئۆزىمىزنى يوشۇرۇدۇق، تۈندە يول يۈردۇق، شۇنداق قىلىپ، سالامەت ھالدا يۇرتقا بېرىۋالدۇق.

**شېرىن** ① سۈپ. تاتلىق، مەززىلىك، لەززەتلىك، شىرنىسى كۆپلۈك، شىرنىلىك (مېۋە-چېۋە، قەنت-شېكەر قاتارلىقلار ھەققىدە): بۇ تاغ ھەر خىل شېرىن مېۋىلىرى بىلەن ئادەمگە ھوزۇر بەخش ئېتەتتى. ② سۈپ. كۆچمە. ئادەمگە خۇش ياقىدىغان، ھوزۇر بېغىشلايدىغان، كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان: شېرىن سۆھبەت. شېرىن سۆز. شېرىن چۈش. شېرىن تۇيغۇ. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەنىداش سۆزى:** تاتلىق، مەززىلىك، لەززەتلىك، شىرىلىك، شىرنىلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تەمسىز، لاۋزا، لەززەتسىز.

**شېرىن-شەربەت** سۈپ. ناھايىتى تاتلىق، بەكمۇ شېرىن، شېرىن-شېكەر: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شېرىن-شەربەت مېۋىلىرى ئالما، ئانار، ئەنجۈر، ئۈزۈم ۋە نەشپۈت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**شېھىت** ئى ① جەڭدە جېنىنى قۇربان قىلغۇچى، ھاياتىنى تەقدىم قىلغۇچى، جەڭدە قۇربان بولغۇچى كىشى: شەپقەت ھەمشىرىلىرىمىزمۇ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش مەيدانىدا شېھىت بولغان ۋەتەننىڭ قەھرىمان ئەزىز پەرزەنتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ★ جېگدىلىكتىن جەڭ باشلاپ، شېھىت بولساق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل ئادرېسى

ئارمان يوق، بۇندىن ئارتۇق چىدارغا، ئەمدى بىزدە دەرمان يوق. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**شىپا** ئى ① كېسەلنى ساقىيىش، كېسەلدىن خالاس بولۇش، ئوڭشىلىش. ② ئادەمنى كېسەل ياكى دەرد-ئەلەمدىن خالاس قىلىدىغان، ئارامبەخش ھېس قىلدۇرىدىغان نەرسە ياكى شۇ ئۈچۈن قوللىنىدىغان ۋاستە، چارە-تەدبىر، ئامال، داۋا، دورا.

**مەنداش سۆزى:** ساقىيىش، ئوڭشىلىش؛ چارە، ئامال، داۋا.

**شىپالىق** ① ئى. شىپا بولۇش، شىپا تېپىش، ساقىيىش: ئۇ مال-بىساتلىرىنىڭ كارغا كەلگۈدەكلىرىنىڭ بارىنى سېتىپ بوۋايغا شىپالىق ئىزدىدى. ② سۈپ. شىپا بولىدىغان، ئاغرىقنى ساقايتىدىغان، كېسەلنىڭ ساقىيىشىغا شىپا بولىدىغان ياكى كىشىنى غەم-ئەندىشە، روھىي ئازابتىن خالاس قىلىدىغان: ئەركىلەتكۈچى ئىللىق ئاۋازلار تەسىر قىلدىمۇ ياكى شىپالىق دورىلار ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر قىز ئاستا-ئاستا كۆزلىرىنى ئاچتى.

**شىددەت** ئى. زور غەيرەت، شىجائەت، جاسارەت؛ كۈچلۈك غەزەپ-نەپرەت، قاتتىق ئاچچىق.

**شىددەتلىك** سۈپ. شىددەت بىلەن پەيدا بولغان، بولۇۋاتقان ياكى بولىدىغان؛ قاتتىق، كەسكىن، كۈچلۈك: جەڭچىلەر دۈشمەنگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى.

**مەنداش سۆزى:** كەسكىن، قاتتىق، كۈچلۈك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** شىددەتسىز.

**شىرنە** ئى ① ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى، گۈلى، غولى ياكى بەزى ماددىلار تەركىبىدە بولىدىغان شېرىن سۇيۇقلۇق: قوغۇن شىرنىسى. ئۈزۈم شىرنىسى. ئۈجمە شىرنىسى. ★ باغ ئارا بال ھەرىسى يىغار چېچەك شىرنىسى. شېرىن، تاتلىق بال-ھەسەل، شۇ مېھنەتنىڭ مېۋىسى. ② ھۆل ياكى قۇرۇق مېۋىلەر ۋە بەزى كۆكتاتلاردىن مەلۇم نىسبەتتە سۇ ۋە شېكەر بىلەن قىيام بولغۇچە قاينىتىپ تەييارلىنىدىغان شىرنىلىك

مۇرابىا.
مەنىداش سۆزى: شەربەت.
**شىرنىلىك** سۈپ. شىرنىسى بار، شىرنىسى بولغان، تاتلىق: پىچانىنىڭ قوغۇنلىرى بەك شىرنىلىك. ★ پىشقاندىن كېيىن، پوستى قېلىن، شىرنىلىك كەلگىنى گۆشلۈك مېۋە دەپ ئاتىلىدۇ.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: شىرنىسىز.
**شىڭ شىسەي** ئى. ئازادلىقتىن، يەنى 1949-يىلىدىن ئىلگىرى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان جاللاتلارنىڭ بىرى.
**شىۋىرغان** ئى. قار ئارىلاش چىققان قاتتىق شامال، قارلىق بوران: غالىپ تاشيولدىن ئەگىپ ھارۋا يولغا چىققاندا قار توختاپ، بىردىنلا شىۋىرغان باشلاندى.

# غ

**غازىي** ئى ① غازاتقا، مۇقەددەس ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى، ئۆز ئەقىدىسى، ئېتىقادى يولىدا جەڭ قىلغۇچى: — غازاتتا ئۆلگەنلەر شېھىت، تىرىك قالغانلار غازىي بولىدۇ. نازىمجاننىڭ غازىي بولغانلىقى دۇتالىرىنىڭ بەرىكىتى، — دېدى ئۇ. ② جەڭ قىلغۇچى، چوڭ ۋە مۇھىم ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى، جەڭدە ئۆلمەي تىرىك قالغۇچى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى: ئۆلسەڭ شېھىت، قالساڭ غازىي.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: شېھىت.
**غازى** ئى ← غازىي.
**غەنىيمەت** ① ئى. ئۇرۇش ياكى ئوۋلاردا قولغا چۈشكەن ئولجا، قورال-ياراغ ياكى ھەر خىل ماددىي ئەشيالار: غەنىيمەت ئالماق. ② سۈپ. تېزدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان، قايتا تەكرارلانمايدىغان، قەدرىگە يېتىش لازىم بولغان (ئادەم ياكى نەرسىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەققىدە)؛ ئەڭ قۇلاي، ئەڭ مۇۋاپىق (پەيت، ۋاقىت ۋە پۇرسەتلەر ھەققىدە): ۋاقىت غەنىيمەت. ★ گالدىن ئۆتكەن غەنىيمەت (ماقال).

**غەۋۋاس** ئى ① سۇ ئاستىغا چۆشۈپ، ئۈنچە-مەرۋايىت قاتارلىقلارنى ئىزدەپ تېپىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامدايدىغان كىشى. ② سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان مەخسۇس كىيىملەرنى كىيىپ، سۇ ئاستىدا خىزمەت قىلىدىغان خادىم: غەۋۋاس كىيىمى.

**غەيرەت** ئى ①بىرەر ئىشنى تېز رەك ئورۇنداشقا بولغان ئىنتىلىش، تىرىشچانلىق، جاسارەت: غەيرەت قىلماق. ★ غەيرەتلىك بولسا يۈلتۈز سانارسەن (ماقال). ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەنىداش سۆزى:** جاسارەت، غەيرەت، شىجائەت.

**غەيرەتسىز** سۈپ. غەيرىتى يوق، جۈرئەتسىز: غەيرەتسىز بالا. ★ غەيرەتسىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆتتۈلگەن دەرسلەردە ئالىي نەتىجە قازىنالىشى ناتايىن. ★ غەيرەتسىز ئوقۇغۇچى ھېچنېمىنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** جۈرئەتسىز.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** غەيرەتلىك.

**غەيرەتلىك** سۈپ. غەيرىتى بار، جۈرئەتلىك: غەيرەتلىك ئادەم.

**مەنىداش سۆزى:** جۈرئەتلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** غەيرەتسىز.

**غۇر-غۇر** تەق. بىرەر نەرسىنىڭ تېز ھەرىكىتى ياكى شامالدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: ئۆستەڭدە سۇزۇك سۇ ئېقىپ تۇراتتى، بوكبارا قسان دەرەخلىك ئىچىدىن چىققان غۇر-غۇر شامال كىشىگە ھۇزۇر بەخش قىلاتتى.

# ف

**فانتازىيە** ئى ① جەمئىيەت تەلىپى ياكى شەخسىي ئارزۇلار

ئاساسىدا، كەلگۈسى شەيئىلەر ئۈستىدە قىلىنغان ئىجادىي تەسەۋۋۇر، پەرەز، خىيال: ئىلمىي فانتازىيە. فانتازىيە فىلىم. ② ئەمەلگە ئېشىشى قىيىن بولغان ياكى مۇمكىن بولمايدىغان خىيالىي ئارزۇ، خام خىيال: فانتازىيە بولسا بولغاي سۆزلىگىنىم، لېكىن ئىشقا ئاشار يازغان كۆزلىگىنىم.

**فانتازىيىلىك** سۈپ. ئەمەلىيەتتە بولمايدىغان ياكى بولۇپ باقمىغان، ئويلاپ توقۇپ چىقىرىلغان، خىيالىي، ئويدۇرما: فانتازىيىلىك رومان. فانتازىيىلىك ھېكايە. فانتازىيىلىك فىلىم.

مەنىداش سۆزى: خىيالىي، ئويدۇرما.

**فوتوئاپپارات** ئى. سۈرەت تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل مېخانىزم. ئادەتتە كۆز، لېنتا قاپچۇقى، زاتۋور، دالنومېتىر، مەنزىرە رامكىسى ۋە فوتومېتىر قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**فوتو باسما** ئى. سۈرەتكە ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بەت ياسىلىدىغان باسما. كۆپىنچە ئۇ كىتاب، جەدۋەل (گرافىك) لارنى كۆچۈرۈپ ياكى كۆپەيتىپ بېسىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**فورما** ئى ① بىرەر نەرسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، شەكلى، نۇسخىسى، پاسونى: ئۇ شەھەر فورمىسىدا سېلىنغان كۆك دەرۋازىلىق يوغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ② مەلۇم بىر ساھەدىكى كىشىلەر ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن، تىكىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە بەلگىلىرى ئوخشاش بولغان كىيىم: جەڭچى ئۆزىنىڭ ھەربىي فورمىسىغا ئىچى كۆيەتتى.

**فورمات** ئى. كىتاب، گېزىت-ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىك ئۆلچىمى. ئادەتتە ئۇ بىر پۈتۈن باسما قەغىزىنىڭ تەڭ ھالەتتە بۆلۈنگەن بۆلەكلىرىنىڭ سانى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

**فوسفور** ئى. مېتاللوئىد ئېلېمېنت (مېتاللار قاتارىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كىرمەيدىغان ئېلېمېنت). رەڭگىگە قاراپ ئاق فوسفور (سېرىق فوسفور)، قىزىل فوسفور ۋە قارا فوسفور قاتارلىقلارغا بولۇنىدۇ. ئۇ مۇھىم بىر خىل ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ نېرۋا، مېڭە (باش) ۋە سۆڭەك توقۇلمىلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا فوسفور بولىدۇ.

## ق

**قارار** ئى. بىرەر ئىش ياكى مەسىلە ھەققىدە قوبۇل قىلىنغان خۇلاسە، ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم تېپىلغان قەتئىي پىكىر، ئەھدە، نىيەت، توختام ۋە ئۇلارنىڭ تېكىستى: بۇ قۇتلۇقنىڭ ئاخىرقى قارارى ئىدى. ★ شۇ قېتىمقى قارار ھازىر كۈچىدىن قالدى.

**قاراۋۇل** ئى. پوست، ساقچى: بۇ چاغدا يىغىنغا كەلگەن بىر كىشى قاراۋۇلنىڭ ئىنىنى توسۇپ يول خېتىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**مەنداش سۆزى:** پوست، ساقچى.

**قارغاش** پ. بىراۋغا يامانلىق تىلەش، ئۆلۈم تىلەش، بەختسىزلىك تىلەش، تىللاش: پىتنىڭ قارغىشىغا ئىت ئۆلمەپتۇ (ماقال) ★ قۇشنىڭ سايرىمايدىغىنى يوق، دۈشمەننىڭ قارغىمايدىغىنى (ماقال).

**مەنداش سۆزى:** تىللاش، بەختسىزلىك تىلەش.

**قارىن (قارنى)** ئى. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئۆرگىنى؛ ئاشقازان، قورساق: قارنى توق. قارنى يامان. قارنى ئېچىش. ★ قېرىشقاننىڭ قارنى ئاچ (ماقال). ★ ئاتنىڭ قارنى تازا ئاچتى.

**مەنداش سۆزى:** قورساق، ئاشقازان.

**قازا** ئى ① ئۆلۈم، ئۆلۈش؛ ۋاپات بولۇش؛ ئۆلۈم سائىتى، ئەجەل: قازا تاپماق. ★ بەخت تاق كېلىپ، جۈپ قىلىدۇ؛ قازا جۈپ كېلىپ تاق قىلىدۇ (ماقال). ★ جان بار يەردە قازا بار (ماقال). ② بالا، بالا-قازا،

پالاكەت، بەختسىزلىك، ئاپەت: قازا ئىككى، ئۆلۈم بىر (ماقال). ③ ۋاقتىنى، پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇش: نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇش.

مەنىداش سۆزى: ئۆلۈم، ۋاپات؛ بالا، ئەجەل.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تىنچلىق.

**قازا قىلىش** ئۆلۈش، جېنىدىن ئايرىلىش: بالىنىڭ ئانىسى ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا قىلدى.

مەنىداش سۆزى: ئۆلۈش، ۋاپات بولۇش، جان ئۈزۈش، جېنىدىن ئايرىلىش، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ياشاش، ھايات كەچۈرۈش.

**قاشا (قاشاسى)** ئى. بىرەر دائىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن توسۇلغان توسۇق: قاشا مەھكەم بولسا، تۈلكە كىرەلمەس (ماقال). ★ بىر بۆرە قاشا ئۈستىدە ئولتۇرغان خورازنى كۆرۈپ، ئۇنى ئالداپ يېمەكچى بوپتۇ-دە، ئاستا قاشانىڭ يېنىغا كەپتۇ.

**قاقشال** سۈپ. بەك قۇرۇپ كەتكەن، ناھايىتى قۇرۇق: قاقشال ئوتۇن. قاقشال دەرەخ. ★ سەيدىخان ئاچا يوغان بىر پارچە قاقشال يۇلغۇن كۆتىكىنى مەشكە تىقىۋەتتى.

مەنىداش سۆزى: قۇرۇق، كۆكلىمەيدىغان.

**قاگالتىر** ئى. قەلەي، تۇنىكە: قاگالتىر قايچىسى قاگالترنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا ئۇ تۇنىكە قايچىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەنىداش سۆزى: قەلەي، تۇنىكە.

**قانائەت** ئى. ئازغىنە نەرسىگە ياكى بارىغا كۆنۈش، نەپسىنى يىغىش، كۆپكە ئىنتىلمەسلىك؛ رازى بولۇش، شۈكۈر قىلىش: لالە ئۈچىنچى قېتىم تۇزۇلگەن ماقالىنى كۆرۈپ تولۇق قانائەت ھاسىل قىلدى-دە، ئاندىن بىيتىپ ئۇخلىدى.

**قانائەتلىك** سۈپ. قانائەت قىلىدىغان، بارىغا شۈكۈر قىلىدىغان، شۈكۈر-قانائەت قىلىدىغان، قانائەتچان، ئىنساپلىق: قانائەتلىك

www.uyghurkitap.com

ئادىم. ★ قانائەتلىك كىشىنىڭ قارنى توق (ماقال). ★ بىزنىڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى كەمبەغەل، قانائەتلىك كىشىلەردۇر.

**مەنىداش سۆزى:** شۈكۈر-قانائەتچان، قانائەتچان، ئىنساپلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قانائەتسىز، تويماس.

**قانات** ئى ① قۇش ۋە ھاشاراتلەرنىڭ ئۇچۇش ئورگىنى: قۇش قانىتى بىلەن ئۇچۇپ، قۇيرۇقى بىلەن قونار (ماقال). ② ئايروپىلاننىڭ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا مۇئەللەق تۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قاناتسىمان يېيىق قىسمى. ③ چاقپېلەك، شامالدۇرغۇچقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئايلىنىشىغا ياكى شامال چىقىرىشىغا ياردەم بېرىدىغان قىسمى: چاقپېلەكنىڭ قانىتى. شامالدۇرغۇچنىڭ قانىتى. ④ ئاپتوموبىل، ۋېلسىپىت قاتارلىقلارنىڭ چاقلىرى ئۈستىگە لايدىن ھىمايە قىلىش مەقسىتىدە ئورنىتىلغان قىسمى. ⑤ ئىشىك، دېرىزە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئېچىلىپ-يېپىلىدىغان ھەربىر بۆلىكى: ئۇ دېرىزىنىڭ ئىككى قانىتىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. ⑥ مەلۇم نۇقتا ياكى لىنىيىنى بويلاپ ئورۇنلاشقان نەرسىلەرنىڭ بىرەر تەرىپى، يېنى: يولنىڭ ئوڭ قانىتى. بىنانىڭ سول قانىتى. مەھەللىنىڭ ئوڭ قانىتى.

**قانات قېقىش** ① قاناتلىرىنى سىلكىش ياكى قاناتلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ ئاۋاز چىقىرىش. ② قاناتلىرىنى سىلكىپ ئۇچۇش، پەرۋاز قىلىش.

**قائىدە** ئى ① تۇرلۇك ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان تەرتىپ؛ قانۇن: سۆز ياساش قائىدىسى. قوشۇش قائىدىسى. كۆپەيتىش قائىدىسى. ② بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق بېجىرىلىشى ھەققىدىكى رەسمىي كۆرسەتمە، يولىيورۇق ياكى ئومۇم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان تەرتىپ: قاتناش قائىدىسى. ئەمگەك قائىدىسىگە رىئايە قىلىش. ③ رەسىم، ئادەت، يوسۇن: قەدىمدىن قالغان قائىدە. ★ مىرزا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ تاجىك

قائىدىسى بويىچە ئۆزئارا قوللىرىغا سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى.

**مەنىداش سۆزى:** رەسىم، ئادەت، يوسۇن.

**قايچا** ① ئى. رەخت، قەغەز، قەلەي قاتارلىق نېپىز نەرسىلەرنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە ئىككى دانە پولات تىغنى بىر-بىرىگە ئالماشتۇرۇپ، كېسىشكەن جايىنى ۋىنتا ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇش يولى بىلەن ياسىلىدۇ: رەخت قايچىسى. قەغەز قايچىسى. ② ئى. جۇۋازنىڭ ئۇلاغنى قوشىدىغان ئاچا ياغىچى. ③ سۈپ. شۇ شەكىلدىكى كېسىشمە: قايچا پەرق. قايچا پۇت.

**قايناپ كېتىش** قاتتىق چېچىلىش، قىزىپ كېتىش، قاتتىق ئاچچىقلىنىش: سۇۋادان تېرەكنىڭ مېيىقىدا كۆلۈپ قويغانلىقىنى كۆرگەن ئالما ئۆزىنى باسالماي قايناپ كەتتى. ★ — نېمىگە شۇنچە قايناپ كەتتىڭلار؟ — دېدى قادىر ساۋاقداشلىرىغا.

**قايىل بولۇش** قارشى تەرەپنىڭ ئۈستۈن، ئەۋزەل، ئارتۇق، ئالاھىدە تەرەپلىرىگە تەن بېرىش، قول قويۇش ۋە ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىش: مەن ئۇنىڭ گېپىگە قايىل بولدۇم. ★ شائىرنىڭ تالانتى، ماھارىتى، تەپەككۇر بايلىقىغا قايىل بولدۇم، ئۇنىڭ شېئىرلىرى بەك ياخشى ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** تەن بېرىش، قول قويۇش، ئېتىراپ قىلىش.

**قەدەمدە** رەۋ. پات، پات-پاتلا، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا: مۇنداق ئىشلار قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** پات، پات-پاتلا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۇزۇندا، ئۇزۇندا بىر، ناگان-ناگاندا، ناگاندا بىر، ئاندا-ساندا.

**قەدەملەپ** رەۋ. قەدەم بىلەن، قەدەم ئېلىپ: قەدەملەپ مارش!

**قەدىردان** سۈپ ① ئەزىز، ھۆرمەتلىك، قەدىرلىك؛ جانىجان: ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىردان ھەمراھى قاسىم ئىككەنلىكىنى ئەمدىلا تونۇغانىدى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەنىداش سۆزى:** ھۆرمەتلىك، قەدىرلىك، ئەزىز، سۆيۈملۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**قەدىرلەش** پ. ئاسراش، ئەتىۋارلاش، ھۆرمەتلەش: زېمىنىپ ئىلىم-پەننى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ. ★ مەن ۋەتىنىمنى قەدىرلەيمەن.

**مەنىداش سۆزى:** ئاسراش، ئەتىۋارلاش، ھۆرمەتلەش، ئەزىزلەش، ئۇلۇغلاش، ياخشى كۆرۈش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خار كۆرۈش، خارلاش، پەس كۆرۈش.

**قەدىرلىك** سۈپ ① قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان، ھۆرمەتلىك، ئابرۇي-ئېتىۋارلىق، ئەزىز، مۆھتەرەم، ئەڭ يېقىن: قىز قەدىرلىك كىشىسىدىن ئايرىلىپ، زار-زار يىغلىدى. ★ مەن قەدىرلىك دوستلىرىمنىڭ ماڭا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم. ② ئەھمىيىتى، قىممىتى، نەرخى يۇقىرى، قىممىتىنى يوقاتمىغان؛ ئەھمىيەتلىك، مۇھىم، قىممەتلىك: ئالتۇن چىققان يېرىدە قەدىرلىكتۇر(ماقال). ★ ئۇنىڭغا يالغۇز چىنىلا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئۆيدىكى ھەممىلا نەرسە قەدىرلىك ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەزىز، ھۆرمەتلىك، مۆھتەرەم، ئەھمىيەتلىك، مۇھىم، قىممەتلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قەدىرسىز، خار، پەس.

**قەدىر** ئى ① كىشىلەر ئارىسىدا ئېرىشىلگەن ئابرۇي، ھۆرمەت؛ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورۇن، نوپۇز: سۆزى توغرىنىڭ قەدرى ئارتۇق بولار(ماقال). ② ئەھمىيەت، قىممەت: ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر (ماقال). ★ ئىشلىگەننىڭ قەدرىنى بىلىدىغان زامان ئەمدى كېلىۋاتىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ھۆرمەت، قىممەت، قەدىر-قىممەت.

**قەدىمدىن** رەۋ. بۇرۇندىن، ئۇزاق ئۆتمۈشتىن، قەدىمكى زامانلاردىن: بۇ قەدىمدىن تارتىپ بار ئىش.

**قەدىمكى** سۈپ. ئۇزاق ئۆتمۈشتە مەيدانغا كەلگەن، ئۇزاق ئۆتمۈشتىن قېلىپ قالغان، ئۇزاق ئۆتمۈشكە ئائىت، قەدىمي، كونا: قەدىمكى يېزىق.

**مەنىداش سۆزى:** كونا، قەدىمي.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يېگى، ھازىر، ھازىرقى.

**قەست** ئى ① مەقسەت، نىيەت، غەرەز: جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا (ماقال). ② باشقىلارغا زىيان سېلىش، زىيانكەشلىك قىلىشقا قارىتىلغان يامان غەرەز، يامان نىيەت، سۇيىقەست: ساۋۇت بەگنىڭ خانلىقنى ئاغدۇرۇش قەستى يوقىتىلدى. ③ خۇراپىي چۈشەنچە بويىچە ھەر خىل دۇئالارنى ئوقۇش ئارقىلىق بىراۋغا قىلىنغان زىيانكەشلىك، سۇيىقەست: قەست ياندۇرماق.

**قەست قىلىش** يامان نىيەتتە، ئاستىرتتىن يامانلىق قىلىش، سۇيىقەست قىلىش، ئۆلتۈرۈش: قەست قىلغاننى پەست قىل (ماقال). ★ بۆرىمۇ دوستىغا قەست قىلماس (ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** قەست قىلىش، ئۆلتۈرۈش.

**قەلەمتىراچ** ئى. تىغ ۋە دەستى نىسبەتەن قىسقا، تىغىنى دەستىسى ئىچىگە قايرىپ يىپىپ قويغىلى ھەم ئاچقىلى بولىدىغان بىر خىل پىچاق: سىنىپنى زىننەتلەش، كىتاب تاشلاش، مەشىق دەپتىرى ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان قەغەزلەرنى ساۋاقداشلار قەلەمتىراچ بىلەن كېسىدۇ. ★ بۇ دەرستە بىز قەلەمتىراچ بىلەن قەغەز كېسىشنى ئۆگىنىمىز.

**قەلەي** ئى ① مېتال ئېلېمېنت. پارقىرىشى كۈمۈشتەك ئاق، سوزۇلۇشچانلىقى ياخشى بولىدۇ. ھاۋادا ئاسانلىقچە ئوكسىدلانمايدۇ. ئادەتتە تۆمۈرگە ھەل بېرىش، مېتاللارنى پاياتلاش ياكى قېتىشما تەييارلاشتا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. ② مىستىن ياسالغان قاچىلارنىڭ ئىچكى يۈزىگە قاپلانغان شۇ خىل مېتال قاتلىمى. ③ ئاق تۈنىكە، قاڭالتىر.

**مەنىداش سۆزى:** قاڭالتىر.

**قەلەيچى** ئى. قەلەي، قاڭالتىر قاتارلىقلاردىن تۈرلۈك ئەسۋاب، سايمان ياسايدىغان ياكى رېمونت قىلىدىغان كىشى: ئۇ كىشى خېلى ئۇستا قەلەيچى ئىكەن. ★ قەلەيچى بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا مختەك قادالدى.

**قەلب** ئى ① يۈرەك، دىل: موماڭ سۆزىن قەلبىڭگە، ئەللەي بالام، ئەللەي،

www.uyghurkitap.com

پۈكۈپ قويغىن قۇندۇزۇم، ئەللەي بالام، ئەللەي. ② كۆچمە. كىشىنىڭ ئىچكى روھىي دۇنياسى، ئىچكى ھېس-تۇيغۇلىرى، پىكىر-قاراشلىرى، كۆڭۈل، دىل: بۇ دېگىنىڭىز توغرا، لېكىن سىزنىڭ قەلبىڭىزنىڭ قانداقلىقى سۆز-ھەرىكىتىڭىزدىن چىقىپ تۇرامدۇ؟

**مەنىداش سۆزى:** يۈرەك، دىل، كۆڭۈل.

**قەيسەر** ئى ① بۇرۇنقى رىم پادىشاھى، ئومۇمەن پادىشاھ. ② سۈپ. باتۇر، ئىرادىلىك، جەسۇر، قەھرىمان: قەيسەر كىشىلا كەمتەر بولىدۇ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەنىداش سۆزى:** باتۇر، جەسۇر، قورقماس.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك، يۈرەكسىز.

**قەيسەرلىك** ئى. باتۇرلۇق، جاسارەت: قەيسەرلىك كۆرسىتىش. ★ ئۇ بۇ خىل خېيىمخەتەرلەردىن قىلچە قورقۇپ قالماستىن، قەيسەرلىك بىلەن خىمىيە تەجرىبىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** باتۇرلۇق، جاسارەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قورقۇنچاقلىق، توخۇ يۈرەك-لىك، يۈرەكسىزلىك.

**قورال (قورالى)** ئى ① ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە دۈشمەن تەرەپنىڭ ئۈرۈش قىلىش ئۈچۈن بىۋاستە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ياكى مېخانىزم، قۇرۇلما قاتارلىقلار: يان قورال. يادرو قوراللىرى. ② بىرەر ئىشتا پايدىلىنىلىدىغان، ئۇنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق ئەسۋاب، قۇرۇلما، مېخانىزم، ماشىنا ۋە شۇ قاتارلىقلار: يېزىش قوراللىرى. ئوقۇتۇش قوراللىرى. ③ كۆچمە. بىرەر مەقسەتكە يېتىش، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق ۋاستە، دەستەك، ئامىل: تىل — ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى.

**قورال-سايمان** ئى. قورال ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر،

قورال-جابدۇق: ئۇ يەردىكى دېھقانلار ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى، يېمەك-ئىچمەك، قورال-سايمان ۋە كىيىم-كېچەكلىرىنى ئومۇمەن دېگۈدەك ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىراتتى.

مەنىداش سۆزى: قورال، قورال-جابدۇق، قورال-ئەسلىھە، سايمان.

**قورۇ** ① ئى. ھويلا ۋە ھويلا ئىچىدىكى ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ② ئى. يايلاقتىكى ماللارنى سولاش ئۈچۈن ئەتراپى قورشالغان جاي، چوڭ قوتان: ئۇ ماللارنى ئوتتۇر قورۇغا ھەيدەپ كەتتى. ③ مق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر قورۇ قوي. ئىككى قورۇ ئات.

مەنىداش سۆزى: ھويلا، كورە، سەينا.

**قوللىنىش** پ. ئىشلىتىش، تەتبىقلىنىش، پايدىلىنىش: بىزمۇ بىر چارە قوللانمىساق بولمىدى.

**قوللىنىلىش** پ. ئىشلىتىلىش، تەتبىقلىنىش، پايدىلىنىش:
— ھەربىي ئىشلاردا خېنىم خاتىرجەم بولغاي، زۆرۈر تەدبىرلەر قوللىنىلدى، — دېدى سەردار قۇللۇق بىلدۈرۈپ.

مەنىداش سۆزى: ئىشلىتىلىش، تەتبىقلىنىش، پايدىلىنىش.

**قولۋاق** ئى. دېڭىزدا يېقىن سۇ يۈزى ياكى كۆل-دەريالاردا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك كېمە. پالاق بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. ئادەتتە ئۈچ-تۆتلا ئادەم سىغىدۇ.

مەنىداش سۆزى: قېيىق.

**قۇمساك** سۈپ. قۇم ئارىلاش، قۇمسال: قۇمساك توپا.

مەنىداش سۆزى: قۇمسال.

**قۇمسال** سۈپ. قۇمساك، قۇم ئارىلاش، قۇمى بار، تەركىبىدە قۇمى كۆپ: قۇمسال تۇپراق.

مەنىداش سۆزى: قۇمساك.

**قېتىرقىنىپ** رەۋ. ئىخلاس بىلەن، كۆڭۈل قويۇپ، چىن

www.uyghurkitap.com

يۇرەكتىن، چىن كۆڭلىدىن، بېرىلىپ، تىرىشىپ: قېتىرقىنىپ ئىشلەش. ★ ئۇ باللار ئانا تىلى ۋە ھېساب دەرسلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى.

**مەنداش سۆزى:** ئىخلاس بىلەن، كۆڭۈل قويۇپ، چىن يۇرەكتىن، چىن كۆڭلىدىن، بېرىلىپ.

**قېرىق** سۇپ. قىرتاق، كىشىنىڭ ھۇزۇرلىنىپ ئىچكىسى كەلمەيدىغان: دورا قېرىق ياكى بەك ئاچچىق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا شېكەر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

**مەنداش سۆزى:** قىرتاق.

**قېنىق** سۇپ. رەڭ جەھەتتىن تازا تويۇنغان، قويۇق توق: قېنىق قىزىل. قېنىق دەملەنگەن چاي.

**مەنداش سۆزى:** توق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سۇس.

**قېيىداش** پ. خاپا بولۇش، بۇتناش.

**قىرقىش** پ. چاچ-ساقال، يۇڭ، تۈك، قانات، دەرەخكە ئوخشاش ئۆزۈن ھەم تال-تال نەرسىلەرنى مەلۇم ئۆزۇنلۇقتا قالدۇرۇپ، ئۈچىنى قايچا قاتارلىقلار بىلەن كېسىش، قىيىش؛ قىيىپ قىسقارتىش: چاچنى قىرقىش. يول ياقىسىدىكى قارا ياغاچلارنى قىرقىش.

**مەنداش سۆزى:** قىيىش، كېسىش.

**قىزىقارلىق** سۇپ. قىزىقتۇرىدىغان، قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان، جەلپ قىلارلىق: قىزىقارلىق گەپلەر كۆپ بولسا، كىشى زېرىكمەيدۇ. ★ باللار قىزىقارلىق ھېكايىلەرگە ئامراق بولىدۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زېرىكەرلىك، مەنىسىز.

**قىساس** ئى. قىلغان يامانلىققا قارىتا ئۆز ئەينى ئېلىنىدىغان ھېساب، ئىنتىقام، ئەنت، ئۆچ: — سەن بىگۇناھ بىر كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈردۈڭ، — دېدى توپ ئارىسىدىن «مامۇت چايان» نىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلگەن قاۋۇل، — ئەلقىساسى مىنەلھەق، بۇنىڭ قىساسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن؟

**مەنداش سۆزى:** ئىنتىقام، ئەنت، ئۆچ.

**قىساس ئېلىش** ئىنتىقامنى، ئۆچىنى، ئەنتىنى ئېلىش: خەلق بىگۇناھ قامالغان ياشلارنىڭ قىساسىنى چوقۇم ئالىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئىنتىقام ئېلىش، ئۆچ ئېلىش.

**قىساسچى** ئى. قىساس ئالغۇچى، قىساسخور، قىساسكار: بۇ كىشى خەلىپە ھارۇن رەشىتنىڭ قىساسچىسى مەسرۇر ئىدى. ★ ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوللىرىغا قىلىچ ئالغان قىساسچىلار ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** قىساسخور، قىساسكار.

**قىساسكار** ئى. قىساسچى، قىساسخور: مەن بولسام سەنلەرنىڭ قولۇڭدا ناھەق نابۇت بولغان ئاشۇ مۇساپىرنىڭ قىساسكارىمەن.

**مەنىداش سۆزى:** قىساسچى، قىساسخور.

**قىستاڭ** سۈپ. تار ۋە زىچلىقتىن ئەركىن ھەرىكەت قىلغىلى بولمايدىغان، قىستىلاڭ: بىزنىڭ سىنىپ تار ۋە قىستاڭ ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** قىستىلاڭ.

**قىستاڭچىلىق** ئى. تار، قىستاڭ ھالەت: مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ ئىچى بەك قىستاڭچىلىق، بۇنىڭغا كىشىنىڭ كارى يوق. ★ ئاپتوبۇستا ئادەم كۆپ، قىستاڭچىلىق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئادەملەرنىڭ ھەتتا ئۇيان-بۇيان بۇرۇلۇشمۇ قىيىن ئىدى.

**قىلتاق** ئى. قۇشلارنى تۇتۇش ئۈچۈن قىلدىن سىرتماقلىق قىلىپ ئىشلەنگەن بىرخىل قۇرۇلما: بۇ ئىككى كەكلىك ئۆزىنى ئۇياق-بۇياققا تاشلاپ بېقىپتۇ، قىلتاقتىن ھېچ قۇتۇلالماپتۇ.

**قىلتاققا چۈشۈش** ① تورغا چۈشۈش، تۇزاققا چۈشۈش: كەپتەر قىلتاققا چۈشتى. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ ھىيلە-مىكىرىگە ئالدىنىش، دامىغا چۈشۈش، ئالدىنىش.

**مەنىداش سۆزى:** قىلتاققا دەسسەش، تورغا چۈشۈش، تۇزاققا چۈشۈش؛ دامىغا چۈشۈش، ئالدىنىش.

**قىن-قىنىغا پاتماسلىق** قاتتىق خۇشال بولۇش، كۆڭلى يايراپ كېتىش: قېرى-ياش، ئەر-ئايال نۇرغۇن كىشىلەر قىن-قىنىغا پاتماي

ئۇسسۇلغا چۈشتى.
**مەنىداش سۆزى:** قىنىغا سىغماسلىق، قىنىغا پاتماسلىق، قىن-قىنىغا سىغماسلىق، قىنىغا پاتماي كېتىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خاپا بولۇش، ئاچچىقلىنىش، مەيۈسلىنىش.

**قىيا-چىيا** ئى. قاتتىق ئاۋازدا داد-پەرياد كۆتۈرۈش، قالايمىقان ۋارقىراپ-جارقىراش: بىر توپ باللار بىلەن ئورنۇۋېلىنغان يىگىت ھويلىغا كىرىشى بىلەن جىمجىت ھويلا قىيا-چىياغا تولدى.
**مەنىداش سۆزى:** ۋاراڭ-چۇرۇڭ.

**قىيقاس سېلىش** سۈرەن سېلىش، ۋارقىراش، تۋۋلاش: ھە-ھۇچىلار ئۆيىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك قىيقاس سېلىپ كۈلۈشتى.
**مەنىداش سۆزى:** سۈرەن سېلىش، ۋارقىراش، تۋۋلاش.

## ك

**كاتەك** ئى ① توخۇ، توشقان، كەپتەر قاتارلىقلار سولىنىدىغان كىچىك ئۆي: چۈجىنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، توخۇ كاتىكىنىڭ ۋە چۈجىگە يەم بېرىدىغان قاچىلارنىڭ تازىلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم. ② نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە چىقىرىلىدىغان تۆت بۇرجەك شەكىل.

**كاتەكچە** ئى. كىچىك كاتەك، تۆت چاسا، چاقماق: بۇ قەغەزگە كاتەكچىلەر سىزىلغان. ★ تەجرىبىنى ئۆزىڭىز ئىشلەپ، نەتىجىسىنى رەسىمدىكى كاتەكچىنىڭ ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

**كارتۇچكا** ئى ① قېلىن، قاتتىق قەغەزدىن تۆت بۇرجەك قىلىپ كېسىلگەن ۋاراقچە، كارتا: جۈملە كارتۇچكىسى. ★ قولىڭىزدىكى ئوقۇغۇچىلار لۇغىتىگە كارتۇچكىلاردىكى جۈملە مىساللار تاللاپ ئېلىنىدى. ② بىرەر كىشىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، ۋەزىپىسى قاتارلىقلار يېزىلغان گۇۋاھلىق قەغەز: ئىسىم كارتۇچكىسى.
**مەنىداش سۆزى:** كارتا.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**كارىدور** ئى. ① بىنانىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەرگە كىرىش ۋە ئۆيلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئارىلىقتىكى بوش يول: مۇئەللىملەر ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى، كارىدوردا يەنە ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ② ئىككى رايوننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تار، ئۇزۇن كەتكەن بەلۋاغ (يەنى رايون) غا قارىتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ: خېشى كارىدورى.

**كالىي پېرمانگانات** ئى. ئانئورگانىك بىرىكمە. تۇتۇق بىنەپشە رەڭلىك ياكى قارا رەڭلىك سىلىق كرىستال. سۇيۇق ئېرىتمىسى بىنەپشە رەڭلىك. مېدىتسىنادا دېزىنفېكسىيىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ: ئاشتۇزى بىلەن كالىي پېرمانگاناتنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا سۇغا سېلىپ تاياقچە بىلەن ئارىلاشتۇرىمىز.

**كان (كانى)** ئى. ① پايدىلىق قېزىلمىلارنى ئېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان يەر ئاستى ئىنشائاتلىرى: كۆمۈر كانى. ئالتۇن كانى. ئۇران كانى. مىس كانى. كاندا ئىشلەش. ② پايدىلىق قېزىلمىلار توپلانغان جاي: كان قېزىش. كان ياتمىسى. ③ كۆچمە. بىرەر نەرسىگە ناھايىتى باي ياكى شۇ نەرسىنىڭ ماكانى بولغان جاي؛ بايلىق ماكانى: تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرى كىشمىش ئۈزۈمنىڭ كانى.

**كاھىش** ئى. تام ۋە ئۆگزىگە ياتقۇزۇلىدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. ئەسلىدە سېغىز لايدىن ياسىلىپ، يۇزىگە ساپال سىرى سۈركەپ خۇمداندا كۆيدۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىناتتى. ھازىر سېمونت قاتارلىق باشقا ماتېرىياللاردىن ھەر خىل شەكىلدە كۆيدۈرمەيمۇ ياسىلىدىغان بولدى.

**كەبى** تىر. ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، «-دەك، -تەك»، «-غا ئوخشاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: شىر كەبى. ئالىم كەبى. ★ بۇ دۇتارنىڭ پەردىسى يوق ھەم ئۈزۈكتۇر تارىسى، قاي كىشىنىڭ بۇ كەبى كۆڭۈل ئاچار دىلدارى بار؟

مەنىداش سۆزى: ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com



**كەچمىش** ئى. ئىلگىرى بېشىدىن ئۆتكەن تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر؛ ئۆتمۈش، سەرگۈزەشتە: زۇلخۇمار ئۆزى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاشۇ قوزغۇنغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كەچمىشىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ★ ئاھ، ياق، بۇ بولىدىغان گەپ ئەمەس! ★ ئۇ كەچمىشلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟

**مەنىداش سۆزى:** كەچۈرمىش، ئۆتمۈش، سەرگۈزەشتە.

**كەچۈرمىش** ئى. باشتىن ئۆتكەن تۈرلۈك ئىشلار، تۈرلۈك ۋەقە-ھادىسىلەر، كەچمىش: ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

**مەنىداش سۆزى:** كەچمىش، ئۆتمۈش، سەرگۈزەشتە.

**كەشپىيات** ئى. تەكشۈرۈش، ئىلمىي تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، يارىتىلغان نەرسە، ئىختىرا، ئىجادىيەت: — بۇ يېڭىلىق يارىتىش ياكى ھېچقانداق كەشپىياتقا كىرمەيدۇ، — دېدى سادىق تەمكىنلىك بىلەن.

**مەنىداش سۆزى:** ئىختىرا، ئىجاد.

**كەشپىياتچى** ئى. كەشىپ قىلغۇچى كىشى، ئىختىرا قىلغۇچى، ئىختىراچى: ئېدىسون دۇنيادا ئەڭ مەشھۇر كەشپىياتچى ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئىختىراچى.

**كەم** سۈپ ① كېرەكلىك چەكتىكىدىن ئاز، پېتىشمەيدىغان، ئازلىق قىلىدىغان، كۆپ ئەمەس، ئاز: بۇ يەرنىڭ سۈيى كەم. ★ سۇ ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن كەم ئىدى. ② تولمىغان، تولۇقلانمىغان: ئەتىگەندە ساتقان مالنىڭ كەم پۇلىنى تېخى ئالالمىدىم. ③ مەلۇم خىسلەت، قابىلىيەت جەھەتتە باشقىلاردىن تۆۋەن، ناچار، پەس: ئۇنىڭ ئەقلى-ھوشى كەمرەك ئىكەن. ④ چولتا، تار دائىرىدە، يۈزە: ئۇ ھەرگىز ئۇنداق كەم ئويلايدىغانلاردىن بولمىسا كېرەك.

**كوكۇلا** ئى. چاچ ياكى چاچ ئۆرۈمى: قىز كۆزىنى يېپىۋالغان كوكۇلا چېچىنى قايرىپ تۈزەشتۈردى.

**كوكۇلسىز** سۈپ. كوكۇلىسى يوق، كوكۇلا قويمىغان: كوكۇلسىز قىز.
مەنداش سۆزى: كوكۇلا قويمىغان.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كوكۇلىلىق.

**كوكۇلىلىق** سۈپ. كوكۇلىسى بار، كوكۇلا قويغان: مەن بۇ سۈرەتنى سىننىڭ كوكۇلىلىق كىچىككىنە قىز ۋاقتىڭنى ئەسلەش ئۈچۈن بەزىدە دەپتەرگە سىلىۋالىمەن.
مەنداش سۆزى: كوكۇلا قويغان.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كوكۇلسىز.

**كوللېكتىپ** ① ئى. مەلۇم مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۇيۇشقان كىشىلەر، كىشىلەر توپى: سىنىپ كوللېكتىپى. ② سۈپ. كۆپچىلىككە تەۋە، ئومۇمىي؛ كۆپچىلىك بىرلىكتە قىلىدىغان: كوللېكتىپ ئىگىلىك. ★ تۇرمىنىڭ سول تەرىپىدە كوللېكتىپ كامېر بار ئىدى. ★ باللارنىڭ كوللېكتىپ پائالىيىتى قوشنا ئائىلىلەردىكى باللارنىمۇ جەلپ قىلدى.

**كوللېكتىۋىزم** ئى. كوللېكتىپچىلىق، ئاممىۋىلىك: ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى كوللېكتىۋىزم بىلەن كوممۇنىزم.
مەنداش سۆزى: كوللېكتىپچىلىق، ئاممىۋىلىك.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: شەخسىيەتچىلىك.

**كوللېكتىۋىزملىق** سۈپ. كوللېكتىۋىزمغا خاس، كوللېكتىۋىزمغا ئائىت: كوللىكتىۋىزملىق نۇقتىئىنەزەر. كوللېكتىۋىزملىق كۆز قاراش.
مەنداش سۆزى: ئاممىۋىلىك.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: شەخسىيەتچىلىك.

**كومپاس** ئى. يۆنىلىش بەلگىلەيدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە ئۇ يۆنىلىش گرادۇسلىرى چۈشۈرۈلگەن يۇملاق تەخسە ۋە دائىم شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ماگنىتلىق تىلدىن تۈزۈلىدۇ.

**كونسېرۋا** ئى. پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن تۇنىكە قۇتا ۋە

بوتۇلكىلارغا قاچىلاپ، ئاغزىنى ھاۋا ئۆتمەيدىغان قىلىپ بېكىتىلگەن يېمەكلىك. ئۇ ئۇزۇنغىچە بۇزۇلمايدۇ.

**كونكرېت** سۈپ. رېئال مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئېنىق، روشەن؛ ئەمەلىي؛ بەلگىلىك، ئابستراكت بولمىغان: كونكرېت ئادەم. كونكرېت ئىش. كونكرېت ئەمگەك. كونكرېت ۋەزىپە. ★ تېكىستتە دەرس ئارىلىقىدىكى بىرنەچچە خىل پائالىيەت كونكرېت يېزىلغان.

**مەنداش سۆزى:** ئوچۇق، ئەمەلىي.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئابستراكت.

**كۇتۇپخانا** ئى. كىتاب، ژۇرنال ۋە شۇ قاتارلىقلار ساقلىنىدىغان جاي: مەكتەپ كۇتۇپخانىسى. ئۇرۇمچى شەھەرلىك كۇتۇپخانا.

**كۇلۇب** ئى ① سىياسىي، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان تەشكىلات ۋە ئۇنىڭ سورۇنى. ② كىنو، تىياتىر قويىدىغان زال-مەيدان؛ كىنوخانا: ياشلار كۇلۇبى. ئوقەتچىلەر كۇلۇبى. ئىشچىلار كۇلۇبى.

**كۆپەيتكۈچى** ① سۈپ. كۆپەيتىش رولىنى ئوينايدىغان، كۆپەيتىدىغان: كۆپەيتكۈچى ئىپادە. ② ئى. كۆپەيتىش ئەمەلىدىكى باشقا سان كۆپەيتىلىدىغان سان. مەسىلەن، 5×3=15 دىكى 3 كۆپەيتكۈچىدۇر. ③ ئى. بىر پۈتۈن سان ئىككىنچى بىر پۈتۈن سانغا پۈتۈن بۆلۈنسە، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ كۆپەيتكۈچىسى بولىدۇ.

**كۆپەيتىش** پ ① ماتېماتىكىدا ھەسسىلەش، يەنى كۆپەيگۈچىنى كۆپەيتكۈچىنىڭ مىقدارى بويىچە ھەسسىلەش. ② ماتېماتىكىدا كۆپەيتىش ئەمەلى: كۆپەيتىش بەلگىسى. كۆپەيتىش جەدۋىلى.

**كۆپەيتىش ئەمەلى** ماتېماتىكىدىكى بىر خىل ھېسابلاش ئۇسۇلى. ئەڭ ئاددىيسى مۇسبەت پۈتۈن سانلارنى كۆپەيتىش، يەنى بىرقانچە ئوخشاش ساننى ئارقىمۇئارقا قوشۇشنى ھېسابلاش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۇسۇلى.

**كۆپتۈرمە** سۈپ ① قاپارتىلغان، كۆپتۈرۈلگەن: كۆپتۈرمە سۇلياۋ. كۆپتۈرمە نەقىش. ② مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن، كۆپتۈرۈلگەن، ئاشۇرۇۋېتىلگەن: كۆپتۈرمە گەپ.

**كۆپتىن-كۆپ** سۈپ. ناھايىتى كۆپ، ئىنتايىن كۆپ: ئۇ ماڭا كۆپتىن-كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدى. ★ قىلغان ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن، مەن سىزگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

**كۆرسىتىش** پ. بىلدۈرۈش، چۈشەندۈرۈش، دەلىللەش، ئىسپاتلاش؛ نامايان قىلىش: بىگىسىنى كۆرسىتىش. ★ ئۇلارنىڭ قايسى بىرىنىڭ بوغۇم ئىكەنلىكىنى ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىپ بېرىڭ.

**كۆركەم** سۈپ. كۆرۈنۈشى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، كۆرگۈچىلىكى بار، گۈزەل، چىرايلىق: كۆركەم ھويلا. كۆركەم مەنزىرە. كۆركەم ئۆي. ★ ئاۋۇ بىنا ناھايىتى كۆركەم سېلىنغان بىنا ئىكەن.

مەنىداش سۆزى: گۈزەل، چىرايلىق، كاتتا.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كۆرۈمسىز، سەت.

**كۆز سېلىش** قاراش، نەزەر سېلىش، نەزەر ئاغدۇرۇش، كۆز يۈگۈرتۈش: مەن مەكتەپ دەرۋازىسىنى ئېچىپ كىرىپ ئىچىگە بىر قۇر كۆز سالدىم.

مەنىداش سۆزى: قاراش، نەزەر سېلىش، نەزەر ئاغدۇرۇش، كۆز يۈگۈرتۈش.

**كۆز قىرىنى سېلىش** نەزەر سېلىش، قاراش: ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمىغان بىرقانچە ئوقۇغۇچى دوسكىدا ئىسمى ئاتىلىپ تەقدىرلەندى.

مەنىداش سۆزى: نەزەر سېلىش، قاراش.

**كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە** ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا، ھەش - پەش دېگۈچە: كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا ئايروپىلان ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ بىزدىن يىراقلاپ كەتتى.

**كۆز ئۈزمەي** كۆزنى باشقا ياققا يۆتكىمەي، كۆز تىكىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داۋاملىق تىكلىمپ: ئانا غۇنچە بوي قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدى.

مەنىداش سۆزى: تىكلىمپ، كۆز تىكىپ.

**كۆز يۈگۈرتۈش** تېز، ئىتتىك قاراپ چىقىش، قاراش: ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ، ئەرلەر تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ، ھەربىر كىشىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى.

**كۆزىتىش** پ. تەكشۈرۈش، سەپسېلىش، كۆز-قۇلاق بولۇش، بايقاپ تۇرۇش، قاراش، كۆزدىن كەچۈرۈش: ئەتراپنى كۆزىتىش، ۋەزىيەتنى كۆزىتىش. كوچىنى كۆزىتىش ★ سۆگەتنى كۆزىتىڭ، ئۇنىڭ قايسى قىسمى غول بولىدۇ؟

مەنىداش سۆزى: قاراش، كۆزدىن كەچۈرۈش، بايقاش، بايقاپ تۇرۇش، سەپسېلىش.

**كۆسەي** ئى ① تونۇرنىڭ ئوتىنى يىغىدىغان ۋە ئوت چۇخچىلايدىغان ئۇزۇن ياغاچ ياكى شۇنىڭ رولىنى ئوينايدىغان نەرسە. ② كۆچمە.

قارا مىلتىق: شۇ قارا كۆسەي بىزدە بولمىغانلىقتىن، بەگ ھۆزكىرەپ يۈرتقا پاتماي كەتتى.

**كۆڭۈل (كۆڭلى)** ئى ① كىشىلەرنىڭ ئوي-پىكىر، ھېس-تۇيغۇلىرىنىڭ مەنبەسى؛ يۈرەك، قەلب، دىل: ئۇق ئاتما، كۆڭۈل ساتما(ماقال). ② ئەس-ياد، ئوي-خىيال، نىيەت: ئاتىنىڭ كۆڭلى بالىدا، بالىنىڭ كۆڭلى دالىدا(ماقال). ★ ئايزىمخان كۆڭلىدىكىلىرىنى ھېيزىمخانغا ئېيتتى.

مەنىداش سۆزى: يۈرەك، قەلب، دىل؛ ئەس-ياد، ئوي-خىيال، نىيەت.

**كۆڭلى يېرىم بولۇش** مەيۈسلىنىش، روھى چۈشۈش: غەنى پۇلنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقتىن ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم بولدى. ★ مۇئەللىم ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن تولىمۇ كۆڭلى يېرىم بولدى.

مەنىداش سۆزى: مەيۈسلىنىش، روھى چۈشۈش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كۆڭلى پۈتۈن بولۇش، كۆڭلى توق بولۇش؛ كۆڭلى يايراش، كۆڭلى يورۇش.

**كۆيۈش** پ ① ئوت ئېلىش، يېنىش: كۆمۈر كۆيۈش. ياغاچ كۆيۈش. ② ھەددىدىن زىيادە ئىسسىپ كېتىش: پاھ، ئەجەب بىر كۈن بولدىغۇ، ئادەم كۆيۈپ كەتتىغۇ! ③ قاتتىق قىزىپ ئىشتىن چىقىش، ئېرىپ كېتىش (ئېلېكتر سايمانلىرى ھەققىدە): لامپۇچكا كۆيۈپ كەتتى. ④ كۆچمە. ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش، قاتتىق بېرىلىپ ياخشى كۆرۈش: ئۇ بالىسىغا كۆيىدى. ★ قىزىمىز دەپ مومايلار، ئۇنى دىلىدىن سۆيىدۇ. ئاۋۇلدىكى چوڭ-كىچىك، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆيىدۇ. ⑤ كۆچمە. غەمخورلۇق قىلىش، كۆيۈنۈش: مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا(ماقال). ★ ئۆي دېگەنگە كۆيسە ئۆي بولىدۇ، بولمىسا چۆل(بولىدۇ).

**كۆيۈنۈش** پ. كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش، جان كۆيدۈرۈش: ئۇ كىشى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى كۆيۈنۈپ داۋالاپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ★ بۇ كىشىنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن كۆيۈنۈپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى مېنى تەسىرلەندۈردى.

مەنىداش سۆزى: كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش، جان كۆيدۈرۈش.

**كۈتۈلمىگەندە** رەۋ. ئۈشتۈمتۈتلا، تاسادىپىيلا، ئويلىمىغاندا: كۈتۈلمىگەندە ئۆيگە ياشار كىرىپ كەلدى.

مەنىداش سۆزى: ئۈشتۈمتۈتلا، تاسادىپىيلا، ئويلىمىغاندا.

**كۈچلۈك** سۈپ. جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋىتى باشقىلارغا نىسبەتەن ئارتۇق؛ كۈچى كۆپ، كۈچى زور: كۈچلۈك ئادەم. ★ پىل ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ھايۋان ھېسابلىنىدۇ.

مەنىداش سۆزى: كۈچتۈڭگۈر، قۇۋۋەتلىك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كۈچسىز، قۇۋۋەتسىز.

**كۈلپەتلىك** سۈپ. ئازاب-ئوقۇبەتلىك، ئازابلىق، دەرد-ئەلەملىك، ئەلەملىك: كۈلپەتلىك كۈنلەر. كۈلپەتلىك زامان.

www.uyghurkitap.com



**مەنىداش سۆزى:** ئازاب-ئوقۇبەتلىك، دەرد-ئەلەملىك، ئەلەملىك، پىغانلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كۆڭۈللۈك، شادلىق، خۇشاللىق، خاتىرجەملىك.

**كۈلكە** ئى ① خۇشاللىقنى، زوقلىنىشنى، شادلىقنى ئىپادىلەيدىغان، بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ چىقىدىغان ئاۋازلار: كۈلكە ئاڭلانماق. ★ ئاغرىق كىشى كۈلكە سۆيمەس (ماقال). ② مازاق، مەسخىرە: شۇنچىلىك ئاددىي نەرسىلەرنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەي، كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالمايلى يەنە.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىغا.

**كۈلكە-چاقچاق** ئى. كۈلكە ۋە چاقچاق: ئاغزىدا كۈلكە-چاقچاق، قويىنىدا پالتا-پىچاق (ماقال). ★ شۇ چاغدا بىرقانچە ياش ئىشچىلار كۈلكە-چاقچاق بىلەن يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىغا-زار.

**كۈلكىلىك** سۈپ ① قىزىقارلىق، كۈلدۈرىدىغان: كۈلكىلىك تىياتىر. كۈلكىلىك گەپ. ② كۆچمە. مەسخىرىلىك: كۈلكىلىك ئىشتە بۇ، كىم بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ★ مېنىڭ بۇ ھالىم ساڭا كۈلكىلىك تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟

**مەنىداش سۆزى:** قىزىقارلىق؛ مەسخىرىلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىغا-زارلىق.

**كۈلگەك** سۈپ. تولا كۈلىدىغان، كۈلۈپلا تۇرىدىغان: كۈلگەك بالا. ★ چىشقاق بالىغا ئىت ئەگىشەر، كۈلگەك ئايالغا يىگىت (ماقال).

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىغلىغاق.

**كۈلگەكلىك** ئى. كۈلۈش خۇسۇسىيىتى: ئۇنىڭ كۈلگەكلىكى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىغلىغاقلىق.

**كۈلگۈنچەكلىك** ئى. تولا كۈلۈش خۇسۇسىيىتى، تولا كۈلۈش ئادىتى: ئارتۇقچە كۈلگۈنچەكلىكىم ئۈچۈن، ئۇ بەزىدە تېرىكىپ قالاتتى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىغلىغاقلىق.

**كۈلۈمسىرەش** پ. چىرايىدا كۈلكە پەيدا قىلىش، چىرايىدىن كۈلكە يېغىش: مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا قىز ئوقۇغۇچى مۇنىرە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىغلاش، يىغلامسىراش.

**كۈمۈش** ئى. مېتال ئېلېمېنت. رەڭگى كۈل رەڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭ قېتىشمىسىدىن پۇل، كۈندىلىك قوللىنىلىدىغان ئەسۋابلار ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە بەزى دورىلارغا مەلۇم مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

**كۈن** ئى ① قۇياش: كۈن چىقماق. كۈن ئولتۇرماق. كۈن تۇتۇلماق. ② سوتكىنىڭ قۇياش چىققاندىن تارتىپ، قۇياش پاتقانغىچە بولغان قىسمى: بىرىم كۈن. پۈتۈن كۈن. ★ ئۇ كۈنلىرىنى تاماقسىز، تۈنلىرىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى. ③ بىر كېچە-كۈندۈزگە، يەنى 24 سائەتكە تەڭ ۋاقىت؛ سوتكا: بىر يىل 365 كۈن بولىدۇ. ★ بىرنەچچە كۈن شۇ يەردە تۇرۇپ قالدىم. ④ ئاي ياكى ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر چېسلاسى: يەكشەنبە كۈنى. جۈمە كۈنى. ⑤ ۋاقىت، پەيت، چاغ، زامان، دەۋر: باللىق كۈنلىرى. ★ ئاتامنىڭ كۈنى ئەمدى داۋالانغاچ ئۆي ساقلاش بىلەنلا ئۆتىدىغان بولدى. ⑥ كۆچمە. تۇرمۇش، تىرىكچىلىك، ھايات: كۈنى پۈتمەك. كۈن كەچۈرمەك. كۈن ئۆتكۈزمەك. ★ ئۇنىڭسىزمۇ بىزنىڭ بۇ يەردىكى كۈنىمىز ئىت-ئېشەكنىڭ كۈنى. ⑦ كۆچمە. تىنچلىق، ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك: ئەگەر تاماق تۇزلۇق ياكى تۇزسىز بولۇپ قالسا، خوتۇنىغا كۈن يوق ئىدى. ⑧ كۆچمە. ئازاب-ئوقۇبەت، جەبىر-جاپا؛ ئېغىرچىلىق، كۆڭۈلسىزلىك: پاتقاق دەرياسىغا چۆكۈپ كەتكەن ئېتىنى چىقىرىمەن دەپ ئۇنىڭ تارتقان كۈنى ئازمۇ؟

**كۈن ئېلىش** تۇرمۇش كەچۈرۈش، ھايات كەچۈرۈش، ياشاش: ئۇلارنىڭ ئۆز يېزىسىدا كۈن ئالمىقى تەس بولۇپ، ئاكا-ئۇكا مەسلىھەتلىشىپ باشقا يۇرتلارغا سەپەر قىلماقچى بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنىداش سۆزى: تۇرمۇش كەچۈرۈش، هايات كەچۈرۈش، ياشاش.

**كۈندە** رەۋ. هەركۈنى، دائىم، هەمىشە: بەر سۇپۇرۇش ۋە ئۇستەل، پارتا-ئورۇندۇقلارنى سۈرتۈش — بىزنىڭ كۈندە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز.

مەنىداش سۆزى: هەركۈنى، دائىم، هەمىشە.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئارىلاپ-ئارىلاپ، ئاندا-ساندا، بەزىدە، بەزى-بەزىدە.

**كۈندىلىك** سۈپ. هەركۈنى ئېلىپ بارىدىغان، كۈندە بولىدىغان: كۈندىلىك تاماق. كۈندىلىك دەرس. ★ ئاتموسفېرا بىسىمى كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ناهايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**كۈنگەي** سۈپ. كۈن نۇرى تېگىپ تۇرىدىغان: كۈنگەي تاغ. كۈنگەي يايلاق. ★ پاكىز چايقاپ بولغاندىن كېيىن، چەك سىقىپ سۈيىنى چىقىرىۋېتىپ، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان كۈنگەي يەرگە يېيىپ قويۇشىمىز لازىم.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تەسكەي.

**كۈي** ئى. ئاهاڭ، ناخشا: ئىچىدە بىر كۈيىنى غىڭشىپ ئېيتقىنىچە گۈزەلنۇر چوڭ يول تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

**كېچە** ئى. سوتكىنىڭ قاراڭغۇ چۈشكەندىن تاڭ ئاتقۇچە بولغان قىسمى: بۈگۈن كېچە يامغۇر ياغىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ئاخشام.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كۈندۈز.

**كېچىكتۈرۈش** پ ① بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىن قالدۇرۇش. ② بېجىرىشنى كەينىگە سۈرۈش، ۋاقتىدا بېجىرمەي تۇرۇۋېلىش.

**كېچىلەپ** رەۋ. كېچە داۋامىدىكى، ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، تۈن بويى: سەمەت كېچىلەپ مېڭىپ ناهىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا بېرىپ هەيدەر بىلەن ئۇچراشتى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كۈندۈزلەپ.

**كېرەك** سۈپ ① زۆرۈر؛ لازىم: شەھەردە كۆز كېرەك، جاڭگالدا قۇلاق كېرەك(ماقال). ★ ئۇ قىز ئۆزلىرىنىڭمۇ كېرەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بىر قۇتا دورا كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. ② شەرت مەيلىدىكى پېئىل بىلەن كېلىپ، مۆلچەر ۋە ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئېھتىمال مۇشۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى بولسا كېرەك.

مەنىداش سۆزى: لازىم، زۆرۈر.

**كېزىش** پ. مېڭىپ، ئايلىنىپ يۈرۈش، ئارىلاش، زىيارەت قىلىش، ساياھەت قىلىش: لۇتپۇللا دالىدا يۈرۈشنى، جاڭگال-جىرالارنى كېزىشنى، تاغلارغا، تىك چوققىلارغا چىقىشنى ھېسابسىز ياخشى كۆرەتتى.

**كېسەلچان** سۈپ. پات-پات كېسەل بولۇپ تۇرىدىغان، كېسەلمەن: ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېسەلچان ئانىسى كەلدى.

مەنىداش سۆزى: كېسەلمەن.

**كېلىچەك** ① سۈپ. ھازىرقى پەيتتىن كېيىن كېلىدىغان، كەلگۈسىدىكى: ئەنە شۇ چاغدا، ساڭا تەئەللۇق بولغۇسى، كېلەچەك دۇنيا، پارلاق كەلگۈسى. ② ئى. ھازىرقى پەيتتىن كېيىن كېلىدىغان ۋاقىت، دەۋر؛ كەلگۈسى: مېنىڭ كېلەچەككە بولغان ئىشەنچىم ناھايىتى كۈچلۈك. ③ ئى. كەلگۈسىدىكى ھايات، كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش، ئىستىقبال: توغرا يولدا ماڭغانلارغا خەۋپ-خەتەر يوق، كېلەچىكى سائادەتلىك مەڭگۈ كۆڭلى توق.

**كېلىشمەسلىك** ئى. كۈتۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىق، يامان ئەھۋال، پېشكەللىك، پالاكەت، كۆڭۈلسىزلىك: بۈگۈن كىرگەن كىشى ئۈرۈمچىدە بىر ئىدارىدە باشلىق ئىكەن، يېقىندا كېلىشمەسلىك بولۇپ بويتاق بولۇپ قاپتۇ.

مەنىداش سۆزى: پېشكەللىك، پالاكەت، كۆڭۈلسىزلىك.

**كىتابخان** ئى. كىتاب ئوقۇغۇچى، ئومۇمەن باسما ماتېرىياللىرىنى ئوقۇغۇچى: دەيدۇلەركى دانالار: — پەندە ئەسلى تۈز يول يوق، تۈن ۋە كۈن رىيازەت چەك، چارچىماس كىتابخان يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تورى



مەنىداش سۆزى: ئوقۇرمەن.

**كىچىك پېئىل** سۈپ. ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدىغان خىسلەتكە ئىگە، كەمتەر، ماختانمايدىغان، مەغرۇرلانمايدىغان: ئامىنەمنىڭ دادىسى چوڭ ياشلىق بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى كىچىك پېئىل ئادەم.

مەنىداش سۆزى: كەمتەر.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: كۆرەڭ، مەغرۇر.

**كىر** ئى ① نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە، بەدەنگە قونغان، چاپلاشقان، يۇققان چاڭ-توزان قاتارلىق مەينەت، پاسكىنا نەرسىلەر: چېچىمىزغا دائىم باش كىيىكى، چاڭ-توزان، ماي قاتارلىق كىرلەر چاپلىشىۋالىدۇ. ② كۆچمە. ئاداۋەت، غۇم، يامانلىق: كۆڭۈلدە كىر ساقلاپ نېمە قىلىمىز؟

**كىمخاب** ئى. ئۆرۈشى يىپەك، ئارقىقى زەر يىپتىن توقۇلغان رەخت: ئەپەندىم كوچىدا مەست بولۇپ ياتقان خان ئەمەلدارنىڭ كىمخاب تونى بىلەن شايى سەللىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

**كىيىم-كېچەك** ئى. كىيىلىدىغان نەرسىلەر، كىيىم: قېرىنداش، كىيىم-كېچەك، سۇ قاتارلىق جىسملارمۇ بەلگىلىك بوشلۇقنى ئىگىلەيدۇ.

مەنىداش سۆزى: كىيىم، ئەگىن.

## گ

**گاھ-گاھ** رەۋ. بەزەن-بەزەن، بەزى-بەزى، بەزى-بەزىدە، ناگان-ناگاندا، ئارىلاپ-ئارىلاپ، تۇرۇپ: ئەمما بالا خۇددى چوڭ كىشىلەردەك، گاھ-گاھ كىتابتىكى بىر نۇقتىغا قاراپ تىكىلىپ تۇرۇپ قالاتتى. ★ ئۇ گاھ-گاھ كىتابتىكى بەزى سۆزلەرنى تىرنىقى بىلەن يەرگە جىجاپ يېزىپ باقاتتى.

مەنىداش سۆزى: بەزەن-بەزەن، بەزى-بەزىدە، ناگان-ناگاندا، ئارىلاپ-ئارىلاپ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: دائىم، ھەر دائىم، ھەمىشە.

**گەج** ئى. بىر خىل ئانئورگانىك بىرىكمە. ئۇ سۇزۇك كرىستال ھالىتىدە بولۇپ، ئاق، ئاچ سېرىق، شاپتۇل چېچىكى رەڭ ياكى كۆل رەڭ كېلىدۇ. كۆپ قىسمى تەبىئىي چىقىدۇ. ئادەتتە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق ساھەلىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**گەندە** ئى. پوق، نىجاسەت: بېلىق بېقىلىدىغان سۇدا ھەمىشە بېلىق يېمىنىڭ قالدۇقلىرى ۋە بېلىق گەندىسى قاتارلىق پاسكىنا نەرسىلەر بولىدۇ.

مەنىداش سۆزى: پوق، نىجاسەت.

**گەيجاڭ** ئى. 1949-يىلدىن بۇرۇنقى چاغلاردىكى مەھەللە باشلىقى: ساقچىلار، گەيجاڭ، بەگلەر ۋە باشقا نۇرغۇن يالاقچى-گۇيپاڭچىلار قاچقۇنلارنى تەرپ-تەرەپكە قوغلاپ كېتىشتى.

**گويا** يۈك. خۇددى، بەئەينى: قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەتراپتا گويا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرگەندە، ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىشتى.

مەنىداش سۆزى: خۇددى، بەئەينى.

**گۆدەكلەرچە** رەۋ. گۆدەكلەرگە ئوخشاش، گۆدەكلەردەك، گۆدەكلەردە بولىدىغان، بالىلارچە: گۆدەكلەرچە ئىش قىلىش. گۆدەكلەرچە ئويلاش.

مەنىداش سۆزى: بالىلارچە.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاقىللارچە، دانالارچە.

**گۆشلۈك** سۈپ ① گۆشى بار، گۆش توغرىغان، گۆش ئارىلاشتۇرۇلغان: گۆشلۈك سەي. گۆشلۈك پولۇ. ② گۆش بېرىدىغان، گۆشى جىق، ئەتلىك، سېمىز: گۆشلۈك قوي. گۆشلۈك كالا. گۆشلۈك توخۇ.

مەنىداش سۆزى: ئەتلىك.

**گۇدرەت** ئى. گۇمان، شەك، شۇبھە: شۇ ھامان كۆڭلۈمگە گۇدرەت چۈشتى.

مەنىداش سۆزى: گۇمان، شەك، شۇبھە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

**گۆرەن** ئى. قولاقنىڭ ئاستى، قوۋۇزنىڭ ئارقا قىسمى: گۆرەن تومۇرى. گۆرەن بېزى.

**گۆرجەك** ئى. توپا ئۇسۇش، توپا قېزىش، خامان سورۇش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان، ساپلىق سايمان: گۆرجەك بىلەن توپا ئۇسماق.

**گۆرۆچ** ئى. شالنىڭ پوستى تازىلانغاندىن كېيىنكى دېنى.

**گۆزەل** ① سۈپ. ناھايىتى كېلىشكەن، چىرايلىق، ھۆسنلىك، نەپىس، كۆركەم: گۆزەل قىز. گۆزەل مەنزىرە. گۆزەل شەھەر. ★ ئادەمگە يارىشىدىغان ئەڭ گۆزەل كىيىم ئەدەپ-ئەخلاق كىيىمىدۇر. ② سۈپ. ئېسىل، ياخشى، پارلاق: گۆزەل ئەخلاق. قىز ھەم ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەنداش سۆزى:** چىرايلىق، كېلىشكەن، ھۆسنلىك؛ ئېسىل.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سەت، كۆرۈمسىز.

**گۆگۈم** سۈپ. كەچ كىرگەن، ئەتراپ قاراڭغۇلاشقان، قاش قارايغان: ئۇلار شەھەردىكى چوڭ ئاپىلىرىنىڭ ئۆيىگە سەھەردە بېرىپ، گۆگۈم ۋاقتىدا ئاندىن قايتىپ كەلدى.

**گۈلخان** ئى ① ئىسسىنىش ياكى يورۇتۇش، بەلگە بېرىش قاتارلىق مەقسەتلەردە دالىدا ياكى بوش يەردە ئوتۇن، شاخ-شۇمبا، ئوت-چۆپلەردىن يېقىلغان ئوت دۆۋىسى. ② قىز ھەم ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈل-گىياھ** ئى. گۈل ۋە گىياھ ھەم شۇ تۈردىكى ئۆسۈملۈك-لەرنىڭ ئاتىلىشى: بىز گۈل-گىياھ ۋە كىچىك دەرەخلەرنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ مەكتىپىمىزنىڭ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرەيلى.

**گېرب** ئى. دۆلەت، شەھەر، تەبىقە، ئۇرۇق قاتارلىقلارنىڭ بايراق، پۇل، تامغىلىرىغا چۈشۈرۈلىدىغان بەلگىسى: دۆلەت گېربى.

**گىياھ** ئى. ئوت-چۆپ، ئۇششاق ئۆسۈملۈك: بۇ يەرلەر ئەسلىدە بىر

توپ گىياھمۇ ئۇسمەيدىغان يەر ئىدى، ھازىر بوستانلىققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

# ل

**لازىم** سۈپ. بېجىرىلىشى زۆرۈر بولغان؛ كېرەك، زۆرۈر: ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ بۇرچىنى چوقۇم ياخشى ئادا قىلىشى لازىم.

مەنىداش سۆزى: كېرەك، زۆرۈر.

**لامپۇچكا** ئى. ئېلېكتر توكى بىلەن نۇر تارقىتىدىغان، شارسىمان شېشىدىن ئىبارەت يورۇتۇش ئەسۋابى؛ ئېلېكتر چىراغ: ئېدىسون ئاخىرى مۇۋاپىق لامپۇچكا قىلىنى تېپىپ چىقىپ، ئېلېكتر لامپۇچكىسىنى ئىجاد قىلدى.

مەنىداش سۆزى: ئېلېكتر چىراغ.

**لاۋا** ئى. دەرەخ شېخى، يوپۇرمىقى، ئەسكى-تۈسكى قەغەزلەر ۋە گەندە-قىغ قاتارلىق چىرىگەن ئەخلەتلەر.

**لەت** ئى. بىرەر ئىشتا يېڭىلىشتىن كېلىپ چىققان ئۇيىلىش تۇيغۇسى؛ مات، ئىزا، ئوسال: لەت بولۇش. لەت قىلىش. ★ دېسە لەت، دېمىسە دەرد(ماقال).

مەنىداش سۆزى: مات، ئىزا، ئوسال.

**لەت بولۇش** يېڭىلىش، ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش، ئوسال بولۇش، مات بولۇش: بۇ ئىشتا ئۇ تازا لەت بولدى.

مەنىداش سۆزى: مات بولۇش، ئوسال بولۇش.

**لەت قىلىش** يېڭىش، ئوسال قىلىش، مات قىلىش: نەسرىدىن ئەپەندى قىزىل كۆز بايلارنى، ئالدامچى موللىلارنى، جازانىخور سودىگەرلەرنى ئەقىل-پاراستى بىلەن لەت قىلىپ، جازاسىنى بېرىپ تۇرىدىكەن.

مەنىداش سۆزى: ئوسال قىلىش، مات قىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**لەرزان** سۈپ. كىشىگە ياقىدىغان، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان، ئاستا، يېنىك سوققان، يېنىك تەۋرەنگەن، يېنىك ئۇرۇلغان:
لەرزان شامال. لەرزان ئاھاڭ. لەرزان ئۇسسۇل.
**مەنىداش سۆزى:** يېنىك، يەڭگىل.

**لەيلەش** پ ① سۇغا چۆكۈپ كەتمەي، چىلىشىپ سۇ ئۈستىدە تۇرۇش: ياغاچ سۇ ئۈستىدە لەيلەيدۇ. ② ھاۋا بوشلۇقىدا چۈشۈپ كەتمەي ياكى تېز كۆتۈرۈلۈپ كەتمەي ئاستا ھەرىكەت قىلىش:
ھاۋادا لەيلەش. كۆچمە. ③ ھېچبىر ئىش قىلماي لاغايلاش، لەلەڭشىش، بىكار يۈرۈش: ئۇ ھەمىشە ئىشلىمەي لەيلەپ يۈرىدۇ.

**لۆڭگە** ئى. پاختا يېپتىن تۇۋەت چىقىرىپ توقۇلغان، يۈز، قول، بەدەننى سۈرتۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تازىلىق بۇيۇمى:
ئاخىردا چىچىمىزنى ئىلمان سۇ بىلەن پاكىز چايقىۋېتىپ، قۇرۇق لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋېتىمىز.

**لىپاپ** ئى. كونۋېرت، ئىچىگە خەت سالىدىغان قەغەز خالتا: لىپاپ سېتىۋېلىش.
**مەنىداش سۆزى:** كونۋېرت.

**لىككىدە** رەۋ. كۆچمىدىلا، ئاسانلا، يېنىكلىك بىلەن، بىردىنلا:
يىگىت يەردىكى پاختا قاچىلانغان تاغارنى لىككىدە كۆتۈردى.

# م

**مادار** ئى. كۈچ، كۈچ-قۇۋۋەت، ماغدۇر، ماجال، ئىقتىدار:
ئۈچىمىزنىڭ مېۋىسى ھەر خىل كېسەللەرگە شىپا، بىلەككە مادار بولىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** كۈچ، كۈچ-قۇۋۋەت، ماغدۇر، ماجال.

**ماراش** پ. باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ياكى باشقا بىرەر نەرسىگە يوشۇرۇنچە نەزەر سېلىش، كۆزىتىش: پىخسىق باي قاسساپ بازىرىغا

بېرىپ ھەممە دۇكانلارغا قاراپتۇ، نەدە ئەرزان كالا باركىن دەپ ماراپتۇ.
مەنىداش سۆزى: مارىلاش.

**ماركا** ئى ① پوچتا ئورۇنلىرى سېتىپ تارقىتىدىغان، ئۈستىگە ئۆلگىلىك رەسىم چۈشۈرۈلگەن، باھاسى يېزىلغان، تۆت بۇرجەكلىك قەغەز: پوچتا ماركىسى. ماركا چاپلاش. ② بىر خىل تاۋارنىڭ تېشى ياكى قېپىغا بېسىلغان رەسىم، نەقىش شەكلىنى ئالغان يېزىق قاتارلىق بەلگىلەر: «قار لەيلىسى» — تېلېۋىزورنىڭ بىر خىل ماركىسىدۇر.

**مارىلاش** پ. ماراش، يوشۇرۇنچە كۆزىتىش، يوشۇرۇنچە قاراش: ئۇ يەنە تۇرۇپ-تۇرۇپ باشقىلار ماڭا دىققەت قىلىۋاتامدىكىن، دەپ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن مارىلاپ قاراپ قوياتتى.
مەنىداش سۆزى ماراش.

**ماشىنىچى** ئى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا كىيىم-كېچەك تىكىدىغان ئۇستا؛ سەيپۇڭ.

**ماغزاپ** ئى. كىر يۇيغاندا سوپۇندىن چىقىدىغان كۆپۈك: بېشىمىزنى تۆۋەن سېلىپ چېچىمىزنى چايقىغاندا، ماغزاپ سۈيىنىڭ بويىنىمىزغا كىرىپ كېتىشىدىن ساقلانمىغاندا كىيىمنىڭ ياقىسى ھۆل بولۇپ كېتىدۇ.

**ماڭا-ماڭا** رەۋ. مېڭىپ-مېڭىپ، يۇرە-يۇرە، ماڭغانسېرى، توختىماي مېڭىپ، ئۇزۇلدۇرمەي مېڭىپ: كامال ماڭا-ماڭا بىر باغۇبوستانلىق ئىمارەتكە يېتىپ، دەرۋازىدىن كىرسە، ئايئاق ساقاللىق بىر بوۋاي كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغىدەك.
مەنىداش سۆزى: مېڭىپ-مېڭىپ، يۇرە-يۇرە، ماڭغانسېرى.

**مالاي** ئى. بايلارنىڭ ياكى باشقا بىراۋنىڭ مەخسۇس خىزمىتىدە بولىغۇچى كىشى؛ خىزمەتكار، چاكار: ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مەخسۇت بەگنىڭ مالايلىرى ئىدى.
مەنىداش سۆزى: خىزمەتكار، چاكار.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خوجايىن.

www.uyghurkitap.com

**ماموۇق** ئى. ئۆردەك، غاز قاتارلىق قۇشلارنىڭ يۇمشاق تۈكى.

**مانا** ① ئال. ماۋۇ يەردە: — شاھىدە قىزىم نەدىسەن؟— مانا، مەن بار، ھاما ئاچا. ② ئال. سۆزلىگۈچىنىڭ قولىدىكى، يېنىدىكى نەرسىنى ياكى بولۇۋاتقان، بولغان ۋەقە-ھادىسىلەرنى كۆرسىتىشكە قوللىنىلىدۇ: كىچىك بالىنى سوغۇقتا يېتىلەپ ئاۋارە بولمىسلا، ئەمدى ئۆزىمۇ كېلىپ قالار، شەھەر دېگەن مانىغۇ. ③ يۈك. يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ، جۈملىدە ئوقۇلىدىغان مەقسەتكە ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ: مانا، ھەممە ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بولدى. ★ مانا، ئىش چاتاق بولدى. ★ مانا بۈگۈن تۈنجى قېتىملىق گۇرۇپپا يىغىنى بولۇپ ئۆتتى.

**ماھىر** ① سۈپ. يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە، ماھارەتلىك، ئۇستا: مەن ساڭا ئوخشاش ئات مىنىشكە ماھىر ئادەمنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىمەن. ② ئى. يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە ئادەم، ماھارەتلىك كىشى: بۇ كىشى شىنجاڭ تەنتەربىيە كوماندىسىنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھىرى ئابدىراخمان بولىدۇ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ماي** ئى ① ھايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ تېرە ئاستىدىكى توقۇلمىلىرى ھەمدە ئۈسۈملۈكلەر تېنىدە بولىدىغان ئورگانىك ماددا. ② شۇخىل ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىشلەنگەن ھەمدە سىلىقلاش ياكى پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك مەھسۇلاتلار: يۈز مېيى. ③ نېفىت ياكى ئۈنىڭدىن چەككىلەپ ئېلىنىدىغان تۈرلۈك يېقىلغۇلار: ماي قاچىلاش. ماشىنىنىڭ مېيى تۈگىمەك.

**مەنىداش سۆزى:** ياغ.

**مايلاش** پ. ماي سۈرۈش، ماي سۈركەش؛ ماي بېرىش: چوتكا بىلەن خۇرۇم ئاياغنى مايلىغىلى بولىدۇ.

**مايلىق** I ئى. تاماقتىن كېيىن قولنى سۈرتىدىغان بۆز، لۆڭگە: باللار پولۇدىن كېيىن ھەممىسى مايلىق بىلەن قولنى سۈرتۈشتى.

**مايلىق** II سۈپ ① مېيى بار، ماي ئېلىش مۇمكىن بولغان: مايلىق

زىرائەت، مايلىق دان. ② مېيى كۆپ، ماي ئارىلاشتۇرۇلغان. ③ ماي سۈرتۈلگەن، مايلانغان: مايلىق قەغەز.

**مەپتۇن** سۈپ. بىراۋغا ياكى بىرەر نەرسىگە چىن يۈرىكىدىن بېرىلگەن، ئىشقى چۈشۈپ ئەس-ھوشىنى يوقاتقان، شەيدا: مەپتۇن بولماق. مەپتۇن قىلماق.

**مەنىداش سۆزى:** شەيدا.

**مەپتۇن بولۇش** بىراۋغا ياكى بىرەر نەرسىگە ئىشقى چۈشۈپ ئەس-ھوشىنى يوقىتىش، چىن يۈرەكتىن بېرىلىش، شەيدا بولۇش: كىشىلەر مەپتۇن بولىدىغان يېقىملىق نەرسىلەر ھامان ئاددىي كېلىدۇ، ئاددىي نەرسىلەردىن ئۇلۇغ خىسلەت تېپىلىدۇ. ★ قازى بولسا، قىزنىڭ ھۆسنى-جامالىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** شەيدا بولۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىرگىنىش، ئۆچ كۆرۈش، بىزار بولۇش.

**مەدىكار** ئى. باشقىلارغا ياللىنىپ كۈنلۈك ئىشلىگۈچى كىشى، كۈنلۈكچى، ئىشلەمچى: مەدىكار بولۇپ ئىشلەش. ★ ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، بىركۈنى باي مەدىكارلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ ھېلىقى كۆمۈش تەڭگىلەرنى كۆمگەن يەرنى كولىتىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** كۈنلۈكچى.

**مەدىكارلارچە** رەۋ. مەدىكارلارغا خاس، مەدىكارلارغا ئوخشاش، مەدىكارلارنىڭ ئورنىدا، مەدىكارلاردەك: مەدىكارلارچە ئىشلەش.

**مەدىكارلىق** ئى. باشقىلارغا ياللىنىپ قىلىدىغان ئىش، مەدىكارچىلىق: مەدىكارلىق قىلىش.

**مەنىداش سۆزى:** مەدىكارچىلىق.

**مەردانە** ① رەۋ. مەردلەرچە، مەردلىك بىلەن، مەردلەرگە خاس، مەردلەرگە ئوخشاش: مەردانە ئىلگىرىلەش. ★ ئۇلار قوللىرىنى ئېگىز

كۆتۈرۈپ، مەردانە مېڭىپ سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىشتى. ② سۈپ. مەردلەرگە، **باتۇرلارغا خاس، باتۇرلاردەك**: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كاچات بىلەن ئۇرۇپتۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا كالتەك بىلەن ئۇرۇپتۇ، ئەمما ساخاۋەت داد-پەرياد كۆتۈرمەي، مەردانە قىياپەتتە تىك تۇرۇپتۇ. ③ سۈپ. **قەتئىيلىك بىلەن ئېيتىلغان؛ قەتئىي؛ ياڭراق؛ قەتئىي؛ كۈچلۈك**: قىزنىڭ بۇ مەردانە سۆزلىرى سوراقچىنىڭ ئۇغسىنى قايناتتى. ★ سۇلتان مىرغەزەپنىڭ مەردانە ئاۋازى گۈركىرەپ تۇرغان بورانىنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ④ رەۋ. **قورقماستىن، يۈرەكلىك هالدا**: ئايلىنىدۇ چىراغنى، كىچىككىنە پەرۋانە. ئۇرار پۈتۈن تېنىنى، ئۇ چىراغقا مەردانە.

**مەنىداش سۆزى**: يۈرەكلىك، قورقماستىن، باتۇرلارچە، باتۇرلۇق بىلەن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى**: يۈرەكسىز، قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك.

**مەرۋايىت** ئى. بەزى يۇمشاق تەنلىك هايۋانلارنىڭ قاپچۇقى ئىچىدە پەيدا بولىدىغان يۇملاق دانچىلەر. ئۇ سۈت رەڭ ياكى سارغۇچ كېلىدۇ، پارقىرايدۇ. ئادەتتە ئۇ بۇخىل هايۋانلار تېنىدە كېسەللىك ئۆزگىرىشى يۈز بېرىش ياكى قۇم ۋە مىكرو ئورگانىزملارنىڭ قاپچۇقى ئىچىگە كىرىۋېلىش بىلەن شەكىللىنىدۇ. كۆپىنچە زىننەت بۇيۇمى قىلىنىدۇ.

**مەرىكە** ئى. توي، تاماشا خاتىرىلەش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار مۇناسىۋىتى بىلەن بولىدىغان يىغىلىش، مۇراسىم: توي مەرىكىسى.

**مەسلىهەت** ئى. بىرەر ئىشنى قانداق قىلىش، نېمە قىلىش كېرەكلىكى هەققىدە بىلدۈرۈلگەن پىكىر، كۆرسەتمە، تەۋسىيە، تەكلىپ: هۆرۈنغا ئىش بۇيرۇساڭ ساڭا مەسلىهەت بېرىدۇ. ★ بىزنىڭ ئائىلىدە هەرقانداق ئىشنى مەسلىهەت بىلەن قىلىمىز.

**مەشئەل** ئى ① ئۇچىغا كۆيىدىغان بىرنەرسە ئورالغان، يورۇتۇش ياكى ئوت يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاياق: مەشئەل ياندۇرۇش.

② كۆچمە. يول ۋە نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەمۇنە؛ ماياك: ئىلىم-پەن ھەممىدىن ئەۋزەل، ئۇ ئۇچمەس مەشئەل.
مەنىداش سۆزى: ماياك.

**مەشھۇر** سۈپ. مەلۇم ساھەدە شۆھرەت قازانغان، داڭقى چىققان، تونۇلغان، ئاتاقلىق، داڭلىق: مەشھۇر ئالىم. مەشھۇر يازغۇچى. مەشھۇر ئەرباب. مەشھۇر ئەسەر.
مەنىداش سۆزى: ئاتاقلىق، داڭلىق.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئادەتتىكى، ئادەتتىكىدەك.

**مەشۇت** ئى. پىلە غوزىكىدىن چىقىرىدىغان يىپ.
مەنىداش سۆزى: يىپەك.

**مەقسەت** ئى. ئېرىشىش ئۈچۈن كۆزدە تۇتۇلغان نەرسە، مۇراد، مۇددىئا: چۆچۈرە يېمەكتىن مەقسەت گۆش يېمەك(ماقال). ★ مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشىمدىن مەقسەت كۆپچىلىكنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان دىققىتىنى قوزغاش.
مەنىداش سۆزى: مۇراد، مۇددىئا.

**مەڭز (مەڭزى)** ئى. يۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆز بىلەن ياڭاقنىڭ ئارىلىقىدىكى قىسمى: ئۇنىڭ يۈزلىرى ئالمىدەك قىپقىزىل بولۇپ، نۇرلۇق يوغان كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ كۈلسە مەڭزىدە بىر جۈپ زىناق پەيدا بولاتتى.

**مەمنۇن** سۈپ. رازى، قانائەتلەنگەن، خۇرسەن، مىننەتدار: مەمنۇن بولۇش، مەمنۇن قىلىش. ★ بۇ خادىم ئۆز ئىشلىرىدىن مەمنۇن ئىدى.

**مەمنۇن بولۇش** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىش، خۇرسەن بولۇش، مىننەتدار بولۇش، قانائەتلىنىش، رازىمەنلىك ھېس قىلىش: ئۇ ئوغلىنىڭ نەتىجىسىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

**مەمنۇنلۇق** ئى. مەمنۇن بولغان ھالەت، مەمنۇن بولۇش؛ خۇرسەنلىك، رازىلىق، مىننەتدارلىق، قانائەتلىنەرلىك: ئوقۇغۇچىلار بۇ بىر سائەتلىك دەرستىن ئىنتايىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلدى. ★ ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى.
**مەنىداش سۆزى:** خۇرسەنلىك، رازىلىق، مىننەتدارلىق، قانائەتلىنەرلىك.

**مەمۇر** I ئى. باشقۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان مەنسەپدار، باشلىق: دۆلەت مەمۇرلىرى. ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى.
**مەنىداش سۆزى:** باشلىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پۇقرا، ئاۋام، ئاۋام خەلق.

**مەمۇر** II سۈپ. مول، ئاۋات، پاراۋان، باياشات؛ تۆكۈن؛ تولغان: يۇرتىمىز مەمۇر. زامانىمىز مەمۇر.
**مەنىداش سۆزى:** مول، ئاۋات، پاراۋان، باياشات.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نامرات، كەمبەغەل.

**مەمۇرچىلىق** ئى. بىرەر نەرسە مول، كۆپ، تۆكمە بولغان ھالەت؛ مولچىلىق، توقچىلىق، باياشاتلىق: كۈز ئايلىرى ئاشلىق، مېۋىلەر پىشقان، تەبىئەت رەڭمۇرەڭ چىرايلىق تونغا ئورالغان، ھەممە يەر مەمۇرچىلىق بولىدىغان سۆيۈملۈك بىر پەسىلدۇر.
**مەنىداش سۆزى:** مولچىلىق، توقچىلىق، باياشاتلىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سېرىقتاللىق، ئۇزۇكچىلىك، نامراتلىق، كەمبەغەللىك.

**مەن** ئال. كىشىلىك ئالماش بىرىنچى شەخسنىڭ بىرلىكى بولۇپ، سۆزلىگۈچىنى بىلدۈرىدۇ: سەن ئۆل، مەن تىرىلەي(ماقال). ★ مەن ئۇنى قولنى يۇيۇشقا بۇيرۇدۇم.
**مەنىداش سۆزى:** پېقىر.

**مەنزىرە** ئى ① مەلۇم بىر جاينىڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ياكى تەسەۋۋۇر قىلىنغان تاغ-دەريا، گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخ، ئۆي-ئىمارەتلەر ۋە بەزى تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن تەشكىل تاپقان كۆرۈنۈشى: تەبىئەت مەنزىرىسى. ★ ئۇ گۈزەل مەنزىرە كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ. ② ئەھۋال، ۋەقە كۆرۈنۈشى: مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن ئۇ ئۆزىنى

ئۆلتۈرۈۋالغان پاجىئەلىك مەنزىرە ئۆتتۈۋاتاتتى.

**مەنىلىك** سۈپ ① مەنىسى بار، مەنىگە ئىگە؛ مەنە بىلدۈرىدىغان: بىر مەنىلىك سۆز. كۆپ مەنىلىك سۆز. ② باشقا بىر ەر مەنە، مەقسەت-مۇددىئا يوشۇرۇنغان، مەقسەتلىك: بەختىيار بىلەن گۈلنار بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. ★ — ئۇنداق بولسا، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلىپ تۇرساق بولغۇدەك، — دېدى سەپەرقۇل مەنىلىك كۈلۈپ.

**مەھلىيا** سۈپ. ئادەم ياكى بىرەر نەرسىگە پۈتۈن ۋۇجۇد بىلەن بېرىلگەن، ئەس-ھوشىنى يوقاتقان، چىن دىلىدىن سۆيگەن: مەھلىيا بولۇش. مەھلىيا قىلىش. ★ يىگىت بۇ قىزنىڭ ھۆسن-جامالىغا مەھلىيا ئىكەن.

مەنىداش سۆزى: شەيدا، ئاشىق.

**مەيلى** ① يۈك. جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، رازى بولۇش؛ ئىختىيارىغا قويۇش، پەرۋا قىلماسلىق؛ تەۋەككۈل قىلىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — مەيلى خاپا بولساڭ بولۇەر، — دېدى ماڭا ئۇ. ② يۈك. پەرەز بېقىندى جۈملىلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۇنى توسقۇنسىز قارشىلىق بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ: ئۇ كەلمىسە مەيلى، يىغىننى ئېچىۋېرەيلى. ③ باغل. بۇيرۇق، تەلەپ تۈرىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنى يەنە بىرخىل توسقۇنسىز قارشىلىق بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ: ۋەكىللەر مەيلى نەگە بارسۇن، قىزغىن قارشى ئېلىندى.

**مەيلىچە** رەۋ. ئىختىيارىچە، خاھىشىچە، خىيالىچە: قورساقنىڭ مەيلىچە بولسا، ئابرۇيىڭنى قوشۇپ يەر(ماقال).

مەنىداش سۆزى: ئىختىيارىچە، خىيالىچە.

**مەينەت** سۈپ. كىر، پاكىز ئەمەس، پاسكىنا: مەينەت كىيىم. مەينەت قول. مەينەت ئادەم.

مەنىداش سۆزى: كىر، پاسكىنا.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: پاكىز، پاك.

**مەينەتچىلىك** ئى. مەينەت ھالەت، پاسكىنىچىلىق: — بۇ ھويلىنىڭ ئىچى نېمىدېگەن مەينەتچىلىك، — دېدى يوغان ئادەم كالپۇكلىرىنى ھىمىرىپ.

**مەنداش سۆزى:** پاسكىنىچىلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پاكىزچىلىق.

**مەينەتلىشىش** پ. مەينەت، پاسكىنا ھالغا كېلىش: ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈق پۇتلىرى مەينەتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، داق يەردە خۇددى ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كەتكەندەك ياتاتتى.

**مەيۈس** سۈپ. روھى چۈشكەن، چۈشكۈن، روھسىز، ئۈمىدسىز، غەمكىن، پەرىشان: مەيۈس ئادەم.

**مەنداش سۆزى:** چۈشكۈن، روھسىز، ئۈمىدسىز، غەمكىن، پەرىشان، خاپا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خۇشال، خۇش خۇي، شاد، خۇرسەن.

**مول** سۈپ ① ناھايىتى كۆپ، جىق، نۇرغۇن، تولا: شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول. ★ ئۇ بىر مول تەجرىبىگە ئىگە ھەربىي قوماندان ئىدى.

② يېتەرلىك دەرىجىدە كۆپ (داستىخان ھەققىدە): — ناھايىتى مول داستىخان بوپتۇ، — دېدى ھوشۇر ئاخۇن نان ئۇشتۇۋېتىپ.

**مەنداش سۆزى:** كۆپ، جىق، نۇرغۇن، تولا، باياشات.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاز.

**موما** ئى. ئانىسىنىڭ ياكى دادىسىنىڭ ئاپىسى.

**موماي** ئى. قېرى ئايال، ياشانغان خوتۇن، ياشانغان مەزلۇم، كەمپىر: قىز موماي بىلەن خوشلىشىپ مېڭىپتۇ.

**مەنداش سۆزى:** كەمپىر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بوۋاي.

**مۇبادا** باغل. ئەگەر، ئەگەردە، ناۋادا، ئەگەرچەندە: مۇبادا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولۇپ، جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، بۇنى قويۇپ تۇرۇشقا

مەجبۇر بولمىز.
مەنىداش سۆزى: ئەگەردە، ناۋادا، ئەگەر.

**مۇقاۋا** ئى. كىتاب-ژۇرنال، دەپتەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ قەغەز، سۇلياۋ قاتارلىق نەرسىلەردىن قىلىنغان سىرتقى قىسمى؛ تاشلىق: قاتتىق مۇقاۋا. يۇمشاق مۇقاۋا. كىتابنىڭ مۇقاۋىسى.
مەنىداش سۆزى: تاشلىق.

**مۇقاۋىسىز** سۈپ. مۇقاۋىسى يوق، مۇقاۋىغا ئېلىنمىغان، تاشلانمىغان، تاشلاقسىز: مۇقاۋىسىز كىتاب بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.
مەنىداش سۆزى: تاشلانمىغان، تاشلاقسىز.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مۇقاۋىلىق، تاشلاقلىق.

**مۇقاۋىلىق** سۈپ. مۇقاۋىسى بار، مۇقاۋىلانغان، تاشلانغان، تاشلاقلىق: ئۇ ھازىر كۆزەينىكىنى تاقاپ، تىزىغا قويۇۋالغان قارا خۇرۇم مۇقاۋىلىق چوڭ بىر كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى.
مەنىداش سۆزى: مۇقاۋىلانغان، تاشلانغان، تاشلاقلىق.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مۇقاۋىسىز، تاشلاقسىز.

**مۇقەددەم** رەۋ. بۇرۇن، ئىلگىرى، ئالدىن، ئاۋۋال: ئازاد ئىككى يىل مۇقەددەم مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغانىدى.
مەنىداش سۆزى: بۇرۇن، ئىلگىرى.

**مۇقەددىمە** ئى ① ئىلمىي، ئەدەبىي، مۇزىكا، تىياتىر ئەسەرلىرى ۋە گەپ-سۆز، نۇتۇق قاتارلىقلارنىڭ كىرىش قىسمى، باشلىنىشى: كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى. مۇزىكىنىڭ مۇقەددىمىسى. ② بىرەر ئىشنىڭ بېشى، دەسلەپكى باسقۇچى: ئەتىدىكى تويىنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابىدىكى بۇ ئۇسسۇل سورۇنى كەچ كىرگەنچە قىزىشقا باشلىدى.
مەنىداش سۆزى: كىرىش، كىرىش قىسمى، باشلىنىش، سۆز بېشى.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاخىرقى سۆز، خاتىمە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**مۇكاپات** ئى. ئېرىشكەن نەتىجە، ياراتقان بىرەر تۆھپە، كۆرسەتكەن خىزمەتلەر ئۈچۈن بېرىلىدىغان ماددىي نەرسە؛ ئىنئام: مۇكاپات ئالماق. مۇكاپات بەرمەك.

**مەنىداش سۆزى:** ئىنئام.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تەنقىد، جازا.

**مۇكەممەل** سۈپ. ھەر جەھەتتىن تولۇق، كەم-كۈتىسىز، تەلتۆكۈس؛ تاكامۇللاشقان، كامالەتكە يەتكەن: مۇكەممەل قۇرۇلما. مۇكەممەل ئەسەر. ★ ئاتام رەھمىتى ئەرەب-پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلگەندىن باشقا، يەنە خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىنىمۇ ياخشى بىلەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** تولۇق، كەم-كۈتىسىز، تەلتۆكۈس؛ تاكامۇل، تاكامۇللاشقان.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كەم، كەمتۈك، يېتۈكسىز.

**مۇلايىم** سۈپ. گەپ يەيدىغان، ياۋاش، كۆڭلى يۇمشاق؛ رايىش: مۇلايىم ئادەم. مۇلايىم بالا. ★ تۆمۈر خەلپە خوتۇنىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى، ئۇنىڭ مۇلايىم قوي كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ تۇراتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ياۋاش، رايىش، گەپ يەيدىغان، قولىقى يۇمشاق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قوپال، ھاكاۋۇر.

**مۇنبەت** سۈپ. ئۈنۈملۈك، ھوسۇللۇق، ھوسۇل كۆپ چىقىدىغان: مۇنبەت ئېتىز. مۇنبەت زېمىن. مۇنبەت تۇپراق.

**مەنىداش سۆزى:** ئۈنۈملۈك، ھوسۇللۇق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۈنۈمسىز، پېتىر، تېتىر.

**مۇنچاق** ئى. مارجان، مارجاننىڭ ھەربىر دانچىسى.

**مەنىداش سۆزى:** مارجان.

**مۇھەببەت** ئى ① بىرەر كىشىگە، بىرەر نەرسە ياكى ئىشقا بېرىلىش، مايىللىق تۇيغۇسى ياكى بىرەر نەرسە ياكى كىشىگە بولغان قىزغىن ھېسسىيات، سۆيگۈ: مۇھەببەت باغلاش. مۇھەببەت

ئىزھار قىلىش. ۋەتەنگە مۇھەببەت. ② ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىشقى.

مەنىداش سۆزى: سۆيگۈ، ئىشق، مېھىر.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: نەپرەت، غەزەپ-نەپرەت. ئۆچلۈك.

**مورە** ئى ① ئادەم بىلىكىنىڭ يۇقىرىسىدىكى بويۇنغا تۇتاشقان ئىككى تەكشى جاي، دولا. ② ھايۋانلارنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى گۆرجەك سۆڭەك بار قىسمى. ③ كىيىمنىڭ ياقىغا تۇتاش ئىككى ياندىكى قىسمى: بۇ كۆڭلەكنىڭ مورىسى سەل كەڭ بولۇپ قېلىپتۇ.

**مېتال** ئى. پارقىراق، سوزۇلۇشچان، توك ۋە ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە ماددىلار. مەسىلەن، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈر قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مېتاللوئىد.

**مېتالچىلىق** ئى. ئېغىر سانائەتنىڭ رۇدىدىن مېتال ئالىدىغان ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر تارمىقى، مېتاللۇرگىيە: مېتالچىلىق سەيىانلىرى.

مەنىداش سۆزى: مېتاللۇرگىيە.

**مېھنەت** ئى ① ئومۇمەن بەلگىلىك ئەقىل ياكى جىسمانىي كۈچ سەرپ قىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەت، ئەمگەك: ئادەمنىڭ سۆلتىگە قارىما، مېھنىتىگە قارا(ماقال). ② بىرەر مەقسەت، ئىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن غەيرەت-شىجائەت، جاسارەت، تىرىشچانلىق، ئەجىر: مېھنەت قىلىش.

مەنىداش سۆزى: ئەمگەك؛ تىرىشچانلىق، ئەجىر.

**مېھىر (مېھرى)** ئى. كىشىنىڭ ئەتراپتىكى شەيئىلەرگە بولغان مۇھەببىتى، كۆچلۈك ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى؛ كۆيۈم، كۆيۈنۈش، كۆيۈمچانلىق: ئانا مېھرى. مېھرىنى ئۇزەلمەسلىك. مېھرى چۇشۇش. مېھرىدىن كېچىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەنىداش سۆزى: كۆيۈم، كۆيۈمچانلىق، مۇھەببەت.

**مېيىپ** سۈپ. ① جىسمانىي جەھەتتە ناكار بولۇپ قالغان، مەلۇم بىر ئورگانىزمى كەم، مەجرۇھ: ئايۇپ شۇجى مېيىپ پۇتىنى ئاۋايلاپ يىغىپ ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. ② ئى. جىسمانىي جەھەتتە ناكار بولۇپ قالغان ئادەم، مەلۇم بىر ئورگانىزمى كەم، مەجرۇھ كىشى: ھەممە مېيىپلارنى ساناتورىيىگە ئېلىپ بېرىپ 3 ئاي داۋالىدى.

مەنىداش سۆزى: مەجرۇھ، ناكار؛ مەجرۇھ كىشى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ساق، يېتىلگەن.

**مىس** ئى. مېتال ئېلېمېنت. رەڭگى قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. كۆچلۈك سوزۇلۇشچانلىققا، توك ۋە ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىققا ئىگە كېلىدۇ. ماشىنىسازلىق سانائىتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى قاتارلىقلارنىڭ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**مىقدار** ئى. ئۆلچەش، ساناش مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، سانى، چامىسى: تەركىبىدىكى قۇم بىلەن سېغىز تۇپىنىڭ مىقدارى ئاساسەن ئوخشاش بولغان تۇپراق قۇمسال تۇپراق دېيىلىدۇ.

**مىڭ تەسلىكتە** رەۋ. جىق قىيىنىلىپ، ناھايىتى قىيىنىلىپ، كۆپ جاپا تارتىپ، ئاران دېگەندە؛ ناھايىتى تەستە: ئۇ يىقىلىپ-سۈرۈلۈپ مىڭ تەسلىكتە ئۆيىگە كەپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ئاران دېگەندە، ئۆلەي-ئۆچەي دەپ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاسانلا، ئوڭايلا.

**مىڭ سۇلالىسى** جۇڭگودا مىلادىيە 1368-يىلىدىن 1644-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال خاندانلىق.

## ن

**ناتونۇش** سۈپ. تونۇش ئەمەس، تونۇشمايدىغان، يات: ناتونۇش

كىشى. ★ ئۇ ئۆزىگە ناتونۇش بۇ ئادەمگە سوغۇق مۇئامىلە قىلدى.
مەنىداش سۆزى: تونۇشمايدىغان، يات.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تونۇش.

**ناچار** سۈپ. ياخشى ئەمەس، ئەسكى؛ ئۆلچەمگە يەتمىگەن، نورمال چەكتىن تۆۋەن، لاياقەتسىز: ناچار ئوقۇغۇچى. ★ ناچار كىتاب خۇددى ناچار ئادەمگە ئوخشاش ساڭا زىيان كەلتۈرىدۇ. ★ دەرستە ناچار باللارغا كۆپرەك ياردەم بېرىش كېرەك.
مەنىداش سۆزى: لاياقەتسىز.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ياخشى، ئوبدان.

**ناۋادا** باغل. شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، شەرت جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەنىنى تەكىتلەش، كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ، مەنە جەھەتتىن «مۇبادا، ئەگەردە، ئەگەرچەندە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.
مەنىداش سۆزى: مۇبادا، ئەگەر، ئەگەردە، ئەگەرچەندە.

**نائىلاج** سۈپ. ئىلاجسىز، ئامالسىز، ئىلاجى يوق، ئامالسىزلىقتىن: ئۇ نائىلاج ئارقىغا ياندى. ★ سادىق نائىلاج پەلەمپەيگە قەدەم قويدى.
مەنىداش سۆزى: ئامالسىز، ئىلاجسىز.

**نە** I ئال ① نېمە، نەچارە. ② قەيەر: — ئاغرىپ قالغىنىڭنىغۇ بىلدىم، — دېدى دوختۇر كۈلۈپ قويۇپ، — نەرىڭ ئاغرىيدۇ دېۋاتىمەن.

**نە** II باغل. جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنى ياكى قوشما جۈملىلەرنى (ئاساسەن شېئىردا مىسرانىڭ بېشىدا كېلىپ شۇ مىسرا بىلەن باشقىسى مىسرانى) باغلاپ، ئىنكار مەنىنى بىلدۈرىدۇ: شىرمەتكە نە راۋاب، نە نەي چالىدىغان پۇرسەت شۇنىڭ بىلەن تۇگىدى.

**نەپ** ئى. بىرەر ئىش ياكى نەرسىدىن ئالىدىغان نەتىجە، پايدا: ۋالاقتەگكۈر گەپ بەرمەس، سۇنۇق كەپكۈر نەپ بەرمەس (ماقال). ★ قىز چوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بولسا گەپ تولا، ئوغۇل چوڭ بولسا ئەپ تولا(ماقال).
**مەنىداش سۆزى:** پايدا، پايدا-مەنپەئەت، مەنپەئەت.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زىيان، زەرەر.

**نەپرەت** ئى. قاتتىق غەزەپ ۋە يىرگىنىش تۇيغۇسى: دوستقا نەپرەت، دۈشمەنگە نەپرەت(ماقال). ★ — ئۇ ئۆزىگە ئۆزى يولۋاس، بىزگە بولسا قەغەز يولۋاس، — دېدى سادىر ئاكا نەپرەت بىلەن.
**مەنىداش سۆزى:** غەزەپ، قايغۇ، ئۆچمەنلىك، ئۆچلۈك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خۇشاللىق، شادلىق.

**نەپسى** ئى ① كىشىلەردىكى يېيىش-ئىچىش؛ مال-دۇنياغا بولغان ھەۋەس، قىزىقىش: ئەگەر پۇشايمانغا دۇچار بولۇشتىن خاتىرجەم بولاي دېسەڭ، نەپسىڭگە ئەگىشىپ خىيالىڭغا كەلگەن ئىشنى قىلىشقا كىرىشمە. ★ ئادەم نەپسىگە ھاي بەرمىسە، شۇنىڭغا مۇناسىپ كېسەللەرگە دۇچار بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ② شەھۋانىي ھەۋەس، تەلەپ: — قارىغاندا بۇ ئايالنىڭ نەپسى ياماندەك قىلىدۇ. نەپسىڭنى يىغ، ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما، يەنە، — دېدى ئۇ سادىققا مەنىلىك قىلىپ.

**نەپەس يولى** ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ نەپەسلىنىشتە ھاۋا ئۆتىدىغان يوللىرى. ئۇ بۇرۇن بوشلۇقى، يۇتقۇنچاق، بوغۇز، كاناي ۋە كانايچە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: نەپەس يولى سىستېمىسى. نەپەس يولى سىستېمىسى كېسەللىكلىرى.

**نەزەر** ئى ① قاراش، كۆرۈش: نەزەر سېلىش. ② بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى ئىش-ھەرىكەتتىن ھاسىل قىلىنغان سۇبيېكتىپ چۈشەنچە، تونۇش، بىلىش: نەزەر دائىرىسى كەڭ ئادەم. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نەزەر سېلىش** قاراش، بېقىش: مەن شۇ تەرەپتە ئۆيگە بىر قۇر نەزەر سالدىم.
**مەنىداش سۆزى:** كۆز يۈگۈرتۈش، قاراش، بېقىش.

**نەسىھەت** ئى. كىشىلەرنى ياخشى يولغا باشلاش، تەلىم-تەربىيە

بېرىش مەقسىتىدە ئېيتىلغان گەپ؛ مەسلىھەت، تەلىم: نەسىھەت بەرمەك. نەسىھەت قىلماق.

مەنىداش سۆزى: مەسلىھەت، تەلىم، ئۆگۈت.

**نەسىھەت قىلىش** بىرەر ياخشى يولغا باشلاش، تەلىم-تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە سەممىيلىك بىلەن گەپ قىلىش، تەلىم بېرىش، يول كۆرسىتىش: مۆئەللىم ئۇنىڭغا ئائىلىسگە قايتىپ كېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى.

**نەقىش** ئى ① ئويۇپ ئىشلەنگەن گۈل، بېزەك: نەقىش ئويۇش. نەقىش ئىشلەش. نەپىس نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن بىنا. ② ئاپتۇۋا جوغىسىنىڭ ئۇستىدىكى تاجسىمان گۈلى.

مەنىداش سۆزى: بېزەك.

**نەقىل** ئى ① خەلق تەرىپىدىن توقۇلغان ۋە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قېلىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى رىۋايەت ياكى ھېكايە: زامانە ئاۋۋالدا ئۆتكەنىكەن بېخىل، بېخىللىق قىلمىشى تىللاردا نەقىل. ② خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان ھېكمەتلىك سۆز؛ ماقال: ئۈمىدۋار ئىنسان بىز، ئۈمىدسىز شەيتان، ئۈمىدنىڭ مەشئىلى سەن بەرگەن ئەقىل، كۆرۈنگەن تاغنى بىز يىراق دېمەيمىز، ئېسىڭدىن چىقمىسۇن مۇشۇ بىر نەقىل. ③ بىرەر ئەسەر، تېكىست قاتارلىقلاردىن ئەينەن، سۆزمۇسۆز كۆچۈرۈپ ئېلىنغان پارچە ياكى گەپ-سۆز: نەقىل كەلتۈرۈش. نەقىل ئېلىش.

**نوچى** ئى ① باشقىلارغا بوزەك بولمايدىغان ھەم باشقىلارنى بوزەك قىلمايدىغان، كۈچى بار، مەرد، گاڭگۈڭ ئادەم: نوچى بولساڭ مەيدانغا بىردىن چۈش. ② سەرخىل، ئەڭ ياخشى: مال دېگەننىڭ نوچىسىنى تاللاپ ئېلىش كېرەك.

**نوخلا** ئى ① ئات-ئېشەكلەرنىڭ بۇرنىدا بولىدىغان بىرخىل ئۆسمە: ئاتنىڭ نوخلىسىنى ئالماق. ② كۆچمە. كىبىر: نوخلىسى ئۆسۈپ قالماق.

**نۇتۇق** ئى ① سەھنىدە ياكى يىغىندا مەخسۇس تېمىدا سۆزلەنگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

سۆز ياكى دوكلات: ناتىقنىڭ نۇتۇقى. يازما نۇتۇق. ئاغزاكى نۇتۇق. نۇتۇق سۆزلەش. ② سۆزلىشىش جەريانىدىكى تىل: نۇتۇق مەدەنىيىتى.

**مەنىداش سۆزى:** ۋەز، لېكسىيە، سۆز.

**نۇرغۇنلىغان** سۈپ. ناھايىتى نۇرغۇن، ناھايىتى كۆپ، بەك جىق، نۇرغۇن-نۇرغۇن، ئاز بولمىغان: نۇرغۇنلىغان كىسەللەر ئۇنىڭ قولىدا شىپا تاپتى. ★ بۇ ئىشنى نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار بىلىپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** جىق، نۇرغۇن، نۇرغۇن-نۇرغۇن، ئاز بولمىغان، كۆپ، ئاۋۇن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاز.

**نۇسخا** ئى ① بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن ئېلىنغان نەمۇنە: مال نۇسخىسى. ② بىرخىل قېلىپ ياساش، كۆچۈرۈش، بېسىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەمۇنە، ئەندىزە: نۇسخىغا قاراپ كىيىم پىچىش. ③ گۈل، نەقىش ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تۈرى: ئارىدىن ئۈچ ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى. بىركۈنى خوتۇنۇم مۇساننىڭ خوتەندىن بىر پارچە بەش گەزلىك «كەلكۈن» نۇسخا گىلەم ئەكەلدۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

**نۆۋەتچىلىك** ئى. نۆۋەتچى بولۇپ تۇرۇش ئىشى: سىنىپتا نۆۋەتچىلىك قىلغاندىمۇ يەر سۈپۈرۈش ۋە پارتا-ئورۇندۇقلارنى سۈرتۈشتىن خالىي بولالمايمىز.

**نېرۋا** ① ئى. باش ۋە ئارقا مېڭىدىن بارچە ئەزالارغا تارالغان ھەمدە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ئىنچىكە تالاسىمان توقۇلما سىستېمىسى ۋە شۇ توقۇلمىلارنىڭ ھەربىرى: كۆرۈش نېرۋىلىرى. ھەرىكەت نېرۋىلىرى. نېرۋا سىستېمىسى. ② سۈپ. كۆچمە. ئاسان تېرىكىدىغان، ئاچچىقلىنىدىغان، تېرىككەك: نېرۋا ئادەم.

**نېمىدېگەن** رەۋ. سۈپەت ياكى پېئىللارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، «ئاجايىپ، نېمانداق، نەقەدەر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: سىز نېمىدېگەن بەختلىك ئادەم-ھە! ★ تىكتاك توپ ئويناۋاتقان كىچىك ئەزىمەتلەر نېمىدېگەن ماھىر-ھە! ★ ئۇ ھازىر نېمىدېگەن ئۆزگىرىپ كەتكەن-ھە!

# ھ

**ھادىسە** ئى ① تەبىئەتتە، ئىجتىمائىي ھاياتتا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىش: تەبىئىي ھادىسە. ئىجتىمائىي ھادىسە. ② تەبىئەتتە، ئىجتىمائىي ھاياتتا، تۇرمۇشتا يۈز بېرىدىغان زىيانلىق ھەم تاسادىپىي ۋەقە، كېلىشمەسلىك: ھادىسىگە ئۇچراش. قاتناش ھادىسىسى. ماشىنا ھادىسىسى.

**ھالدا** رەۋ. ھالەتتە، تەرىقىدە، رەۋىشتە: ئۈچ بوتۇلكىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئوخشاش مىقداردا قۇم، قۇمسال تۇپراق، ۋە سېغىز تۇپراق سالىمىز ھەمدە ئوخشاش مىقداردا سۇ قۇيىمىز.

مەنىداش سۆزى: ھالەتتە، تەرىقىدە، رەۋىشتە.

**ھالۋا** ئى. قوي مېيىدا قورۇلغان ئۇن بىلەن شېكەر سۇيىنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل شېرىن يېمەكلىك.

**ھامان** رەۋ ① داۋاملىق، ھەر ۋاقىت، ھەر دائىم، توختىماي، دائىم؛ ھازىرغىچە، ھېلىھەم: لېكىن ئۇ ماڭا پۇرسەت بەرمەي، ھامان قىستاپ كېلىۋەردى. ★ تىيىنىنىڭ يۇمشاق تۈكلۈك يوغان قۇيرۇقى ھامان ئۈستىگە دىڭگىيىپ، ئۇنى بەكمۇ چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. ② بىرەر ۋەقە ياكى ھادىسە يۈز بەرگەن پەيتنىڭ ئۆزىدە، ئاشۇ زامان، شۇئاندا: ئىسكىرىپكا چاي ئۈستىگىلا قويۇلۇشى ھامان قەدىرىدىن ئۇنى ئېلىپلا باغرىغا باستى. ③ ھەرقانچە قىلغان بىلەن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرقى ھېسابتا، چوقۇم، بەرىبىر: ھايات ھامان مۇھەببەتكە موھتاج، مۇھەببەت مېھىر-شەپقەتكە.

**ھاھ** تەق. قاتتىق كۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**ھاۋ** تەق. ئىت قاۋىغان چاغدا چىقىدىغان ئۇزۇك ئاۋاز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ھاۋشىش** پ. ھاۋ-ھاۋ قىلىش، ھاۋ-ھاۋ قىلغان ئاۋازنى چىقىرىش، ھاۋ-ھاۋ قىلىپ قاۋاش: ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بارما، ئىت ھاۋشىغان يەرگە بار(ماقال). ★ قىز ئۇزاق بىر يەردە پىلىلداپ تۇرغان چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئىتلارنىڭ ھاۋشىغىنىنى ئاڭلاپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** قاۋاش.

**ھاياجانلىنىش** پ. ھاياجانغا چۈمۈش، ھاياجانغا كېلىش، تەسىرلىنىش، ھېسسىيات ئۇرغۇش: لەيلىگۈل ئابلەتنى كۆرۈش بىلەنلا قەلبى ھاياجانلاندى.

**مەنىداش سۆزى:** ھاياجانغا كېلىش، تەسىرلىنىش، ھېسسىياتى ئۇرغۇش.

**ھايۋان** ئى ① ھەرىكەت قىلىش ۋە سېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، ئىنساندىن باشقا ھەربىر مەۋجۇدات؛ جانىۋار: تۆپراقتا بىر قىسىم كۆپىيىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن تۇپراقتىكى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سىستېپ چىرىگەن قالدۇق تېنىدىن ئىبارەت. ② كۆچمە. قوپال، مەدەنىيەتسىز، شەپقەتسىز، قەبىھلەرگە قارىتا ئېيتىلغان ھاقارەت سۆزى: غەزەپلەنگەن ئوقۇغۇچىلار ئىنسان قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ ھايۋانلارغا نەپرەت ياغدۇرۇشقا باشلىدى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىنسان.

**ھايۋانات** ئى. ھايۋانلار: ھايۋانات دۇنياسى. ھايۋانات باغچىسى.

**ھەپسە** ئى. قاماق، تۈرمە، سولاق: شۇ ئىش تۈپەيلى، مەن ھېچنېمىسىنى بىلمەيلا بىرقانچە قېتىملاپ ھەپسىگە چۈشۈپمۇ قالدىم.

**مەنىداش سۆزى:** قاماق، تۈرمە، سولاق.

**ھەجىم (ھەجمى)** ئى. بىر جىسىمنىڭ بوي، ئەن ۋە ئېگىزلىك جەھەتتىكى چوڭ-كىچىكلىكى، بوشلۇقتا ئىگىلەپ تۇرغان ئورنى ياكى جىسىم ئىگىلىگەن بوشلۇقنىڭ چوڭلۇقى ھەجىم دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە كۇپ ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

**ھەدە** ئى ① ياشقا ئۆزىدىن چوڭ بولغان قىز قېرىندىشى؛ ئاچا،

ئايلا. ② ياشقا ئۆزىدىن چوڭ بولغان ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ چاقىرىشتا قوللىنىلىدۇ: ئايشەم ھەدىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: ئاچا، ئايلا.

**ھەرە** I ئى. ھاشاراتلارنىڭ بىر خىلى. تۈرلىرى كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ زەھەرلىك نەشتىرى بولۇپ، ئادەملەرنى چاقىدۇ. ئادەتتە توپلىشىپ ياشايدۇ: ھەسەل ھەرىسى.

**ھەرە** II ئى. ياغاچ ياكى تۆمۈر كېسىش ئۈچۈن پولاتتىن ياسالغان چىشلىق سايمان، ئۇ ھەرە تىغى ۋە قوندىقىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**ھەربىرلىرى** ئال. كىشىلىك ئالماش ئىككىنچى شەخس ھۆرمەت تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ياكى بىر تۈركۈم ئادەمنى ھۆرمەت بىلەن ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ: ھەربىرلىرىنىڭ تەنلىرى سالامەتمىكىن؟

**ھەرقايسىلىرى** ئال. كىشىلىك ئالماش ئىككىنچى شەخس ھۆرمەت تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق ياكى بىر تۈركۈم ئاڭلىغۇچى (ئادەم) نى ھۆرمەتلەپ ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ: ھەرقايسىلىرى سالامەت تۇرۇۋاتامدىلا؟

**ھەسرەت** ئى. روھىي ئازاب، غەم-قايغۇ، دەرد-ئەلەم: ھەسرەت چېكىش. ★ خەت يېزىۋېتىپ يۈرىكىمگە نەشتەر سانجىلغاندەك تۇيۇلدى-دە، ھەسرەت ئىچىدە لېۋىمنى چىشلىدىم.

مەنىداش سۆزى: غەم-قايغۇ، دەرد-ئەلەم، خاپىلىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: خۇشاللىق، شادلىق.

**ھەسرەت چېكىش** روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىش، دەرد-ئەلەم تارتىش: پولاتمۇ پۈتىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىـــغا قارىماي، مەكتەپكە بارالماي ساۋاقداشلىرىدىن كېيىن قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھەسرەت چەكمەكتە ئىدى.

مەنىداش سۆزى: دەرد تارتىش، ھەسرەتلىنىش، قايغۇرۇش.

**ھەق (ھەققى)** ① سۈپ. توغرا، چىن، راست، ھەققانىي: ھەق گەپ. ھەق يول. ★ دېھقانلارنىڭ ئېيتقىنى ھەق ئىدى. ② ئى. ھەقىقەت؛

www.uyghurkitap.com

ئادالەت: ھەقنى كۆزلە، ھەقنى سۆزلە. ③ ئى. قانۇن ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە توغرا كېلىدىغان ئەركىنلىك ياكى ئىمكانىيەت؛ ھوقۇق؛ ھەددى: ئۇنىڭ ئەيىبلەشكە ھېچقانداق ھەققى يوق. ④ ئى. بىرەر كىم ياكى نەرسىگە تېگىشلىك ھەسسە؛ رىزىق: مۇسا ئەيسادىن: — ئاداش، كىشىنىڭ ھەققى زادى كىشىدە قالامدۇ-قالامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ⑤ ئى. كىشىنىڭ قىلغان ئىشى، مېھنىتى بەدىلىگە ئېلىنىدىغان پۇل، تۆلەم: ئىش ھەققى. قەلەم ھەققى. ⑥ ئى. بىرەر نەرسىدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان پۇل، تۆلەم، كىرا: سۇ ھەققى. تۈگمەن ھەققى. ماشىنا ھەققى. ⑦ تەۋەلىك Ⅲ شەخس ۋە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ، سۆز، ماختاش، ئالقىش ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرەر كىمنىڭ شەنىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: — خۇدا ھەققى قۇدام، — دېدى موماي، — بۇ قېتىم گېپىمنى ئاڭلاپ قويسىلا، قالغان گەپنى كېيىن دېيىشەيلى، خوش مەن كېتەي.

**ھەقلىق** سۈپ ① بىرەر ئىش-ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھوقۇقلۇق؛ ھەققى بار: ئۇلار زۆرۈر تاپقاندا بۇ چارىنى قوللىنىشقا ھەقلىق. ② يوللۇق، ئورۇنلۇق، توغرا، مۇۋاپىق: مەن ئىشىنىمەن، بۇ خەت سىزنى ئادىل پىكىر قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. سىز دوستلىرىڭىزنى ھەقلىق يوسۇندا ئەيىبلىيەلەيسىز!

**مەنىداش سۆزى:** ھوقۇقلۇق؛ يوللۇق، ئورۇنلۇق، توغرا، مۇۋاپىق.

**ھەقىقەتەن** رەۋ. ھەقىقىي رەۋىشتە، راست، راستتىنلا: ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، بوۋاينىڭ ئارزۇسى ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشتى. ★ ئۇلار ھويلىغا كىرىپ كۆردى. ئۇ، ھەقىقەتەن ئورمان ئىشچىسى ئېلىپ كەتكەن ئېقىندىنىڭ ئۆزى ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** راست، راستتىنلا، ھەقىقىي.

**ھەمدە** باغل. جۈملىدە تەڭداش بۆلەكنى ياكى ئىككى ئاددىي

جۈملىنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ، رولى «ھەم»، «ۋە» سۆزلىرى بىلەن ئوخشاش: سىزمۇ رەسىمدىكى كىچىك دوستلارغا ئوخشاش، كوللېكتىپ ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىڭ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانىڭىزنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بېرىڭ.

مەنداش سۆزى: ھەم، ۋە.

**ھەمىشە** رەۋ. ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرۋاقىت، ھەممە ۋاقىت، ھەرچاغ، دائىم: ئۇ ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ھەمىشە سەمىمىي ۋە قىزغىن ئىدى. ★ ئۇ ئوقۇغۇچى ھەمىشە دەرسكە كېچىكىپ قالىدۇ.

مەنداش سۆزى: دائىم، ھەرۋاقىت، دائىما.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاندا-ساندا، گاھى-گاھىدا، بەزىدە، ئارىلاپ-ئارىلاپ.

**ھەۋەس** ئى. زوق، قىزغىنلىق، قىزىقىش، ئىشتىياق: ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا. ★ مەن ھەۋەس بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم.

مەنداش سۆزى: زور قىزغىنلىق، ئىشتىياق.

**ھەۋەس قىلىش** بىرەر نەرسىگە قىزىقىش، ئىنتىلىش پەيدا بولۇش، ھەۋەسلىنىش: مەن مۇزىكىغا ھەۋەس قىلىمەن.

مەنداش سۆزى: قىزىقىش.

**ھەيۋە** ئى. تەھدىت، قورقۇتۇش، پوپوزا: ھەيۋە قىلىش. ھەيۋە كۆرسىتىش.

مەنداش سۆزى: تەھدىت، قورقۇتۇش، پوپوزا.

**ھەيۋە قىلىش** تەھدىت قىلىش، تەھدىت سېلىش، پوپوزا قىلىش، قورقۇتۇش: ئەيسانىڭ تاپانچا تەڭلەپ ھەيۋە قىلىشى بىلەن ئۇلار يەنە مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ كېلىشتى.

مەنداش سۆزى: تەھدىت سېلىش، پوپوزا قىلىش، قورقۇتۇش.

**ھەيۋەتلىك** سۈپ ① كاتتا، زور، كۆركەم: ھەيۋەتلىك بىنا. ھەيۋەتلىك شەھەر. ② ھەيۋىسى قالتىس، بەھەيۋەت، ۋەھىمىلىك؛ داغدۇغىلىق: ھەيۋەتلىك دولدۇن. ھەيۋەتلىك بوران. ھەيۋەتلىك ئاۋاز.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھەيۋەتسىز.

**ھومسىيىش** پ. چەكچىيىش، ئالىيىش، گۆلىيىش: ئۈنىڭ كۆزىگىنى ياخشى بولدى، ئەگەر كۆرۈپ قالغان بولسا، يامان كۆزى بىلەن ئاچچىق ھومايغان بولاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** چەكچىيىش، ئالىيىش، گۆلىيىش.

**ھويلا** ئى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئۆي تېمىغا تۇتاشتۇرۇپ تام چۆرۈپ، دەرۋازا بېكىتىلگەن بوش جاي؛ سەينا، كورە، قورۇ: تاشقىرىقى ھويلا. ھويلا تېمى.

**مەنىداش سۆزى:** كورە، قورۇ، سەينا.

**ھويلا-ئارام** ئى. ھويلا ۋە ھويلا ئەتراپىدىكى بەلگىلىك دائىرە: ھويلا-ئارامنى سۈپۈرمەك. ★ شۇنىڭ بىلەن بىللە ھويلىمىزنىڭ ئالدىدىكى مەھەللە يولى ۋە قوشنىلارنىڭ ھويلا-ئاراملىرىمۇ تازىلىنىپ چىرايلىق تۈسكە كىردى.

**ھويلىلىق** سۈپ. ھويلىسى بار، ھويلا قىلىنغان: ھويلىلىق ئىمارەت.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھويلىسىز.

**ھۇ** ئىم. قارغاش، سۆكۈش، غەزەپلىنىش ئىپادىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن بىللە كېلىپ شۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ: — ھۇ ئىتنىڭ كۈچۈكى! — دېگىنىچە ئېتىلدى ئۇ.

**ھۇجرا** ئى. يېتىپ-قوپۇش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان كىچىكرەك ئۆي، ياتاق ئۆي، كىچىك ئۆي: ھېكىمنىڭ سۆزىدىن كېيىن شائىر ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قالدى.

**ھۇجرىداش** ئى. ئۆزى بىلەن بىر ھۇجرىدا تۇرىدىغان كىشى.

**ھۇجرىلىق** سۈپ. ھۇجرىسى بار، ھۇجرىسى بولغان: كۆپ ھۇجرىلىق ساراي.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھۇجرىسىز.

**ھۇررا** ئى. ھۇجۇم قىلىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋار نىداسى: ھۇررا توۋلىماق.

**ھۇرۇن** سۈپ. ئەمگەك قىلىشنى، ئىشلەشنى خالىمايدىغان، ئىش
خۇش ياقمايدىغان، يالقاۋ، ئېرىنچەك: ھۇرۇن بالا. ھۇرۇن ئايال. ★
ھۇرۇن ئىشەكنىڭ يۈكى ئېغىر(ماقال). ★ باتۇر جەڭدە، ھۇرۇن كاڭدا(ماقال).
**مەنىداش سۆزى:** يالقاۋ، ئېرىنچەك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تېتىك، جانلىق.
**ھۇرۇنلىشىش** پ. ھۇرۇن، ئېرىنچەك بولۇپ قېلىش؛
قىزغىنلىقىنى يوقىتىش: بالىنىڭ روھى چۈشسە ھۇرۇنلىشىپ كېتىدۇ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تېتىكلىشىش.
**ھۇزۇر** I ئى. راھەت، پاراغەت، ئارام، لەززەت، تىنچلىق،
خاتىرجەملىك: ھۇزۇر ئالماق. ھۇزۇر قىلماق.
**مەنىداش سۆزى:** راھەت، پاراغەت، لەززەت.
**ھۇزۇر** II ئى. بىرەر كىشىنىڭ قېشىدا، يېنىدا، كۆز ئالدىدا
بولۇش؛ قاتنىشىش، تەشرىپ: ھۇزۇرىدا بولۇش. ھۇزۇرىغا بېرىش.
**ھۇزۇرلىنارلىق** سۈپ. راھەتلىنىشكە، لەززەتلىنىشكە
ئەرزىيدىغان، ھۇزۇرلانغۇدەك: ھۇزۇرلىنارلىق ئىش.
**ھۇزۇرلىنىش** پ. بەھرە ئېلىش، راھەتلىنىش، ھۇزۇر
ئېلىش، مەززە ئېلىش، ھۇزۇرلۇق ھېس قىلىش: مۇنچا ئادەم
ھۇزۇرلىنىدىغان ياخشى ئورۇن. ★ ئۇلار گۈلزارلىقنى ئايلىنىپ ھۇزۇرلىنىپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** راھەتلىنىش، بەھرە ئېلىش، ھۇزۇر ئېلىش.
**ھۇۋ** تەق. ① بەزى قۇشلار سايرىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز. ②
سوپىلارنىڭ ساما سالغاندىكى ئاۋازى.
**ھۇۋلاش** پ. ھۇۋ-ھۇۋ قىلغان ئاۋاز چىقىرىش، تووۋلاش(ئىت،
بۆرە ھەققىدە): سەھەر ھۇۋلىغان ئىتتىن قورق(ماقال).
**ھۆ** تەق. كۆكۈل ئاينىپ قۇسۇش ئالدىدا ياكى قۇسقان ۋاقىتتا
چىقىدىغان ئاۋاز: ھۆ بولۇش. ھۆ قىلىش.
**ھۆتۈت-پۆتۈت:** يوقىلاڭ سۆز، قاملاشمىغان گەپ:

www.uyghurkitap.com

ھۆتۈت-پۆتۈت قىلىش. ھۆتۈت-پۆتۈت دېمەك.

**ھۆتۈت-پۆتۈت دېيىش** يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنى-بۇنى دەپ تۇرۇپ نارازىلىق بىلدۈرۈش، قارشى گەپ قىلىش: بۇ مەكتەپنىڭ قارارى! بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ھۆتۈت-پۆتۈت دېيىشكە ھەققى يوق.

**ھۆتۈتلەش** پ. ھۆتۈت-پۆتۈت دەپ يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىش، چالۋاقاش.

مەنىداش سۆزى: ھۆتۈت-پۆتۈت دېيىش.

**ھۆر ۋەتەن** ئى. باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان، ئەركىن ۋەتەن، ئازاد ۋەتەن، ئازاد يۇرت: بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بىر ھۆر ۋەتەن.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مۇستەملىكە ئەل.

**ھۆرمەت بىلدۈرۈش** بىراۋغا بولغان ھۆرمىتىنى، ئېھتىرامىنى، ئەقىدىسىنى، ئىخلاسىنى ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلەش، ئەكس ئەتتۈرۈش: ئۇ ئىككى قولىنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ قىسىپ، ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈردى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: نەپرەت بىلدۈرۈش، نەپرەت ياغدۇرۇش، غەزەپلىنىش.

**ھۆسن** ① ئى. چىراي، جامال، چىراي گۈزەللىكى، سۆلەت: ئۇنىڭ ھۆسنى ھېچقانداق گىرىمسىز سەھنىگە چىقسىمۇ پۈتۈن زالنى نۇرلاندۇرۇۋەتكۈدەك ئىدى. ② سۈپ. چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان، نەپىس، كۆركەم، گۈزەل: ھۆسن خەت.

**ھۆكۈم** ئى ① بىرەر مەسىلە ھەققىدىكى ئېنىق پىكىر، خۇلاسە: ھۆكۈم قىلماق. ② كۈچمە. بۇيرۇق، ئەمر، پەرمان: ھۆكۈمنىڭ قاتتىقلىقىدىن بىكەن قوزۇق يەرگە كىرىپتۇ(ماقال). ③ سوتنىڭ قاراپ چىقىشىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان دېلولار ئۈستىدە چىقارغان قارارى: ھۆكۈم خېتى. ھۆكۈم ئېلان قىلماق.

**ھۆكۈم قىلىش** ① بىرەر ئىش، نەرسىگە باھا بېرىش، جەزملەشتۈرۈش: ئېتىلغان تاش سۇلتانىنىڭ كۆزىگە تەگكەن بولۇپ، ئەھۋالى تولىمۇ ئېغىر ئىكەن، ساقىيىش-ساقايماسلىقىنى تېخى دوختۇرلار ھۆكۈم قىلالماپتۇ. ② قانۇنىي جەھەتتە جىنايەتچىلەرگە جازا بۇيرۇش، كېسىم قىلىش: ئوتتۇرا سوت ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچى شاۋلىغا ئۈچ يىللىق كېسىم ھۆكۈم قىلدى.

**ھۆلدەش** پ. ھۆل قىلىش، ھۆللەش، نەم قىلىش، نەملەش: چاچ يۇغاندا، ئاۋۋال ئىككى قولىمىزغا ئىلمان سۇ ئېلىپ چېچىمىزنى ھۆلدەيمىز.

**مەنىداش سۆزى:** ھۆللەش، نەملەش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قۇرۇتۇش.

**ھۆللەش** پ. ھۆل قىلىش، ھۆلدەش، نەمدەش: لۆڭگىنى ھۆللەش.

**مەنىداش سۆزى:** ھۆلدەش، نەمدەش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قۇرۇتۇش، قۇرۇقداش.

**ھۇرپىيىش** پ. بىرەر ئىش، بىرەر نەرسە تۈپەيلى كەيپىياتىنى بۇزۇش، تەرىنى تۇرۇش: ئانا ئوغلىنىڭ ھۇرپەيگەن ئەلپازىغا قاراپ ئېغىر ئۇھ تارتتى.

**مەنىداش سۆزى:** تەرىنى تۇرۇش.

**ھېرىپ-ئېچىپ** رەۋ. ھېرىپ ۋە ئېچىپ، ھەم ھېرىپ-چارچاپ، ھەم قورسىقى ئېچىپ ھېرىپ مېڭىش تەسلىكتە، ئاران-ئاران، سولۇشۇپ: كىشىلەر سېرىقتال ۋاقتىدا ئەڭ دىسلەپ ئۇچىغا ئېغىز تېگىدۇ. ئىش-ئەمگەكتىن ھېرىپ-ئېچىپ يانغانلار ئۇنىڭ تېگىگە كېلىپ سايىداپ، ھاردۇقلىرىنى چىقىرىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ھېرىپ-چارچاپ.

**ھېرىس** سۈپ. بىر نەرسىگە ئىنتىلىپ باغلانغان، كۆڭۈل قويغان، ئىشقۋاز، ھېرىسمەن، ئامراق: مۆمىن ئاكىنىڭ ھويلىسىغا كىرگەن كىشىنىڭ قايتىپ چىققۇسى كەلمەيتتى، ئۇ باغۋەنچىلىككە ھېرىس ۋە گۈل خۇمار ئادەم ئىدى.

**مەنداش سۆزى:** مەستانە، ئىشقۋاز، ھېرىسمەن، ئامراق.

**ھېرىسمەن** سۈپ. بىرەر ئىشقا ياكى بىرەر نەرسىگە ئادەتتىن تاشقىرى بېرىلىدىغان، قىزىقىدىغان، ئىنتىلىدىغان، ھېرىس، مەستانە، ئامراق: ناخشىغا ھېرىسمەن. كىتابقا ھېرىسمەن. ★ ئۇ ئەزەلدىن كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىدى.

**مەنداش سۆزى:** مەستانە، ئامراق.

**ھېسسىيات** ئى. ئىچكى ھېس-تۇيغۇ ياكى ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولىدىغان سېزىم، تۇيغۇ: باللار ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىدە ھەرگىزمۇ ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەسلىكى لازىم.

**ھېسسىياتلىق** رەۋ. ھېسسىياتنى چىقىرىپ، ھېسسىيات بىلەن: تېكىستنى توغرا، راۋان ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

**ھېكمەت** ئى ① ھەددىدىن زىيادە دانالىق، دانىشمەنلىك، ئەقىل-ئىدراك: ۋەتەن ئىشقى بولۇپ دەرمان ئىلىم-پەندىن گۆھەر تاپتىم، دىلىمغا سالدى ئۇستازىم ئۆمۈر مەنىسى ھېكمەتنى. ② بىلىش، چۈشىنىش قىيىن بولغان يوشۇرۇن سىر؛ مۆجىزە: ئۇرۇش سەنئىتى توغرىسىدىكى كىتابلاردا بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ دېگەن ھېكمەت بار. شۇ ھېكمەت بويىچە ئىش قىلىمىز. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ھېلىقى** ئال. بايىقى، ئابايىقى: ھەرقېتىم قولنى يانچۇقىغا سالغاندا ئۇرۇنۇپ تۇرغان ھېلىقى كونۋېرت ئۇنى ئېغىر خىياللارغا باشلايتتى. ★ — دۇنيادا ئۆلمەيدىغان ئىككى ئېسىل نەرسە بار: بىرى بىلىم، يەنە بىرى ياخشى نام. مانا مۇشۇ ئىككى نەرسىلا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قېلىپ، مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

**مەنداش سۆزى:** بايىقى، ئابايىقى.

**ھىجىر** ئى. ساپال چىنە.

**ھىم** I ئىم. تەئەججۈپ، شۈبھە، گۇمانسىراش، ئىشەنمەسلىك قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: — ھىم، سەن خەت ئۆگىنىمەن دېگۈچە لاتا قورچىقىڭنى ئوينىغىنا! — غەيرەتنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى.

**ھىم** II سۈپ ① مەھكەم، چىڭ: ھىم ياپماق. ھىم ئەتمەك. ② كۆچمە.

www.uyghurkitap.com

دەل، ماس، جوپ: ئۇ قىش كۈنلىرى كۆپىنچە ئۇستىخىنىغا ھەم كەلگەن قارا دۇخاۋا پەلتوسىنى كىيىپ يۈرەتتى.
مەنداش سۆزى: مەھكەم، چىڭ؛ دەل، ماس، خوپ.

**ھىممەت** ئى ① باشقىلارغا قىلىنىدىغان ياخشىلىق، ياردەم، مەرھەمەت، غەمخورلۇق، ساخاۋەت: ھىممەت كۆرسىتىش. ھىممەت قىلىش. ★ كەردان شاھ بۇ ئوغۇلنىڭ مەرد، دانىشمەنلىكىگە تەقسىن-ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ھىممىتىگە كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.
مەنداش سۆزى: ياخشىلىق، ياردەم، مەرھەمەت، غەمخورلۇق، ساخاۋەت.

**ھىيلە** ئى. يامان غەرەز، شۇملۇق، مىكىر، ساختىلىق، نەيرەڭ: ھىيلە قىلىش. ھىيلە ئىشلىتىش. ★ خۇتۇن كىشىنىڭ ھىيلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك(ماقال). ★ بۇ ھىيلە ئۇزۇنغا بارمايلا ئاشكارا بولۇپ قاپتۇ.
مەنداش سۆزى: مىكىر، ساختىلىق، نەيرەڭ.

# ئو

**ئوپېراتسىيە** ئى. بەزى كېسەللەرنى داۋالاش مەقسىتىدە كېسەللەنگەن جايىنى خىرۇرگىيە يولى بىلەن يېرىش، كېسىش، تىكىش: ئوپېراتسىيە قىلىش. ئوپېراتسىيە پىچىقى. ئوپېراتسىيە ئۆيى.

**ئوچۇق** سۈپ ① تەرەپلىرى ھېچنەرسە بىلەن توسۇلمىغان، ئۈستى يېپىلمىغان؛ تاقالمىغان، ئورالمىغان، قۇلۇپلانمىغان: ئايروپىلا-نىنىڭ ئىشىكى ئېچىچە ئوچۇق تۇراتتى. ② سۈزۈك، ساپ، بۇلۇتسىز: بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: يېپىق، تاقاق، يۇمۇق؛ تۇتۇق، مەخپىي.

**ئوردا** ئى. خان، شاھ، پادىشاھلارنىڭ تۇرىدىغان جايى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى ئادرېسى

تۇرالغۇسى: بالاڭنى چوڭ قىلىپ موللىغا بەر، موللىدىن ئېلىپ ئوردىغا بەر (ماقال). ★ شاھ باشقىلارنى ئوردىدىن چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ.

**ئورگان** ئى ① ئادەم، ھايۋان، ئۆسۈملۈك قاتارلىق جانلىق ئورگانىزملارنىڭ مەلۇم بىر فۇنكسىيىسىنى بېجىرىدىغان قىسمى، ئەزاسى: ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئاڭلاش ئورگىنى قۇلاق دېيىلىدۇ. ② بىرەر ئىش، كەسىپنى ئىشلەيدىغان تارماق، مۇئەسسەسە، تەشكىلات، ئىدارە: مەمۇرىي ئورگان. ھەربىي ئىشلار ئورگىنى. ئورگان گېزىتى. ئورگان خادىمى.

**ئورۇنداش** پ. ئىش-ھەرىكەت، خىزمەت قاتارلىقلارنى بېجىرىش، ئادا قىلىش، ئەمەلدە كۆرسىتىش، ئىشلەش: ۋەزىپىنى ئورۇنداش. خىزمەتنى ئورۇنداش.

**مەنىداش سۆزى:** ئورۇنلاش.

**ئوزا** سۈپ. ئۆتۈپ كەتكەن كۈن ياكى يىلنىڭ ئالدىدىكى يىل: ئوزا كۈن. ئوزا يىل.

**ئوزاقى** سۈپ. ئۆتۈپ كەتكەن كۈندىكى ياكى يىلنىڭ ئالدىدىكى: ئوزاقى ئىش.

**ئوسال** سۈپ. يامان، ئەسكى، ناچار؛ بۇزۇق: ئۆيىمىزدىكى ھېلىقى شەفقەت بەك ئوسال بىرنەرسە چىقىپ قالدى.

**مەنىداش سۆزى:** يامان، ئەسكى، ناچار؛ بۇزۇق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ياخشى، ئوبدان، تۈزۈك.

**ئوسال بولۇش** قىيىن، مۈشكۈل ئەھۋالدا قېلىش، كۈلكىگە، ئۇيياتقا قېلىش، شەرمەندە بولۇش: بۇ ئىشتا ئوسال بولغان بەگ بېشىنى سالغىنىچە ھويلىدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** كۈلكىگە قېلىش، ئۇيياتقا قېلىش، شەرمەندە بولۇش.

**ئوقۇتقۇچى** ئى. بالىلارغا دەرس بېرىدىغان ئادەم، مۇئەللىم: جۇرئەت مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپلا ئوقۇتقۇچىسى مېھرىگۈلنى كۆردى-دە،

ئۇنىڭغا سالام يەردى.

مەنىداش سۆزى: مۇئەللىم.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئوقۇغۇچى.

**ئوقۇغۇچى** ئى ① مەكتەپتە ئىلىم ئالغۇچى ئادەم، ئۆگەنگۈچى: ئوقۇغۇچىلار مەيدانغا يىغىلدى. ② كىتابلارنى دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان كىشى، ئوقۇرمەن، كىتابخان: باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بالىلار گېزىتىنىڭ ئوقۇغۇچىسىدۇر.

مەنىداش سۆزى: تالىپ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: مۇئەللىم.

**ئوڭايسىزلىنىش** پ. بىرەر ئىش ياكى ئەھۋالغا قارىتا ئوڭايسىزلىق، مۇشكۈللۈك، بىئەپلىك ھېس قىلىش، تەسچىلىكتە قېلىش، قىيىن ھېس قىلىش: ئۇ لېنىن ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ قېلىپ، ئىنتايىن ئوڭايسىزلاندى. ★ ئۇ مېنىڭ گېپىمگە شۇنداق كۈلدىكى، مەن ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.

مەنىداش سۆزى: خىجالەتتە قېلىش.

**ئولاش-چولاش** ھەممەيلەن بىرلىكتە، كوللېكتىپ ھالدا، توپلاشقان پېتى: ئۇلار ئولاش-چولاش بولۇپ، پولاتنى دەممۇدەم كۆتۈرۈشۈپ مەكتەپكە ئېلىپ باردى.

**ئوۋ** ئى ① ياۋايى ھايۋانلار، بېلىق، تۈرلۈك قۇش قاتارلىقلارنى تۇتۇش ئىشى، قولغا چۈشۈرۈش، ئولجا ئېلىش پائالىيىتى: باي ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ قارىسا، مال-مۈلكى يوق، چاكىرىمۇ يوق تۇرغۇدەك. ② تۈرلۈك يوللار بىلەن تۇتۇلغان، قولغا چۈشۈرۈلگەن ياكى تۇتۇش، قولغا چۈشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنغان تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار، بېلىق ياكى قۇش قاتارلىقلار: ساتتار ئاكا ئوۋ ئىزدەپ ئېگىز تاغلارغا نەزەر سېلىپ كەلمەكتە ئىدى.

**ئوۋچى** ئى. ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭغا ماھىر، دائىم ئوۋ ئوۋلاپ تۇرىدىغان كىشى: ئۇستا ئوۋچى شىر ئاتار، قاۋۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېھقان بوز ئاچار (ماقال).

**ئوۋچىلىق** ئى. ئوۋ ئوۋلاش ئىشى، ئوۋ ئوۋلاش پائالىيىتى: مەن ئوۋچىلىقنى ياخشى كۆرمەن.

**ئويدۇرما** ئى. قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان يالغان گەپ-سۆز، بەتنام، بوھتان، ئاساسى يوق يالغان سۆز: مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرىقى سان-ساناقسىز ئويدۇرمىلار مېنى تولىمۇ ئازابلىدى.

**مەنىداش سۆزى:** بەتنام، بوھتان، تۆھمەت.

**ئويدۇرمىچى** ئى. تۆھمەتچى، بوھتانچى: رەزىل ئويدۇرمىچىلار ئويدۇرۇپ چىقارغان ئىغۋا دەستىدىن تويتوغرا 10 يىل ئازاب چەكتىم.

**مەنىداش سۆزى:** تۆھمەتچى، بوھتانچى.

**ئويدۇرمىچىلىق** ئى. يالغان پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشى: ئۇ چاياننىڭ ئويدۇرمىچىلىقى دەستىدىن بىرقانچە ئادەم خانىۋەيران بولۇپ كەتتى.

**ئويلىنىش** پ. ئويلاش، پىكىر قىلىش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش: ئۇلار كۆلگە تىكىلگىنىچە ئويلىنىپتۇ، ئەمما بىرەر ئامال تاپالماپتۇ. ★ غەيرەتنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى ۋە ئويلىنىپ قالدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئويلاش، پىكىر قىلىش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش.

**ئويماق** ئى. خۇرۇم ياكى مېتالدىن ياسالغان، بارماقتا كىيىپ يىڭنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئىتتىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم: ئورغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە، ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن (ماقال).

**ئويمان** سۈپ. ئەتراپىدىكى تەكشىلىككە نىسبەتەن پەس، چوڭقۇر، ئوي: قاراقچىلار ئالدىغا سىلىپ كەتكەن ئادەملەرنى ئويمان يولغا ھەيدەپ چۈشتى.

**مەنىداش سۆزى:** چوڭقۇر، ئوي.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دۆڭ، تۈز.

**ئويمان-چوڭقۇر** ئويمان ھەم چوڭقۇر، ئوي: كىچىدە يولنىڭ ئويمان-چوڭقۇرنى پەرق ئېتىشمۇ تەس ئىدى.

مەنىداش سۆزى: ئوي، ئويمان، چوڭقۇر، ئېگىز-پەس.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: دۆڭ.

**ئويمان-دۆڭ** ① ئويمان ۋە دۆڭ. ② ئەھۋال، شارائىتى: ئۇ بۇ يەرنىڭ ئويمان-دۆڭىنى ئوبدان بىلىدۇ، بۇرۇن بۇ يەردە خېلى ئۇزۇن تۇرغان.
مەنىداش سۆزى: ئېگىز-پەس، ئوي-چوڭقۇر.

**ئويمانلىق** ئى. تاغ ياكى ئېگىزلىكلەر بىلەن قورشالغان تۈز يەر، تۈزلەڭلىك: تارىم ئويمانلىقى. تۇرپان ئويمانلىقى. جۇڭغار ئويمانلىقى.
مەنىداش سۆزى: چوڭقۇرلۇق.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: دۆڭلۈك.

**ئويمىچى** ئى. تاش، ياغاچ ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرگە تۈرلۈك گۈل، نەقىش ياكى تېكىستلارنى ئويىدىغان ئۇستا.
مەنىداش سۆزى: ئويمىكەش.

**ئويمىچىلىق** ئى. ئويمىچىلار قىلىدىغان كەسىپ، ھۈنەر، ئىش: ئويمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق.
مەنىداش سۆزى: ئويمىكەشلىك.

**ئويمىكەش** ئى. ئويمىچى: ئۇ ئاشۇ زامانىنىڭ بىر ئويمىكەشى ئىدى.
مەنىداش سۆزى: ئويمىچى.

**ئويمىكەشلىك** ئى. ئويمىچىلىق: ئويمىكەشلىك بىلەن شۇغۇللانماق.
مەنىداش سۆزى: ئويمىچىلىق.

**ئويۇش** پ ① كولاپ چوڭقۇرلۇق ھاسىل قىلىش، ئويمان ھالەتكە كەلتۈرۈش: ئۇنىڭ ئۆيى ئالتۇنلۇقتىكى يارلىقتا ئويۇپ ياسالغان گەمىلەرنىڭ بىرىدە ئىدى. ② كۆچمە. كولاش، يونۇش ياكى كېسىش يولى بىلەن بىرەر نەرسىنىڭ يۈزىگە بىرەر ئىز ياكى شەكىل چىقىرىش: تامغا ئويۇش. نەقىش ئويۇش.

www.uyghurkitap.com

# ئۇ

**ئۇ** ئال ① ئۈچىنچى شەخس ئالمىشىنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئۈستىدە سۆز بولۇۋاتقۇچىنىڭ ئادەم ياكى نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: بارات تاشۋاينىڭ قولىدىكى راۋاپنى قولىغا ئالدۇ، مۆمىن ئاكا ئۇنى هاپاش قىلدۇ. ② سۆزلىگۈچىگە بىر ئاز يىراق بولغان ياكى سۆزلىگۈچى يىراق هېسابلىغان ئادەم، نەرسە، ۋەقە، هادىسە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: — بۇ بۈگۈنكى گېزىتمۇ؟ — ياق، ئۇ كونا گېزىت. ③ ۋاقىت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، نىسبەتەن بىر ئاز ئىلگىرىكى كونكرېت ۋەقەلىكنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ئۇ كۈنى مەن ئۇنىڭ يېرىم كېچىدە مۇشۇ باغقا كىرگەنلىكىنى سېزىپ قالدىم.

**ئۇچقۇن** ئى ① كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ چاچرىشىدىن ياكى نەرسىلەرنى سۈركەشتىن چىققان ئوت پارچىسى: تاماكا ئورىدىم، ئەمما ئىچىگە قوم-توپا توشۇپ كەتكەن چاقمىقىدىن بىرمۇ تال ئۇچقۇنمۇ چىقمىدى. ② نەرسىلەرنىڭ چاچرىغان، توزۇغان ئۇششاق پارچىسى، زەررىچىلىرى: قاش قارايغان چاغ هاۋا سوغۇق، ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرى ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. ③ كۆچمە. سەزگۈ، هېسسىيات، روهىي هالەت قاتارلىقلار ئىپادىلەنگەن كىشى سىياقىدىكى مەلۇم ئالامەت، بەلگە: خانقىزنىڭ كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەش ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. ★ غەيرەتنىڭ كۆزلىرىدە پەيدا بولغان قەيسەرلىك ئۇچقۇننى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتىم.

**ئۇلار** ئال. كىشىلىك ئالماش ئۈچىنچى شەخسنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق ساندىكى سۆزلىگۈچىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار نەگە باردۇ؟

**ئۇرۇپ-سوقۇپ** قول ئۈچىدىلا، بولۇشىغا، ئەپلەپ-سەپلەپ: ئىشنى ئۇرۇپ-سوقۇپ پۈتكۈزمەك.

**ئۇر-ئۇر** ھەممىلا ئادەم ئۇرۇش ياكى ھەممىلا ئادەم تەرىپىدىن ئۇرۇلۇش: ئۇر-ئۇر قىلىش. ئۇر-ئۇرغا قېلىش.

**ئۇرۇشقاق** سۈپ. ئاسان ۋە تېز ئۇرۇشۇپ قالىدىغان، سوقۇشقاق، جېدەلخور: ئۇرۇشقاق بالا.

**مەنىداش سۆزى:** سوقۇشقاق، جېدەلخور.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىناق، چىقىشقاق.

**ئۇرۇشقاقلىق** ئى. تولا ئۇرۇشىدىغان، ئۇرۇشۇشتىن يانمايدىغان مىجەز، قىلىق، ئادەت: ئۇنىڭ ئۇرۇشقاقلىقى ھەممە يەردە ئۆزىگە رەقىب تاپتى.

**مەنىداش سۆزى:** سوقۇشقاقلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىناقلىق، چىقىشقاقلىق.

**ئۇزاق** سۈپ ① ئارىلىقى ئۇزۇن، يىراق: ئالماس ئاتلارنىڭ ئۇزاق يەردىن توختىماي چېپىپ كەلگەنلىكىنى بىر قاراپلا بايقىدى. ② ئۇزۇن داۋام قىلىدىغان، كۆپ ۋاقىت ئالىدىغان، ۋاقتى ئۇزۇن: — مۇشۇ كەنتنىڭ ئۆزىدە كۆردۈم، — دېدى مۇئەللىم، — ئانچە ئۇزاق بولمىدى. ★ بىز زاھىدە توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتۇق.

**مەنىداش سۆزى:** يىراق، ئۇزۇن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يېقىن.

**ئۇزۇن** سۈپ ① بويىغا، ئالدىغا قاراپ سوزۇلغان؛ ئارىلىقى، مۇساپىسى يىراق: ئۇزۇن يول. ئۇزۇن چاچ. ئۇزۇن ياغاچ. ئۇزۇن كۆڭلەك. ★ ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ ماڭغاندا بىز، ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپ قالدى ئەنە ئەۋرىمىز. ② ئۇزاق داۋام قىلىنىدىغان، كۆپ ۋاقىت كېتىدىغان، ئۇزاق؛ مەزمۇنى، دائىرىسى كەڭ: ئۇزۇن گەپ. ئۇزۇن ماقالە. ★ ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، ئۇ ئايال يەنە كەلدى.

**مەنىداش سۆزى:** يىراق، ئۇزاق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قىسقا، كالتە، كوتا.

**ئۇسۇل** ئى ① بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مەسىلىنى ھەل

قىلىشنىڭ يولى، تەرتىپى، تەرىزى؛ چارە، ئامال: پىكىر قىلىش ئۇسۇلى. ئۇسۇل تاپماق. ② پائالىيەت ۋە ئىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس ئادەت: ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى قانداق بولسا، ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**ئۇشتۇمتۇت** رەۋ. كۈتۈلمىگەندە، تۇساتتىن، تاسادىپىي، بىردىنلا: نەق شۇ چاغدا، ئۇشتۇمتۇت تاڭ-تۇڭ قىلىپ ملتىق ئېتىلدى، ھەممە ئادەم ساراسىمىگە چۈشتى.

**ئۇنداقتا** ① باغل. ئۇنداق بولسا، ئۇنداق بولغاندا: غولنىڭ ھەر خىل بولىدىغانلىقىنى بىلىسىز، ئۇنداقتا ئۇلار قانداق ئۇرتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ ② ئىم. خوش ئەمىسە، ئەمىسە: — سىز بۇ كىشىنى دەرھال ئۇرۇمچىدىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىڭ، تېز قۇتقۇزۇۋالمىساق بولمايدۇ! — ئۇنداقتا سىزچۇ؟

**مەنىداش سۆزى:** ئۇنداق بولغاندا، ئەمىسە.

**ئۇنىش** پ. بىرەر ئىش، تەلەپ، ئىلتىماس قاتارلىقلارغا رازى بولۇش، ماقۇل بولۇش، قوشۇلۇش: — ماقۇل، لېكىن سەنمۇ مېنىڭ بىر شەرتىمگە ئۇنىشىڭ كېرەك، — دېدى رۇقىيە.

**مەنىداش سۆزى:** ماقۇل بولۇش، قوشۇلۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** رەت قىلىش، ئىنكار قىلىش.

**ئۇنىۋېرسىتېت** ئى. ئالىي مەكتەپ. ئالىي تەربىيە بېرىلىدىغان مەكتەپلەرنىڭ بىر خىلى، ئېلىمىزدە ئادەتتە ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپلەرنى كۆرسىتىدۇ: مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمەن.

**مەنىداش سۆزى:** ئالىي مەكتەپ.

**ئۇۋىتىش** پ. يانجىپ، بېسىپ ئۇۋاق ھالەتكە كەلتۈرۈش، ئۇۋاقلاش؛ دانە ياكى يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈرۈش: ناننى ئۇۋىتىش. قوناقنى ئۇۋىتىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پۈتۈنلەش.

**ئۇۋىندى** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۇۋىلىپ، ئۇششاقلىنىپ قالغان قالدۇقلىرى: ئۇلار قىرلىق قورام تاشنى تەشكىل قىلغۇچى ئۇۋىندىلاردىن

ئىبارەت.

**ئۇيات** ئى ① خىجىل بولۇش، ئىزا تارتىش، نومۇس، خىجىللىق: ئۇيغۇردا ئۇيات يوق(ماقال). ★ بىزدەك ئاددىي ئادەملەر ئۆزىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەپ يۈرسەك، ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ② كىشىنى خىجالەتتە، قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرىدىغان ھالەت: ئۇنىڭ قولىدا قورچاق بولۇپ قېلىش بەكمۇ ئۇيات.

**مەنىداش سۆزى:** نومۇس، خىجىللىق.

**ئۇيات بولۇش** سەت بولۇش: — نىياز بەگمۇ سىز يە؟ بۇنداق قىلماڭ، ئۇيات بولىدۇ، — دېدى ئايال دەرۋازا يوچۇقىغا يۈزىنى يېقىپ.

**ئۇياتقا قېلىش** باشقىلارنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قېلىش، مەسخىرىگە قېلىش، شەرمەندە بولۇش: سۇ بېشىدا ئولتۇرۇپ، سۇنى لېيتقان قازى بەگ. بولماس ئىشنى قىلىپ قويۇپ، ئۇياتقا قالغان قازى بەگ.

**مەنىداش سۆزى:** مەسخىرىگە قېلىش، شەرمەندە بولۇش.

**ئۇياتچان** سۈپ. ئۇيىلىش، ئار-نومۇس قىلىشنى بىلىدىغان، يۈزى نېپىز، تارتىنچاق: ئۇياتچان بالا. ئۇياتچاق قىز ئۇقۇغۇچى.

**مەنىداش سۆزى:** تارتىنچاق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** داپشاق، يۈزى قېلىن، بىزەڭ، نومۇسسىز، قېلىن.

**ئۇياتچانلىق** ئى. تارتىنچاقلىق، نېپىزلىك، نومۇسلۇق: رەنا ئۇياتچانلىق بىلەن يەرگە قارىۋالدى.

**مەنىداش سۆزى:** تارتىنچاقلىق، نېپىزلىك، نومۇسلۇق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۇياتسىزلىق، نومۇسسىزلىق، قېلىنلىق.

**ئۇياتسىز** سۈپ. ئۇيىلىشنى، ئار-نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان، تارتىنمايدىغان، نومۇسسىز: ئۇياتسىز بالا. ★ ئۇياتسىز مۈشۈككە قازاناقنىڭ ئىشكى ئۇچۇق(ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** تارتىنمايدىغان، نومۇسسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئۇياتلىق، نومۇسچان.

**ئۇياتلىق** سۈپ ① كىشىنى ئۇيالدۇرىدىغان، خىجالەتتە قالدۇرىدىغان، ھاياسىز، شەرمەندە؛ خىجالەتلىك: ئۇياتلىق گەپ. ئۇياتلىق قىلىق. ② ئەدەپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك، ناھايىتى ھۆرمەتلىك: ئۇياتلىق مېھمان كەلگەندە نان تۇگەپتۇ (ماقال).

مەنىداش سۆزى: خىجالەتلىك.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئۇياتسىز، نومۇسسىز.

**ئۇياقتىن-بۇياقتىن** رەۋ. بىر ئۇياقتىن-بىر بۇياقتىن، تەرتىپسىز، چېچىلاڭغۇ ھالەتتە: ئۆيدىكى مېھمان ئۇياقتىن-بۇياقتىن سۆزلىگىلى تۇردى.

# ئۆ

**ئۆچمەنلىك** ئى. باشقىلارنىڭ قىلغان يامانلىقى، يەتكۈزگەن زىيىنى، زەرەرى قاتارلىقلار تۈپەيلى كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئۆچمەنلىك ھېس-تۇيغۇسى؛ ئۆچلۈك، ئاداۋەت، غوم: ئۆچمەنلىك ساقلاش ياخشى ئەمەس.

مەنىداش سۆزى: ئۆچلۈك، ئاداۋەت، غوم.

**ئۆرلەش** پ. ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈش، ئېگىزلىككە چىقىش: توپ ئۆرلىدى. ★ كەپتەر ئاسمانغا ئۆرلىدى. ★ شوتا پۇتۇش بىلەن سېپىلغا ئۆرلەش مەشقى باشلىنىپ كەتتى.

مەنىداش سۆزى: ئېگىزلەش، يۇقىرىلاش، كۆتۈرۈلۈش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: پەسلەش، تۆۋەنلەش.

**ئۆرنەك** ئى ① باشقىلارنىڭ تەقلىد قىلىپ ياسىشىغا، قىلىشىغا، ئىشلىشىگە ئەرزىيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۈلگىسى ۋە شۇنداق ئۈلگە

بولىدىغان نەرسە. ② باشقىلار ئەگەشسە، ئۆگەنسە ئەرزىيدىغان ئىش ياكى ھەرىكەت نەمۇنىسى؛ ئۈلگە: ئۆرنەك ئېلىش. ★ ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان مۇزىكا ئاھاڭلىرىنى چېلىپ ئۆرنەك كۆرسەتتى.

مەنىداش سۆزى: ئۈلگە.

**ئۆز** ئال ① تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ، ئىش-ھەرىكەت شۇ قوشۇمچە بىلدۈرگەن شەخس تەرىپىدىن باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشى بولمىغان ئەھۋالدا بېجىرىلگەنلىكىنى ياكى بېجىرىلىشىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ئەرنىڭ سۆزى ئۆلگۈچە، ئۆزى ئۆلسۇن(ماقال). ★ بۇ ماقالىنى ئۆزۈم يازدىم. ② يېقىن، بىلىدىغان، تونۇشلۇق: بۇ يەردە يات ئادەم يوق، ھەممىمىز ئۆز.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئۆزگە، يات.

**ئۆزرە** ئى. كەچۈرۈم، ئەپۇ، ئۆزرىخاھلىق: ئۆزرە ئېيتماق. ★ مەن ئۇنى ئاۋارە قىلغىنىم ئۈچۈن ئۆزرە سوراپ خوشلىشىپ قايتتىم.

مەنىداش سۆزى: كەچۈرۈم، ئەپۇ، ئۆزرىخاھلىق.

**ئۆزلە** ئال. سىلى، ئۆزلىرى: ئۆزلە نەگە بارىدىلا؟

مەنىداش سۆزى: سىلى، ئۆزلىرى.

**ئۆزلۈكىدىن** رەۋ ① ئۆزىچىلا، ئۆزى بىرىپ، بىرنەرسە تەسىر قىلمىسىمۇ: پىشقان مېۋىلەر ئۆزلۈكىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ② ئۆز ئىختىيارى بىلەن، ئۆزى ئۆزى بىلەن: ئۇ ئۇيغۇرچىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن.

**ئۆزلىرى** ئال. ئىككىنچى شەخس (بىرلىك) ئالمىشىنىڭ ھۆرمەت تۈرى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى ھۆرمەت بىلەن ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ: — ئۆزلىرى كىم بولىدىلا؟ — دىدى ئۇ مەندىن گەپ سوراپ. ★ مومايىنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، تىلى تاتلىق بولۇپ، ھەممەيلەننى «ئۆزلىرى» دەپ سۆزلەيتتى.

**ئۆزۈمچى** سۈپ. ئۆزىنىڭكىنىلا راست، توغرا دەيدىغان، ئۆزۈمچىل: ئۇ تولىمۇ ئۆزۈمچى ئادەم ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنىداش سۆزى: ئۆزۈمچىل.

**ئۆزۈمچىلىك** ئى. مېنىڭلا راست دەيدىغان ئادەت، قىلىق:
ئۆزۈمچىلىك قىلماق.

**ئۆسۈملۈك** ئى. جانلىقلارنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى. بۇ خىل جانلىقلارنىڭ ھۈجەيرىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ھۈجەيرە پوستى بولىدۇ. كۆپچىلىكى ئورگانىك ماددىلارنى ئۆزۈقلۇق قىلىدۇ، نېرۋىسى بولمايدۇ.

**ئۆكتەبىر** ئى. مىلادىيە كالېندارى بويىچە 10-ئاينىڭ ئاتىلىشى، ئونىنچى ئاي: ئۇلار بۇ يەرگە ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا كېلىشكەنىدى.
مەنىداش سۆزى: ئونىنچى ئاي.

**ئۆسۈك** سۈپ. ئۆسۈپ كەتكەن، ئۇزۇن ئۆسكەن، ئۆسۈملۈك:
ئۆسۈك چاچ. ئۆسۈك ساقال.
مەنىداش سۆزى: ئۆسۈكلۈك.

**ئۆكچە** ئى ① پۇتنىڭ تاپان قىسمى. ② ئاياغ كىيىمنىڭ پاشنىسى.

**ئۆكسۈش** پ. ئۆپكىدەش، ئىچ-ئىچىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇش، كۆڭلى بۇزۇلۇش: ئۇ كۆزلىرىنى ئېتىۋېلىپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.
مەنىداش سۆزى: ئۆپكىدەش، ئۆپكىلەش.

**ئۆكۈنۈش** پ. بىرەر نەرسىدىن ياكى ئىشتىن پۇشايمان قىلىش، ئېچىنىش، ئەپسۇسلىنىش، نادامەت چېكىش: غەنى بۈگۈنكى توپ مۇسابىقىسىگە قاتنىشالمىغانلىقىدىن بەكمۇ ئۆكۈندى.
مەنىداش سۆزى: ئەپسۇسلىنىش، پۇشايمان قىلىش.

**ئۆگۈن** رەۋ. سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۆتۈۋاتقان كۈننىڭ ئەتىسىدىن كېيىنكى كۈن، يەنى ئەتىدىن كېيىنكى بىر كۈن: بۈگۈن ئۇنىمسا ئەتە ئۇنار، ئەتە ئۇنىمسا ئۆگۈنگە ئۇنار.

**ئۆگۈنكى** سۈپ. ئۆگۈن بولىدىغان، ئۆگۈن يۈز بېرىدىغان،

ئۆگۈنلۈك: ئۆگۈنكى ئىش. ئۆگۈنكى ئەمگەك.

**ئۆگۈنلۈك** سۈپ. ئۆگۈن بولىدىغان، ئۆگۈن قىلىنىدىغان، ئۆگۈن يۈز بېرىدىغان، ئۆگۈنگە ئاتاپ قويۇلغان: ئۆگۈنلۈك ئىش. ئۆگۈنلۈك تاماق. ئۆگۈنلۈك تاپشۇرۇق.

**ئۆگۈنلۈككە** رەۋ. ئۆگۈنكى كۈندە، ئەتىدىن كېيىنكى كۈندە، ئۆگۈن: مەن ئۆگۈنلۈككە مەكتەپكە بارىمەن.

مەنىداش سۆزى: ئۆگۈن.

**ئۆڭ** ئى ① ئادەمنىڭ چىرايى. ② تېرىنىڭ تۈكسىز تەرىپى.

**ئۆڭى ئۆچۈش** بىرەر ئىش ياكى قورقۇنچ تۈپەيلىدىن چىرايى، رەڭگى بىردىنلا بۇزۇلۇش، ئۆزگىرىش، تاتىرىش: ساۋۇت ھويلىغا كىرىشىگە بىر قارا ئىت يۇگۈرۈپ كېلىۋېدى، قورققىنىدىن ئۆڭى ئۆچۈپلا كەتتى.

**ئۆلۈش** پ. جېنى تۈگەش، جېنىدىن ئايرىلىش، جېنى چىقىش: شۇ قېتىمقى جەڭدە دۈشمەننىڭ 500 ئەسكىرى ئۆلدى.

مەنىداش سۆزى: ۋاپات بولۇش، قازا قىلىش، جېنىدىن جۇدا بولۇش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تىرىلىش؛ ياشاش، ھايات كەچۈرۈش.

**ئۆملىشىش** پ. بىرلىشىش، ئىتتىپاقلىشىش، ئىتتىپاق بولۇش، ئىناق بولۇش: شۇندىن تارتىپ ئۇلار تېخىمۇ ئۆملىشىپ، تىنچ-ئامان، خاتىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ.

**ئۆمۈر** ئى. تۇغۇلغاندىن تا ئۆلگۈچە بولغان ۋاقىت، دەۋر، ھايات: ئۆمۈر بويى. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەك.

**ئۆمۈر بويى** تۇغۇلغاندىن تارتىپ تا ئۆلگۈچە، پۈتۈن ھايات داۋامىدا، بىر ئۆمۈر، پۈتۈن ئۆمۈر: ئۆمۈر بويى ئىشلىمەك.

مەنىداش سۆزى: بىر ئۆمۈر، پۈتۈن ئۆمۈر.

**ئۆمۈر سۈرۈش** ياشاش، ھايات كەچۈرۈش، ئۆمۈر كۆرۈش:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلگىلىرى www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىن كېيىن ئاق كۆڭۈل زۇمرەت بىلەن دادىسى خاتىرجەم تىنچ ئۆمۈر سۈرۈپ ئۆتۈپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ياشاش، ھايات كەچۈرۈش، ئۆمۈر كۆرۈش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۆلۈش، ھالاك بولۇش.

**ئۆمۈر كۆرۈش** ياشاش، ھايات كەچۈرۈش، ئۆمۈر سۈرۈش: ئۇ مەندىن «بىر قوي قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدۇ؟» دەپ سورىدى. ★ ئاپام سەكسەن ياش ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتتى.

**مەنىداش سۆزى:** ياشاش، ھايات كەچۈرۈش، ئۆمۈر سۈرۈش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۆلۈش، ۋاپات بولۇش.

# ئۈ

**ئۈرەن** ئى ① كېلەر يىلى تېرىش ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلغان دان؛ ئۇرۇق. ② دانلارنىڭ بىخلىنىدىغان ئورنى.

**مەنىداش سۆزى:** ئۇرۇق.

**ئۈرەنلىك** سۈپ. ئۇرۇقلۇق، ئۇرۇق قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان.

**ئۈزلۈكسىز** رەۋ. ئۈزۈلۈپ قالماي، توختىماي، داۋاملىق، ئارقا-ئارقىدىن، كەينى-كەينىدىن، ئۇدا: ئۈزلۈكسىز ئالغا باساق. ئۈزلۈكسىز تۇردە. ★ ھەر ئىككىمىزنىڭ يۈزىنى كۆل ۋە قۇرۇم باسقان بولۇپ، تەر تامچىلىرى ئۈزلۈكسىز ئېقىپ تۇراتتى.

**مەنىداش سۆزى:** توختىماي، داۋاملىق، ئارقا-ئارقىدىن، كەينى-كەينىدىن، ئۇدا.

**ئۈشكە** ئى. تۆشۈك ئىچىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىرخىل ئەسۋاب. تۆرلىرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى توك ياكى شامال كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ: تامنى ئۈشكە بىلەن تېشىش. ياغاچنى ئۈشكە بىلەن

تىشىش.

**ئۈلگە** ئى ① كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، دورايدىغان، ئۆگىنىشكە، نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم، ئىش، نەرسە ياكى ئۇسۇل؛ نەمۇنە، تىپ: ئۈلگە بولماق. ئۈلگە ياراتماق. ئۈلگە ئالماق. ئۈلگە قىلماق. ② بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن ئېلىنغان نۇسخا، ئەۋرىشكە: بۇ ئوردىنى ئەخمەت بەگ بېيجىڭ خانلىقىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئۈلگىسى بويىچە سالدۇرغانىدى.

**ئۈلگۈرەلمەسلىك** پ. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىشقا، بېجىرىشكە يېتىشمەسلىك، ۋاقىت چىقىرالماسلىق، كېچىكىش: ئۇ شۇنچە ئىتتىك يۈگۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا پويىزغا ئۈلگۈرەلمەي قالدى.

مەنىداش سۆزى: يېتەلمەسلىك.

**ئۈلۈشكۈن** ئى. ئۆتۈپ كەتكەن كۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى، تۈنۈگۈننىڭ ئالدىدىكى كۈن، بۇرناكۈن، ئوزاكۈن: ئۇ ئۈلۈشكۈن «غۇنچە» مۇكاپاتى مۇسابىقىسىغا قاتناشتى.

مەنىداش سۆزى: بۇرناكۈن، ئوزاكۈن.

**ئۈلۈشكۈنكى** سۈپ. ئۈلۈشكۈنى بولغان، ئۈلۈشكۈندىكى، بۇرناكۈنكى، ئوزاكۈنكى: ئۈلۈشكۈنكى ئىش.

مەنىداش سۆزى: بۇرناكۈنكى، ئوزاكۈنكى.

**ئۈلۈشيىل** ئى. ئۆتۈپ كەتكەن يىلنىڭ ئالدىنقى يىلى، ئۆتكەن يىلنىڭ ئالدىدىكى يىل، ئالدىنقى يىل، ئوزاقى يىل، ئوزا: بولۇپمۇ، ئۈلۈشيىل بولغان بىر ۋەقە بوۋاينى قاتتىق رەنجىتتى.

مەنىداش سۆزى: ئالدىنقى يىل، ئوزاقى يىل، ئوزا.

**ئۈمچەيتىش** پ. رەنجىش، خاپىلىق، كۆڭلى يېرىم بولۇش ياكى نارازىلىق تۈپەيلىدىن كالپۇكىنى سەت قىلىپ پۈرۈشتۈرۈش، كالپۇكىنى بىرقىسىملا قىلىش: مەن ئۇنى قولنى يۇيۇشقا بۇيرۇدۇم. ئۇ قول يۇيۇشنى ئاڭلاپ، ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ يوغان كۆزلىرىنى بىزگە تىكتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئۈمىد** ئى ① بىرەر ئىستەكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا بولغان ئىشەنچ، ئىشەنچ بىلەن كۈتۈش، ئارزۇ، ئىستەك، نىيەت، مەقسەت: ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار(ماقال). ★ ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۈمىدى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى(ماقال). ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئۈمىدۋار** سۈپ. ئۈمىد، ئارزۇ ئىپادىلەيدىغان، ئۈمىدلىك: ئۈمىدۋار ئادەم. ئۈمىدۋار بولماق.

**مەنىداش سۆزى:** ئۈمىدلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۈمىدسىز، روھى چۈشكۈن.

**ئۈندەش** ئى. سۆزلىگۈچىنىڭ تۇرلۇك ھېسسىياتى، پوزىتسىيىسى ياكى چاقىرىش، ئۈندەش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز: ئۈندەش جۈملە. ئۈندەش بەلگىسى. ئۈندەش سۆز.

**ئۈندەش بەلگىسى** تىنىش بەلگىلىرىدىن بىرى(!). ئوي-پىكىرنىڭ ئۈندەش ۋە بۇيرۇق تەرىزدە ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۈندەش جۈملە** قويۇق ھېس-كەيپىياتنى بىلدۈرىدىغان جۈملە. مەسىلەن، «ۋايجان»، «نېمىدېگەن ياخشى!» دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئۈندەش جۈملىنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ.

**ئۈنلەش** پ. ئۈن چىقىرىش، ئاۋاز چىقىرىش، تۈۋلاش، سايراش: ئۇ يەرگە كەپتەرلەر كېلىپ ئۈنلەپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** تۈۋلاش.

**ئۈنۈم** ئى ① مەلۇم بىرخىل كۈچ، ئۇسۇل، چارە ياكى ئامىل، سەۋەب پەيدا قىلغان ئىجابىي نەتىجە. ② مەلۇم نەرسىنىڭ پايدىلىق رولى، تەسىرى. ③ بىرەر نەرسىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەييارلاش قابىلىيىتى؛ ئۈنۈمدارلىق، ھوسۇلدارلىق: ئەمگەك ئۈنۈمى. ئۈنۈم نىسبىتى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم. ماشىنىنىڭ ئىش ئۈنۈمى.

**مەنىداش سۆزى:** نەتىجە؛ تەسىر، ئۈنۈمدارلىق.

# ۋ

**ۋاپا** ئى. دوستىغا، يارىغا ۋە يېقىن كىشىلىرىگە بولغان ساداقەت، كۆيۈم؛ ئۆز سۆزىدە قەتئىي تۇرۇش، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش: ۋاپاغا جاپا قىلىش. ★ — ھۆي ۋاپاسىز مۇناپىق! — دېدى رەيھان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نەپرەتلەنگەن ھالدا.

**مەنىداش سۆزى:** رەھىم، رەھىم-شەپقەت، كۆيۈم.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** جاپا.

**ۋاپات (ۋاپاتى)** ئى. ئۆلۈش: ۋاپات بولۇش. ★ ئىنىمنىڭ ۋاپاتى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلىش بىلەن بىرگە، ئاپامنىڭ سالامەتلىكىنىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋەتتى. ★ ئاپامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قولۇمغا زادىلا ئىش بارمىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۆز ئۆزۈمنى ئىشلەشكە زورلىدىم.

**مەنىداش سۆزى:** ئۆلۈش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھايات، ياشاش.

**ۋاپات بولۇش** ئۆلۈش، كۆز يۇمۇش، جېنىدىن ئايرىلىش، جېنى چىقىش: بوۋاي 69 يېشىدا ۋاپات بولدى. ★ ھېلقى ئۆيدىكى قىز تۇردۇنىڭ ۋاپات بولغان ئۇستىسىنىڭ قىزى ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** ئۆلۈش، قازا قىلىش، قازا يېتىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ياشاش، ھايات.

**ۋارونكا** ئى. سۇيۇقلۇق ياكى پاراشوك، دانچە ھالىتىدىكى ئاغزى كىچىك قاچا، بوتۇلكا قاتارلىقلارغا قۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**ۋاشاڭ** ئى. قوغۇن-تاۋۇزلار ئۈزۈلۈپ ئاخىرلاشقاندا قوغۇنلۇقتىكى قالدى-قاتتى سويمىلارنى خالىغانچە ئۈزۈپ يىغىشتۇرۇش ئىشى؛ پاساڭ: ۋاشاڭ بولماق. ۋاشاڭ قىلماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنداش سۆزى: پاساك.

**ۋاقتى ئۆتكەن** ئىشتىن چىققان، كارغا كەلمەس بولۇپ قالغان، ئىشلىتىش ۋاقتىدىن قالغان، مودىدىن قالغان، كونا: بۇ ۋاقتى ئۆتكەن كالپىندار قەغىزى ئىكەن.

**ۋاقتىدا** رەۋ. شۇ ۋاقىت، شۇ پەيتىنىڭ ئۆزىدە، ۋاقىتىنى ئۆتكەزمەي: كىيىپ كىر بولغان ئىچ كىيىملىرىمىزنى ۋاقتىدا يۇيۇۋېتىشىمىز كېرەك. ★ بىز ھەممىمىز خىزمەتكە ۋاقتىدا كېلىشىمىز لازىم.

**ۋاگون** ئى ① پويىزنىڭ ئادەم ئولتۇرۇش ۋە يۈك توشۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ھەربىر بۆلىكى. ② ئىش ئورنى، كان رايونى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان بىرخىل توشۇش ئۈسكۈنىسى، شەكلى ۋارونكىغا ئوخشايدۇ، ئاستىدا چاقلىرى بولىدۇ. ئادەتتە رېلىس ئۈستىدە ماڭىدۇ.

**ۋايىغا يېتىش** ئۆسۈپ يېتىلىش، قۇرامىغا يېتىش، پىشىش: چۈنەكتىكى قوغۇنلار پىشىپ تازا ۋايىغا يېتىپ، يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ.

**ۋەج** ئى ① سەۋەب، مۇددىئا، مەقسەت؛ باھانە: — ئەگەر شەك كەلتۈرىدىغان بولسا، بۇنىڭ ۋەجىنى جامائەت ئالدىدا ئېيتسۇن، — دېدى ئۇ كىشى. ② مال-مۈلۈك، دەپىنە-دۇنيا: ۋەجىگە بېقىپ خەنجەك بولسۇن (ماقال). ★ — نەچچىلىك ۋەجى بار ئىكەن؟ — سورىدى سېكرېتار.

**ۋەدە** ئى. بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن دېيىلگەن قەتئىي سۆز؛ لەۋز: ۋەدىسىدە تۇرماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

مەنداش سۆزى: لەۋز.

**ۋەدىسىز** سۈپ. ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان: ۋەدىسىز ئادەم.

**ۋەسىيەت** ئى. ئۆلگۈچىنىڭ بالا-چاقا ياكى يېقىنلىرىغا ئېيتىپ ياكى يېزىپ قالدۇرغان تاپشۇرۇقى، نەسىھەتى: بوۋاي باللىرىغا:
— بۇندىن كېيىن ھەر قېتىم چاي ئىچكەندە قەنت سالماي ئىچمەڭلەر، بۇ مېنىڭ ۋەسىيىتىم، — دەپتۇ.

**ۋەسىيەت قىلىش** مەرھۇم بالا-چاقا ياكى يېقىنلىرىغا مەلۇم

بىر ئىشنى يېزىپ ياكى ئېيتىپ قالدۇرۇش، تاپشۇرۇش، نەسىھەت قىلىش: ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا قورۇ-جايغا كىچىك ئوغلىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىنى ۋەسىيەت قىلغان.

**ۋەھاكازا** تىر. شۇ قاتارلىق، شۇ قاتارلىقلار، قاتارلىقلار: يەنە شۇ نامۇۋاپىق خىزمەت ئۇسۇلى، بۇلارنى يېپىپ تۇرغىنى زىياپەت، سوۋغات، ۋەھاكازالار.

**ۋەھالەنكى** باغل. تەڭداش، لېكىن قارىمۇقارشى مەنىلىك جۈملىلەرنى باغلاپ، ئالدىنقى جۈملىدىكى ئۇقۇمغا نىسبەتەن كېيىنكى جۈملىدىكى ئۇقۇمدا بولىدىغان بۇرۇلۇشنى بىلدۈرىدۇ.

**ۋەھشىي** سۈپ ① ئىنسانلىق قىياپىتىنى يوقاتقان، ئۆتۈپ كەتكەن زالىم، قانخور: ۋەھشىي ئادەم. ★ — قارا، ئۇ نېمىدېگەن ۋەھشىي-ھە؟ — لېكىن مەن ئۇنى دەسلەپتە كۆرۈپ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. ② يىرتقۇچ، رەھىمسىز: ئەتراپىدا كېيىكلەر ۋە ھەر خىل ۋەھشىي ھايۋانلار ئوتلاپ يۈرگەنىكەن.

مەنىداش سۆزى: ياۋۇز، قەبىھ، رەھىمسىز.

**ۋەھشىيانە** رەۋ. ۋەھشىيلەرگە خاس، ۋەھشىيلەردەك، ۋەھشىيلەرچە: گومىنداڭچىلار ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنى قولىدىن دەرەخكە مىخلاپ ۋەھشىيانە ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىپ قاچقانىكەن.

مەنىداش سۆزى: ۋەھشىيلەرچە، ياۋۇزلارچە، قەبىھلەرچە.

**ۋەھشىيلەرچە** رەۋ. ۋەھشىيلەرگە خاس، ۋەھشىيلەردەك، ۋەھشىيانە: ناتونۇش كىشى ئۇنىڭغا ۋەھشىيلەرچە تىكىلىپ قارىدى.

مەنىداش سۆزى: ۋەھشىيانە، ياۋۇزلارچە، قەبىھلەرچە.

**ۋەھشىيلىشىش** پ. ۋەھشىي ھالەتكە كېلىش، ۋەھشىي بولۇش: دۈشمەن شۇنچىلىك ۋەھشىيلەشتىكى، ئۇچراتقانىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى.

مەنىداش سۆزى: ياۋۇزلىشىش، قەبىھلىشىش.

**ۋەھشىيلىك** ئى. ۋەھشىيانە ھەرىكەت، ۋەھشىيانە قىلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىش: ۋەھشىيلىك كۆچەيگەنسېرى، خەلقنىڭ قولىغا قورال ئالىدىغان كۈنى شۇنچە يېقىنلىشىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ياۋۇزلۇق.

**ۋىجدان** ئى. كىشىنىڭ ئۆز ھەرىكىتى، قىلمىشى، يۈرۈش-تۇرۇشى ھەققىدە جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى؛ ئىنساپ، دىيانەت: ۋىجدان بىلەن ئىش قىلىش. ۋىجدان بىلەن ياشاش.

**ۋىجدانسىز** سۈپ. ۋىجدانى يوق، ۋىجدانى بىلەن ئىش قىلمايدىغان: ۋىجدانسىز ئادەم.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ۋىجدانلىق.

**ۋىجدانسىزلىق** ئى. ۋىجدانى يوقلۇق، ئىش-پائالىيەتتە ھەققانىيەتنى ياقلىماسلىق، نامەردلىك: لېكىن مەن بۇنداق ۋىجدانسىزلىق ئۈچۈن تۆرەلمىگەن ئوخشايمەن.

**ۋىجدانلىق** سۈپ. ۋىجدانى بار، ۋىجدانى بىلەن ئىش قىلىدىغان: ۋىجدانلىق ئادەم.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ۋىجدانلىق.

**ۋىجدانىي** سۈپ. ۋىجدانغا باغلىق بولغان؛ ۋىجدانغا، ئىنساپقا ئائىت: بۇ ئۆزىنى ھەقىقىي ئىنسان دەپ ئاتىغان ھەربىر كىشىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋىجدانىي بۇرچى.

**ۋىجىك** سۈپ. جۈغى كىچىك، بويى دىگەندەك ئۆسمىگەن ھەم ئورۇق: ۋىجىك ئادەم.

**مەنىداش سۆزى:** چىۋەك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بەستلىك.

**ۋىللىدە** رەۋ. يۈزى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، ۋىل قىلىپ، بىردىنلا: گۈلبوستان سادىق دىگەن ئىسمنى ئاڭلاپ قورققاندەك ۋىللىدە قىزاردى. ★ بالا ئەتراپتىكىلەرگە ۋىللىدە بىر كۆلۈپ قويدى-دە، ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

# ئې

**ئېتىبار بېرىش** دىققەت قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش، ئەھمىيەت بېرىش: غالىپنىڭ ئۆيدە قىينچىلىق بولغاچقا، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىپ كىتاب، دەپتەرلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى.

**ئېچىنىش** پ. ئىچ ئاغرىتىش، ئىچى سىيرىلىش: ساۋاقدىشىم ماھىنۇرنىڭ ئاپىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ھالىغا بەكمۇ ئېچىندىم.

**ئېرىش** پ ① ئىسسىش، قىزىش نەتىجىسىدە قاتتىق ھالەتتىن سۇيۇق ھالەتكە ئايلىنىش: يەر-جاھان ئىسسىپ قار-مۇزلار ئېرىدى. ② سۇدا كىچىك كۆرۈنمەيدىغان زەررىچىلەرگە ئايلىنىپ، سۇغا تەكشى تارقىلىش: قەنت سۇدا ئېرىيدۇ. ★ تۇز سۇدا ئېرىيدۇ. ③ كۆچمە. كۆڭلى يۇمشاق، خاپىلىقى كۆتۈرۈلۈپ كېتىش، رەھىمدىل بولۇش: ئۇ بىردىنلا ئېرىپ خۇشخۇي بولۇپ قالدى.

**ئېرىنچەك** ① سۈپ. ئىش خۇشياقماس، ئىشقا خۇشى يوق؛ ھورۇن، يالقاۋ: ئېرىنچەك ئادەم. ② ئى. ئىش خۇشياقمايدىغان، ھورۇن، يالقاۋ ئادەم: ئېرىنچەكنىڭ ئەتىسى تۈگمەس(ماقال).

مەنىداش سۆزى: ھورۇن، يالقاۋ.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تېتىك، جۇشقۇن.

**ئېرىنچەكلىك** ئى. ئىش خۇش ياقماسلىق، ھورۇنلۇق: ئۇ ئاخىرى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشكنى ئاچتى-دە، داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

مەنىداش سۆزى: ھورۇنلۇق، يالقاۋلىق.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: تېتىكلىك، جۇشقۇنلۇق.

**ئېغىر** سۈپ ① ماسسىسى، ۋەزنى چوڭ: ئېغىر يۈك ئارتىلغان ئات-ئۇلاغلار

چىغىر يولدا ئاران كېتىۋاتاتتى. ② كۆپ كۈچ، مېھنەت، بىلىم تەلەپ قىلىدىغان؛ قىيىن، تەس: ۋەزىپىسى ئېغىر. خىزمىتى ئېغىر. ③ كۆچمە. ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان، سالماق: ئوغلۇم ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئېغىر بول. ④ كۆچمە. يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن بولغان، خەۋپلىك، خەتەرلىك: جاراھىتى ئېغىر. ★ ئۇنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر ئىكەن. ⑤ كۆچمە. كەچۈرگۈسىز، ئادەتتىن تاشقىرى: سەن ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىڭنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يېنىك.

**ئېغىر-بېسىق** سۈپ. ئۆزىنى توختاتقان، سالماق، ئاسان چېچىلىپ كەتمەيدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، تەمكىن: دوختۇر ئېغىر-بېسىق ئادەم ئىدى، ئۇ سالماقلىق بىلەن ئوپېراتسىيىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

**مەنداش سۆزى:** سالماق، تەمكىن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئالدىراڭغۇ، ئالدىراقسان.

**ئېغىز** ① ئى. ئاغىز: ئېغىز ئاچماق. ئېغىزىغا بىرنېمە سالماسلىق. ② مق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ ھەربىر خانىسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۈچ ئېغىز ئۆي.

**مەنداش سۆزى:** ئاغىز.

**ئېغىز تېگىش** ئازراق يەپ ياكى ئىچىپ بېقىش، ئازراق يەپ ياكى ئىچىپ كۆرۈش، ئازراق يەپ بېقىش، ئازراق ئىچىپ بېقىش: مەن باغقا كىرىپ، قىپقىزىل پىشقان ئالمىلارغا ئېغىز تەگدىم. ★ گۈللۈك چايخانىدىن ئىسسىق چاي قۇيدى، بىز ئىچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرۇپ مەزىگە ئېغىز تەگدۇق.

**مەنداش سۆزى:** تېتىپ بېقىش، تېتىپ كۆرۈش.

**ئېكەك** ئى. مېتاللارنى ئېكەكلەپ ئۇپرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىرخىل قول سايمىنى. يۈزىگە ئۇششاق بىس چىقىرىلغان بولۇپ، ياپىلاق، ئۈچ بۇلۇڭ، يۇمىلاق، چاسا قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەردە بولىدۇ. چوڭ-كىچىكلىكىمۇ

ئوخشىمايدۇ.

**ئېكەكدەش** پ. ئېكەك سېلىش، ئېكەك سېلىپ ئۇۋۇتۇش، ئېكەكلەش: تۆمۈرنى ئېكەكدەش.

مەنىداش سۆزى: ئېكەكلەش، ئېكەك سېلىش.

**ئېكەكلەش** پ. ئېكەك بىلەن ئۇپرىتىش، ئېكەك سېلىش: ئېكەك مېتاللارنىڭ يۈزىدىكى ئارتۇق يەرلەرنى ئېكەكلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

مەنىداش سۆزى: ئېكەكدەش، ئېكەك سېلىش.

**ئېكسپورت** ئى. چەت ئەللەرگە مال ياكى كاپىتال چىقىرىش ئىشى: ئېكسپورت قىلىش.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئىمپورت.

**ئېكسپورت قىلىش** چەت ئەللەرگە مال ياكى كاپىتال چىقىرىش: بۇ ئېكسپورت قىلىنىدىغانماللاردۇر.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئىمپورت قىلىش.

**ئېھتىرام** ئى. باشقىلارغا قىلىنىدىغان يۈكسەك ھۆرمەت؛ ئىززەت-ئىكرام: ئېھتىرام بىلدۈرۈش.

مەنىداش سۆزى: ھۆرمەت، ئىززەت-ئىكرام.

**ئېھتىيات قىلىش** دىققەت قىلىش، پەخەس بولۇش، ھوشيار بولۇش، ئاۋايلاپ ئىش كۆرۈش: ئاپامنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئورنۇمغا كىرىپلا يېتىۋالدىم.

**ئېھتىياج** ئى. بىرەر نەرسىگە بولغان تەلەپ، ھاجەت؛ زۆرۈرىيەت، موھتاج: بۇ، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى. ★ بىزنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىمىز كۈندىن-كۈنگە ئاشماقتا.

مەنىداش سۆزى: تەلەپ، زۆرۈرىيەت، موھتاج.

# ئى

**ئىپتىخار** ئى ① شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان، پەخىرلەنسە

بولىدىغان ئىش، بىركىم ياكى نەرسە: ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىپتىخارى. ★ ئەگەر بۇ ئادەم ھايات بولغان بولسا زامانىمىزنىڭ ئىپتىخارى ۋە ئەڭ بىلىملىك كىشىلەردىن بىرى بولاتتى.② شان-شەرەپ ھېسسى، شان-شەرەپلىك ھېس، پەخىر، پەخىرلىنىش: مېنىڭ شۇ تاپتا ئوسمان مۇئەللىمگە بولغان ھۆرمەت، ئىپتىخارىم يالقۇنجايتتى.

**مەنىداش سۆزى:** پەخىر، پەخىرلىنىش، ھۆرمەت.

**ئىجاد** ئى. ئىجادىيەت، كەشىپ، كەشپىيات: ئىجاد قىلىش.

**مەنىداش سۆزى:** كەشىپ، ئىجادىيەت، كەشپىيات.

**ئىجاد قىلىش** يېڭى نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، كەشىپ قىلىش: ئۇ يېڭى ناخشا ئىجاد قىلدى.

**مەنىداش سۆزى:** بارلىققا كەلتۈرۈش، ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، كەشىپ قىلىش.

**ئىجازەت** ئى. بىرەر ئىش ئۈچۈن بېرىلگەن رۇخسەت: ئىجازەت بېرىش. ئىجازەت سوراش. ئىجازەت قىلىش. ★ — خوپ بولىدۇ، — ئۇ ھۆرمەت سالىمى بەدىلىگە بېرىلگەن ئىجازەت بىلەن چىقىپ كەتتى.

**ئىجازەت بېرىش** رۇخسەت قىلىش، رۇخسەت بېرىش، ئىجازەت قىلىش، ئۇناش: — بولۇپتۇ، ئون ئىككى ياشلىق بالا ئىكەن، گېپىنى دەۋالسۇن، — دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ پادىشاھ. ★ — بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېجىرىڭ، قايتىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، — دەپ ئىجازەت بەردى گېنېرال.

**مەنىداش سۆزى:** رۇخسەت قىلىش، رۇخسەت بېرىش، ئىجازەت قىلىش، ئۇناش.

**ئىجازەت قىلىش** رۇخسەت قىلىش، بۇيرۇش: مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، مەيلى ئۇ مېنىڭ قىزىم بولسۇن، ئۇنى بېقىپ تەربىيىلەشكە ماڭا ئىجازەت قىلغىن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى. ★ — پادىشاھىم ئىجازەت قىلسىلا، مېنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتىدىغان گېپىم بار ئىدى، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

**مەنىداش سۆزى:** رۇخسەت قىلىش.

www.uyghurkitap.com

**ئىجتىھات** ئى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىش، ئىشتىياق، قىزىقىش؛ تىرىشچانلىق: قانچىلىك ئىجتىھاتىڭ بولسا شۇنچىلىك ساپ، توغرا تۇرمۇش كەچۈرگىن، ھىيلە-مىكىر قىلىشتىن ئۆزۈڭنى ساقلا. ★ لېكىن تاشۋاي، سەندىكى ئاجايىپ بىر ئىجتىھاتنى كۆرمەپتىمەن.

**مەنىداش سۆزى:** بېرىلىش، ئىشتىياق، قىزىقىش؛ تىرىشچانلىق.

**ئىختىيار** ئى. ئۆزلۈكىدىن بولغان، زورلۇق تۈسىنى ئالمىغان، خاھىش، ئىستەك، ئەرك، مەيل: ئاكام ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەربىي سەپكە قاتناشتى.

**ئىخچام** سۈپ. تۈزۈلۈشى، قۇرۇلۇشى يىغىنچاق ھەم جايىدا، تۈزۈلۈشى، قۇرۇلۇشى كېلەڭسىز ۋە چېچىلاڭغۇ ئەمەس، يىغىنچاق، قۇلاي: ئىخچام ئۆي. ئىخچام ماشىنا. ★ بۇ نەرسە ناھايىتى ئىخچام ياسالغانىكەن. ★ سىزنىڭ بۇ ماقالىڭىز ناھايىتى ئىخچام يېزىلىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** يىغىنچاق، قۇلاي.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كېلەڭسىز، قوپال.

**ئىدارە** ئى ① بەلگىلىك تەرتىپتە باشقۇرۇش، يولغا سېلىش: دۆلەتنى ئىدارە قىلىش. گۇرۇپپىنى ئىدارە قىلىش. ② مەلۇم بىر ئىجتىمائىي دۆلەت، مەمۇرىيەت، سودا ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تارماقلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن شتاتلىق خادىملىرى بولغان تەشكىلات، مۇئەسسەسە: مائارىپ ئىدارىسى. ئىدارىدە ئىشلىمەك.

**ئىرادە** ئى ① بىرەر مەقسەت، نىشان ۋە ئىش-ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىشىدە بولىدىغان غەيرەت، مەۋقە، قەتئىيلىك: ئىرادە باغلىماق. ئىرادە تىكلىمەك. ئىرادە تۇرغۇزماق. ② خاھىش، ئىختىيار؛ قەتئىي نىيەت: راست گەپنى قىلغاندا، بۇ ئىش مېنىڭ ئىرادەمگە قارشى.

**مەنىداش سۆزى:** غەيرەت، مەۋقە، قەتئىيلىك؛ خاھىش، ئىپتىخار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئىرادە باغلاش** بىر قارارغا كېلىش، قەتئىي نىيەتكە كېلىش ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىش: كېيىن، ئۇ ئالىي مەكتەپكە كىرىشكە بەل باغلىدى.

**ئىرادىسىز** سۈپ. ئىرادىسى يوق ياكى سۇس، ئىرادىسى بوش، ئىرادىسى يوق ياكى كۈچلۈك بولمىغان: ئىرادىسىز ئادەم.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئىرادىلىك.**

**ئىرادىلىك** سۈپ. ئىرادىسى بار، ئىرادىسى كۈچلۈك: بارلىق ئىرادىلىك كىشىلەرگە ئوخشاش، ئۇ ھەممىنى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئىرادىسىز.**

**ئىرغىش** پ. سىلكىنىش، سەكرەش، پىرقىرىتىپ تاشلاش، چۆرۈپ تاشلاش: قادىر بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى.

**ئىزنا** ئى. ئىز، بەلگە: بۇ تاشتا نەچچە مىليون يىل بۇرۇن ياشىغان جانلىقلارنىڭ ئىزناسى بار ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى: ئىز، بەلگە.**

**ئىستون** ئى. گېزىت-ژۇرنال قاتارلىقلار سەھىپىسىنىڭ ھەربىر بۆلىكى: «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ ھەربىر بېتى ئىككى ئىستون قىلىپ ياسالدى.

**ئىسكىلىت** ئى. ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەدەننى تىرەپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان سۆڭەكلەر جازىسى: ئادەم بەدىنىدىكى سۆڭەك جازىسى ئىسكىلىت دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئىش** ئى ① ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى يارىتىش مۇددىئاسىدا ئېلىپ بېرىلغان بارلىق پائالىيەت، ئىجابىي ئەمگەك، مېھنەت ياكى مەشغۇلات، خىزمەت: ئەمەلىي ئىش. ئىلمىي ئىش، ئۆي ئىشى. ئىش كۈنى. ئىش ھەققى. ئىشتىن قېلىش. ★ ئىش ئادەمگە باغلىق(ماقال). ② تاپشۇرۇق، ۋەزىپە: ئىشقا بۇيرۇماق. ③

مېھنەت نەتىجىسىدە يارىتىلغان نەرسە، مەھسۇلات ۋە شۇ قاتارلىقلار: ئىش ئەۋرىشكىسى. ④ پائالىيەت، مېھنەت، مەشغۇلات ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرەر ساھەسى؛ كەسىپ، ھۈنەر: سۇچىلىق ئىشلىرى. مىللىي ئىشلار.

**ئىشىنىڭ تېگى** ئىشنىڭ جەريانى، ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى: بۇ ئىشنىڭ تېگىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

**ئىشتىياق** ئى. بىرەر ئىش ياكى بىرەر نەرسىگە بولغان زور قىزىقىش، زوق، ھەۋەس: ئىپارگۇل باغ ئارىسىدىكى بىر پۈك بوش يەرگە ئىشتىياق بىلەن گۈل ئۆستۈرۈپ، ھويلا ئىچىنى چوغدەك قىزارتتى. ★ ئىلىم-پەنگە چىن دىلدىن باغلاپ ئوتلۇق ئىشتىياق. زىننەتلەيمەن قەلبىمنى، چېچىپ گۈلدەك خۇش پۇراق.

**مەنداش سۆزى:** قىزىقىش، زوق، ھەۋەس.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىزارلىق.

**ئىقتىدار** ئى. قابىلىيەت، ماھارەت: ئۇ كۆپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق بىلەك ۋە پۇت مۇسكۇللىرىنى چېنىقتۇرۇپ، چامباشچىلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈردى.

**ئىلمان** سۈپ ① ئىللىق ئۆتكەن، ئىسسىق ئۆتكەن، بىر ئاز ئىسسىغان، ئىللىق: ئىلمان سۇ. ② كۆچمە. كىشىگە، بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە تۇتقان مۇئامىلىسى، كۆزقارىشى، چۈشەنچىسى ئارىدا، ئوتتۇرىدا بولغان، بولىدىغان ياكى ئۇ تەرەپكىمۇ مايىل بولمايدىغان، ئوتتۇرا يول تۇتىدىغان: گۈلشاتنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ھامان «ئىلمان» بولۇپ كەلدى.

**ئىلمە** سۈپ. ئادەتتە قولدا ئىشلىتىدىغان، ئىلمەكلىك چوكا ياكى ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىلمىپ توقۇلىدىغان، ئىلىش يولى بىلەن ئىشلىنىدىغان: ئىلمە توقۇلما.

**ئىلمە توقۇلما** ئىلىپ توقۇلىدىغان ياكى توقۇلغان رەخت ۋە كىيىملەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئىلھام (ئىلھامى)** ئى ① كۆتۈرەڭگۈ ئىجادىي روھ، ئىجادىي

غەيرەت ۋە زوق جۇش ئۇرغان ھالەت: ئىلھام بېرىش. ئىلھام بىلەن ئىشلەش. ② مەدەت، رىغبەت؛ زوق: لۈتپۇللا ئۇنىڭدىن بىگى پىكىر، بىگى ئىلھام ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەنداش سۆزى:** مەدەت، رىغبەت، زوق.

**ئىلھام بېرىش** رىغبەتلەندۈرۈش، ئىلھاملاندۇرۇش، مەدەت بېرىش: مەن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم ۋە باللارغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن «قىزىل بايراق شەرەپ تاختىسى» تەييارلىدىم.

**مەنداش سۆزى:** رىغبەتلەندۈرۈش، ئىلھاملاندۇرۇش، مەدەت بېرىش، زوقلاندۇرۇش.

**ئىلىك ئېلىش** توغرا تېپىش، قوبۇل قىلىش، ئېتىراپ قىلىش: ئاتا-بالا قولنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئېگىلگەن ھالدا بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ★ سەلىمە چوڭ-كىچىك ئىشلاردا قادىر بىلەن مەسلىھەت سىلىشىدۇ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىلىك ئالىدۇ.

**مەنداش سۆزى:** توغرا تېپىش، قوبۇل قىلىش، ئېتىراپ قىلىش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىنكار قىلىش، رەت قىلىش، توغرا تاپماسلىق، قوبۇل قىلماسلىق، ئېتىراپ قىلماسلىق.

**ئىمان (ئىمانى)** ئى ① ئىسلام دىنىدا ئاللاغا، ئاللانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە بولغان ئىشەنچ، ئېتىقاد، سېغىنىش: ئىمان ئېيتىش. ئىمان كەلتۈرۈش. ② ۋىجدان: سەن بۇ ئىشقا ئىمانىڭ بىلەن كېپىل بول!

**ئىنئام (ئىنئامى)** ئى. بىرەر تەشكىلات، كوللېكتىپ ياكى شەخس تەرىپىدىن بېرىلگەن سوۋغا، ھەدىيە: جەڭچىلەرنىڭ بىر ئېغىزدىن تەستىقلىشى ئارقىلىق ئارسلان ئالاھىدە ئىنئامغا ئېرىشتى.

**مەنداش سۆزى:** سوۋغا، ھەدىيە، تارتۇق، مۇكاپات.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** جەرىمانە، تۆلەم.

**ئىندىن** ئى. ئۆگۈندىن كېيىنكى، چىندىندىن بۇرۇنقى كۈن.

**ئىندىنلىق** سۈپ. ئىندىن كۈن: ئۇ ئىندىنلىققا كېلىدۇ. ★ بىز ئىندىنلىققا يولغا چىقىمىز.

**ئىنسان (ئىنسانى)** ئى. ئادەم، كىشى: ئىنسان بالىسى. ★ دۇنيادا ناخشا ئېيتمىغان ۋە ئۇنى چىن يۈرىكىدىن سۆيۈپ ئاڭلىمىغان بىرەر ئىنسان بارمىكىن؟ ★ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاق ئىنساننىڭ جىسمانىي ئەيىبلىرىنىمۇ ياپىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ئادەم، كىشى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھايۋان.

**ئىنسانپەرۋەر** سۈپ. ئىنسان مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان، ئىنسانلار مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان، ئىنسانلارنى سۆيىدىغان: ئىنسانپەرۋەر ئادەم. ★ كانادالىق بېتيون ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر دوختۇر ئىدى.

## ي

**يادىڭغۇ** سۈپ. ياداپ كەتكەن، ئورۇقلاپ كەتكەن، ئورۇق، جۈدەڭ: ئۇنىڭ يادىڭغۇ، قانسىز چىرايىدىن ئۇزۇن يىل دەرد تارتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

**مەنىداش سۆزى:** جۈدەڭ، ئاۋاق، ئورۇق، قوتۇر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سېمىز.

**يار (يارى)** ئى. تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن شەكىللەنگەن ئىنتايىن تىك چوڭقۇرلۇق، ياردالڭ، قىيا: يار ئېلىپ كېتىش. ★ بىتەلەيگە سۇ كەلسە، ئاللاكۇدىن يار ئاپتۇ (ماقال).

**مەنىداش سۆزى:** ياردالڭ، قىيا.

**يارامىلىق** سۈپ. مۇئەييەن تەلەپكە جاۋاب بېرەلەيدىغان، بىرەر نەرسىگە ياكى بىرەر مەقسەتكە ئىشلەتسە بولىدىغان، يارايدىغان: يارامىلىق ئادەم. يارامىلىق ماتېرىيال. ★ — بۇ خېلى يارامىلىق ئات ئىكەن، ئېلىپ قالايلى، — دېدى دادام.

www.uyghurkitap.com

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يارامسىز، كارغا كەلمەيدىغان براك.

**يار-بۇرادەر** يار ۋە بۇرادەر، دوست: ئۇنىڭ يار-بۇرادەرلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

**مەنىداش سۆزى:** دوست.

**يارلىق** ئى. پادىشاھنىڭ بىركىمگە ئەمەل، ئۇنۋان ۋە شۇ قاتارلىقلارنى بەرگەنلىكى ياكى بىرەر ئىشنى ئورۇنداش توغرىسىدىكى رەسمىي ئۇقتۇرۇش؛ پەرمان: پادىشاھ ئادىتى بويىچە ئىنئام بەرسە يارلىقنى ئۆزى يېزىپ، پېچەتلەپ، ئۇنى ئېلىپ بارىدىغان جايىنى ئېيتىپ بېرىدىكەن.

**يار-يۆلەك** يۆلەنچۈك، تايانچ، ئىگە، تىرەك: يار-يۆلەك بولۇش. ★ بىز نامراتلارغا يار-يۆلەك بولىمىز.

**مەنىداش سۆزى:** يۆلەنچۈك، تايانچ، ئىگە، تىرەك.

**ياز** ئى. تۆت پەسىلنىڭ ئىككىنچىسى، ئەتىيازدىن كېيىنكى، كۈزنىڭ ئالدىدىكى پەسىل. مىلادىيە بويىچە تەخمىنەن 5-مايدىن 6-ئاۋغۇستقىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** قىش.

**يازغۇچى** ئى ① يېزىش ئىشىنى ئورۇنلىغۇچى كىشى: بۇنى يازغۇچى سىزمۇ؟ ★ بۇ خەتنى يازغۇچى كىم؟ ② بەدىئىي ئەسەر يېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ ئەدىب: مەن يازغۇچى بولۇش مەقسىتىدە رومان يازغان ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈشتىكى ھايات مېنى قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان.

**مەنىداش سۆزى:** ئاپتور، ئەدىب.

**يازغى** ① سۈپ. يازدا بولىدىغان، يازلىق: يازغى بۇغداي. يازغى يۇڭ. ② ئى. بۇغدايىنىڭ ئەتىيازدا تېرىلىپ، يازدا پىشىدىغان بىر خىلى: جىمساردا بۇ يىل يازغىدىن مول ھوسۇل ئېلىنىدى.

**مەنىداش سۆزى:** كۈزگى.

**يازلاش** پ. بىرەر جايدا يازنى ئۆتكۈزۈش، يازدا بىرەر جايدا تۇرۇپ قىلىش: مەن بۇ يىل تۇرپاندا يازلاشنى نىيەت قىلدىم.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قىشلاش.

**يازلىق** سۈپ ① يازغا خاس، ياز ئۇچۇن بەلگىلەنگەن، يازغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان، يازغى: يازلىق تەتىل. يازلىق ساراي. يازلىق كىيىم. يازلىق بەسەي. ② يازدا تېرىلىدىغان، يازدا پىشىدىغان ھەم يازدا يىغىۋېلىنىدىغان: يازلىق ئاشلىق. يازلىق مەھسۇلات. يازلىق مېۋە.

**مەنىداش سۆزى:** يازغى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قىشلىق.

**يازما** ① سۈپ. يېزىق، خەت ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ياكى ئىپادىلىنىدىغان، يېزىلغان: يازما پىكىر. يازما ئىمتىھان. ② ئى. يېزىق، خەت ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن نەرسە: مۇبارەك ئۇشبۇ يازماڭنى زەپەر يادنامىسى دېمۇ؟

**يازىچە** رەۋ. ياز مەزگىلىدە، ياز داۋامىدا، ياز بويى: يازىچە باغلاردا چۇرۇقلاشقان چۆجە خورازلار ئەمدى شوخلۇق بىلەن مېكىيان چاقىرىدىغان بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** ياز بويى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قىشىچە.

**ياسالما** سۈپ ① قولدا ياسالغان، تەبىئىي، ئۆز ئەينى ئەمەس، سۈنئىي، ياسىما: ياسالما چاچ. ياسالما پۇت. ★ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە بىرخىل ياسالما مۇلايىملىق بىلەن قاراپ چىقتى. ② ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياسالغان: ياسالما سۆز.

**مەنىداش سۆزى:** سۈنئىي، ياسىما.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تەبىئىي.

**ياسانچۇق** ئى. دائىم ياسىنىدىغان، ياسىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم: كىيىنىپ پەرۋانە بولماس، ياسانچۇق مەردانە بولماس (ماقال).

**ياسانچۇقلۇق** ئى. دائىم ياسىنىش، ياسىنىشنى ياخشى كۆرۈش، ياسىنىپ يۈرۈش ئادىتى: ياسانچۇقلۇق قىلىش.

**ياستۇق** ئى. ئىچىگە ماموق، توزغاق قاتارلىق يۇمشاق نەرسە سېلىنىپ تەييارلانغان، ياتقاندا باش ئاستىغا قويۇلىدىغان تۆت بۇرجەكلىك بۇيۇم: باشقا ياستۇق قويۇش.

**مەنىداش سۆزى:** تەكىيە.

**ياسىنىش** پ. ئۆزىنى ئۆزى تۈزەشتۈرۈش، ياساش، چىرايلىق كىيىنىش: مەلىكە ھەر كۈنى كېچىسى ئەل ئۇخلىغاندىن كېيىن، راسا ياسىنىپ ھېلىقى يول بىلەن ساراي تەرەپكە كېتىپ قاپتۇ.

**ياشاش** پ. ھايات كەچۈرۈش، ھايات تۇرۇش، جان تېپىش، تىرىكچىلىك قىلىش: موماي مۇشۇ جاڭگالدا ياشايدىغان سېھىرگەر موماي بولۇپ، قىزنىڭ ھالىغا ئىچىنىپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ھايات كەچۈرۈش، ھايات تۇرۇش.

**ياش-قۇرام** ياش ۋە قۇرام، يەنى ئۆمۈرنىڭ مەلۇم چەككە يەتكەن مەزگىلى، پەيتى: ئابدۇللا ئىسمىلىك بۇ ئادەمنىڭ ياش-قۇرامى مەندىن سەللا چوڭ ئىدى. ★ — ئادەمنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى يالغۇز ياش-قۇرامى بىلەنلا ئەمەس، بىلىم بىلەنمۇ ئۆلچىنىدۇ، — دېدى ئۇ.

**مەنىداش سۆزى:** ياش، قۇرام.

**ياقاش** پ. يۇيۇلغان نەرسىنى پاكىز سۇ بىلەن، ياكى پاكىز سۇغا چىلاپ، ياكى ئۈستىدىن پاكىز سۇ قۇيۇپ تازىلاش: كىر ياقاش.

**مەنىداش سۆزى:** چايقاش، يۇيۇش.

**ياقتۇرۇش** پ. ماس، مۇناسىپ، باب دەپ ئويلاش، ماقۇل كۆرۈش، يارىتىش، ياخشى كۆرۈش: موماي قىزنىڭ ھالىغا ئىچىنىپتۇ، قىزنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: — قىزىم، مەن ساڭا ياردەم بېرىمەن، — دەپتۇ.

**مەنىداش سۆزى:** يارىتىش، ياخشى كۆرۈش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۆچ كۆرۈش، يامان كۆرۈش.

**ياقۇتلۇق** پ. ياقۇتى بار، ياقۇت ئورنىتىلغان: ئانام تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئۈزۈكنى ئېلىپ بارمىقىغا سالدى-دە، كېيىن ئۆزىنىڭ ئاق ياقۇتلۇق ئۈزۈكنى چىقاردى.

**ياكى** باغل. سۆز، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە جۈملىلەرنى بىر-بىرى بىلەن باغلايدىغان تاللاش باغلىغۇچىسى: سىز ئۇ يەرگە پويىز بىلەن بارامسىز ياكى ئايروپىلان بىلەن بارامسىز؟ ★ غەيرەت گەپ تاپالمىدىمۇ ياكى قايىل بولدىمۇ بىلمىدىم، جىم بولۇپ قالدى.

**ياڭراش** پ. ئۈنلۈك، جاراڭلىق چىقىش، جاراڭلىق ئاڭلىنىش، جاراڭلاش: زال ئىچىدە بالىلارنىڭ ناخشا ئاۋازى ياڭرىدى.

**مەنداش سۆزى:** جاراڭلاش.

**ياڭراق** سۈپ. ياڭراپ تۇرىدىغان، جاراڭلاپ تۇرىدىغان؛ جاراڭلىق، ئۈنلۈك: ياڭراق ئاۋاز. ياڭراق سادا.

**مەنداش سۆزى:** جاراڭلىق، ئۈنلۈك.

**ياغاچ** ئى. دەرەخنىڭ، شۇنىڭدەك قۇرۇغان ۋە كېسىلگەن دەرەخنىڭ پوست ۋە يوپۇرمىقىدىن باشقا قىسمى: تېرەك ياغىچى. ياڭاق ياغىچى.

**ياغاچچى** ئى. ياغاچتىن ھەر خىل نەرسىلەرنى ياسايدىغان ئۇستا: ئۇ ئوغلىنى مەھەللىدىكى ياغاچچىغا شاگىرتلىققا بەردى.

**ياغاچچىلىق** ئى. ياغاچتىن ھەر خىل سايمان ۋە جابدۇقلارنى ياساش ۋە ئۇلارنى رېمونت قىلىش ئىشى، كەسپى: ئۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ياغاچچىلىق قىلىپ داڭ چىقاردى.

**ياغسىراش** پ. ئۆزىدىكى ياغ ياكى ياغ تەركىبى كېمىيىپ كېتىش، ياغسىزلىقتىن ياغقا ئېھتىياجى چۈشۈش، ياغ تەلەپ قىلىش: ھارۋىنىڭ چاقى ياغسىراپتۇ.

**ياغلاش** پ. ياغ سۈركەش، ياغ بېرىش، ياغ قۇيۇش: ھارۋىنىڭ چاقىنى ياغلاش. ۋېلسىپىتنىڭ زەنجىرىنى ياغلاش. ★ بۇ كىتابقا كېسەل ئادەمنى ياغلاش، دورا سۈركەش، مەلھەم چاپلاش، ھەممەلچە ئۇسۇللىرىمۇ يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەنىداش سۆزى: باغ بېرىش.

**ياغلامچى** ئى. چىرايلىق، سىلىق سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى ئالدىغۇچى؛ خۇشامەتچى.

مەنىداش سۆزى: خۇشامەتچى.

**ياغلامچىلىق** ئى. چىرايلىق، سىلىق سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى ئالدىغان قىلىق، ئىش؛ خۇشامەتچىلىك، ئالدامچىلىق: ياغلامچىلىق قىلىش.

مەنىداش سۆزى: خۇشامەتچىلىك، ئالدامچىلىق.

**ياغلىشاڭغۇ** سۈپ. ياغ يۇققان، ياغلاشقان، ياغلىشىپ كەتكەن: ئۇ كونىراپ كەتكەن ياغلىشاڭغۇ شاپاق دوپپىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىدى.

مەنىداش سۆزى: ياغلاشقان.

**ياغلىما** سۈپ. چىرايلىق، سىلىق ئېيتىلغان، ئەمما چىن، سەمىمىي ئەمەس: ياغلىما گەپ. ياغلىما تىل.

**ياقىلاش** پ. تام، يول، دەريا، ئۆستەڭ قاتارلىقلارنى بويلاپ مېڭىش، يۈرۈش: سۇ ياقىلاش. دەريا ياقىلاش. ★ تام ياقىلىساڭ تام باسار (ماقال).

مەنىداش سۆزى: بويلاش.

**يالتىراش** پ. پارقىراش، چاقناش، ۋالىلداش؛ نۇر چېچىش، نۇرلىنىش: ياسىنىش سۆزى ئاياغلىششى بىلەن تەڭ، ئەگگۈشتەردىن ۋال-ۋال قىلىپ بىر نۇر يورۇغاندەك يالتىراپ كېتىپتۇ.

مەنىداش سۆزى: ۋالىلداش، چاقناش، پارقىراش.

**يالغۇز** ① سۈپ. شېرىكى يوق، بىر ئۆزى، يەككە، تەنها، يېگانە: يالغۇز ئادەم. يالغۇز ئوغۇل. ★ ئۇ، ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۆيىنىڭ ئىچىگە قارىسا، بىر موماي يالغۇز ئولتۇرغانىكەن. ② يۈك. «پەقەت، پەقەتلا، بىرغىنا، بىرلا» دېگەن مەنىلەردە چەكلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: ئىشقا بارىدىغانلار ئىشقا كەتتى، مەكتەپكە بارىدىغىنى مەكتەپكە ماڭدى،ئۆيدە يالغۇز ئاسگۈللا قالدى.

مەنىداش سۆزى: تەنها، يېگانە؛ پەقەت، پەقەتلا؛ بىرغىنا.

**يالماۋۇز** ئى. رىۋايەت، چۆچەكلەردىكى ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى يەۋېتىدىغان ئەپسانىۋى مەخلۇق: يەتتە باشلىق يالماۋۇز.

**يامغۇر-يېشىن** ئى. يامغۇر قاتارلىق ئاسماندىن چۈشۈپ سۇ ھاسىل قىلىدىغان تەبىئىي نەملىك: ئۇ شامال ۋە يامغۇر-يېشىنلاردىن قورقمايدۇ. ★ بۇ يىل يامغۇر-يېشىن كۆپ بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** يېشىن.

**يايراش** پ. شادلىنىش، قىن-قىنىغا سىغماسلىق، خۇشال بولۇش: كۆڭلى يايراش. ★ موماينىڭ جېنى يايراپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

**مەنىداش سۆزى:** شادلىنىش، خۇشال بولۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەيۈسلىنىش.

**يەم-خەشەك** ئى. مال-ۋارانلار ئۈچۈن بوغۇز، ئوت-چۆپ، ئالاھىدە تەييارلانغان ئوزۇقلۇق: فېرمىدىكى ماللار ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ قىشلىق يەم-خەشەكلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تەييارلىۋالدۇق.

**يەر** ئى ① قۇياش سىستېمىسىدا 3-ئورۇندا تۇرىدىغان پلانېتا: يەر شارى. يەر يۈزى. ② شۇ پلانېتا تەركىبىدىكى قۇرۇقلۇق قىسمى: يەر پلانېتانىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ③ پلانېتانىڭ سىرتقى قاتلىمى؛ پوستى: يەر قاتلىمى. يەر بايلىقى. ★ يەر كىشىنى يەيدۇ، كىشى يەرنى يەيدۇ(ماقال). ★ ئەرنىڭ ئېرى بار، يەرنىڭ يېرى بار(ماقال). ④ نەرسىلەر تۇرغان، جانلىقلار ياشاۋاتقان جاي؛ ئورۇن، ماكان: يەرگە پالاس سالماق.

**يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى** يەر شارى ۋە يەر شارى ئەتراپىدىكى جىسىملارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى يەرگە قارىتا تارتىدىغان بىرخىل كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ كۈچ يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى دەپ ئاتىلىدۇ.

**يوق** سۈپ ① مەۋجۇت ئەمەس، بارنىڭ ئەكسى: ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق، ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق(ماقال). ② بەزى جۈملىدە ئىنكار (ياق، ئەمەس)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ: بۇ سۆز گۈلشەننىڭ ئاغزىدىن بىرىنچى قېتىم چىقىۋاتقىنى يوق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بار، مەۋجۇت.

**يوقسۇ** باغل. ياق، ئۇنداق ئەمەس: — يوقسۇ، ئۇلار بىرنەچچە كۈن بولدى كېچىسى ئۇخلىمايدۇ، — دېدى ئۇ.

**يول خەت** ئى ① سەپەر، سەيلە-ساياھەت، توغقان يوقلاش قاتارلىق مەقسەتلەر بىلەن بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بېرىشتا، يول ئۈستىدىكى ئىشلارنىڭ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورگاندىن يېزىپ بەرگەن ئىسپات خېتى. ② پويىز ئىستانسىسىنىڭ پويىزنىڭ يۈرۈشى توغرىسىدا يېزىپ بەرگەن ئىجازەتنامىسى: پويىز ۋوگزالغا كىرگەندىن كېيىن، يول خېتى بولمىسا، قاتنىيالمايدۇ.

**يولۇقۇش** پ. دۇچ كېلىش، ئۇچراش؛ مۇپتىلا بولۇش، گىرىپتار بولۇش: يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار (ماقال).

**يۇقۇندى** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئاستىغا يېپىشىپ قالغان قالدۇق؛ سارقىندى: ئۆيىمىزنىڭ تاماق جوزىلىرىغا دائىم ماي يۇقۇندىلىرى چاپلىشىپ قالىدۇ.

**يۇقىرى** ① ئى. مەلۇم بىرنەرسىنىڭ باش تەرىپى، بېشى: ئۆستەڭنىڭ يۇقىرىسى. ② سۈپ. مەلۇم بىرنەرسىنىڭ باش تەرىپى بولغان: ئۆستەڭنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر ئېگىز تاغ بولۇپ، ئالۋاستى تېغى دەپ ئاتىلىدىكەن. ③ سۈپ. باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئارتۇق، ئەلا: يۇقىرى نەتىجە، يۇقىرى باھا. يۇقىرى مەكتەپ. يۇقىرى سىنىپ. يۇقىرى بېسىم. ④ ئى. ئۆينىڭ ئىشىكىگە، پەگاھقا نىسبەتەن قارىمۇقارشى تەرەپتىكى جاي، تۆر: بەگ بالىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، موللا زەيدىننى ھۆرمەت بىلەن يۇقىرى ئۆتكۈزدى. ⑤ ئى. يېتەكچى تەشكىلات، رەھبىري ئورگان: — سىز ئۇنداق بىمەنە گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەي، خەلقنىڭ

تەلەپ-ئارزۇلىرىنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈشىڭىز كېرەك ئىدى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.
⑥ ئى. ئالدىنقى، ئۆتكەنكى، بۇرۇنقى: ئۇ خەتنى چىقىرىپ، يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ بەردى.

**مەنىداش سۆزى:** ئۆرە، ئېگىز، يۇكسەك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پەس، تۆۋەن.

**يۇمران** سۈپ. ئۆسۈۋاتقان، بىخ ھالەتتىكى؛ قاتمىغان، يۇمشاق، نازۇك: يۇمران كۆچەت. يۇمران مايسا.

**مەنىداش سۆزى:** يۇمشاق، ياش، نازۇك، قاتمىغان، قېتىشمىغان.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قاتتىق، قاتقان، قېرى، قېرىغان.

**يۆنىلىش** پ. بىرەر ياققا قاراپ يۈرۈش قىلىش، مېڭىش ياكى بىر ياققا يۈزلىنىش: سۇدا لەيلەيدىغان جىسىملار يۇقىرىغا يۆنەلگەن كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بۇ كۈچ سۇنىڭ لەيلىتىش كۈچى بولىدۇ.

**يۈرەك** ئى ① ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىدىكى قان سۈيۈقلۇقىنىڭ ئايلىنىشىنى يۈرۈشتۈرىدىغان ئورگان. ئادەملەرنىڭ يۈرىكى كۆكرەك بوشلۇقىنىڭ مەركىزىدىن سەل سولغىراق جايلاشقان بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى شۇ كىشىنىڭ مۇشتىچىلىك كېلىدۇ. شەكلى شاپتۇلغا ئوخشايدۇ. ② كۆچمە. نەرسىلەرنىڭ مەركىزىي قىسمى، مەركىزى: بېيجىڭ — ۋەتىنىمىزنىڭ يۈرىكى. ③ كۆچمە. كۆڭۈل، قەلب: يۈرەك ئازابى. يۈرىكىنى ئاغرىتماق. يۈرىكىگە ئازار بەرمەك. ④ كۆچمە. جۈرئەت، غەيرەت، جاسارەت: تاغ يۈرەك. يۈرىكى پۈتۈن. يۈرىكى چوڭ. يۈرىكى قاپتەك.

**مەنىداش سۆزى:** دىل، كۆڭۈل، قەلب.

**يۈرىكى ئويناپ كېتىش** كۆڭلىدە ئىنتايىن خۇشال بولۇش، ھاياجانلىنىش: مەن دوستۇم رەھمەجاننى كۆرۈپ يۈرىكىم ئويناپ كەتتى.

**يۈز** I سان. ئوننىڭ ئون قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان

www.uyghurkitap.com



ياكى 99غا 1 قوشۇلغان سان، يەنى «100» رەقىمى ۋە مۇشۇ رەقەم بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سان، مىقدار: يۈز ئوقۇغۇچى. يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا (ماقال). ★ ئۇلارنىڭ سېپىدا جەڭ كۆڭلىرى ھەربىرى يۈز دۈشمەنگە تېتىغۇدەك ئەزىمەتلەردىن خېلىلا بار.

**يۈز** Ⅱ ئى ① ئادەم بېشىنىڭ كۆز، بۇرۇن، ئېغىز قاتارلىق ئەزالىرى ئورۇنلاشقان تەرىپى، ئالدى تەرىپى، باشنىڭ ئالدى تەرەپتىن كۆرۈنگەن قىسمى: ئۇ ھەر كۈنى ئاشۇ بۇلاق سۈيىدە يۈزىنى يۇيىدىكەن. ② كۆچمە. ئابرۇي، ئىناۋەت، ھۆرمەت؛ ئىززەت: — ساڭا يۈز كېرەك ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا مەلۇم قىلمايسەن، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ. ③ قىياپەت، كۆرۈنۈش، ئومۇمەن كۆرگىلى بولىدىغان چىراي تۇرق، گەۋدە، جىسىم: ئادەمنىڭ يۈزىگە قارىما، سۆزىگە قارا (ماقال). ④ كۆرسىتىلگەن شەخسنىڭ دەل ئۆزى ياكى دەل ئۆزى بار بولغان نەق مەيدان: گەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە ياخشى (ماقال). ⑤ بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى، ئۈستى: يەر يۈزى. ★ ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار (ماقال). ⑥ تەكشىلىك ياكى مەلۇم ماددىلارنىڭ سىرتىنىڭ كۆلىمى، دائىرىسى، چوڭ-كىچىكلىكى: چەمبەرنىڭ يۈزى.

**يۈز بېرىش** سادىر بولۇش، پەيدا بولۇش، كۆرۈلۈش: نيۇتون كىچىكىدىن تارتىپلا مېڭە ئىشلىتىشكە ئامراق بولۇپ، ئەتراپتا يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆزىتىشكە ماھىر ئىدى.

**مەنىداش سۆزى:** سادىر بولۇش، پەيدا بولۇش، كۆرۈلۈش.

**يۈزە** سۈپ. چوڭقۇر ئەمەس، تېيىز؛ ئاددىي، ئادەتتىكى: سەن ئاشۇنداق يۈزە قاراش بىلەن كىشلەرنى ناھەق قارىلىما. ★ سىزنىڭ ياخشى ئىشلىگەن تەرىپىڭىزمۇ، يۈزە ئىشلەپ قويغان تەرىپىڭىزمۇ بار.

**مەنىداش سۆزى:** ئاددىي، ئادەتتىكى، چولتا.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چوڭقۇر، ئىنچىكە، پۇختا.

**يۈزەكى** سۈپ. چوڭقۇر، ئەتراپلىق بولمىغان، ئادەتتىكى، ئاددىي: مەن ئۇنى ئاشۇنداق يۈزەكى قاراش بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە كەمسىتىپ

بۇردۇم.

**مەنداش سۆزى:** ئادەتتىكى، ئاددىي.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چوڭقۇر، ئەتراپلىق.

**يۈكسىلىش** پ. يۇقىرىلاش، يۇقىرى دەرىجىگە يېتىش، يۇقىرى ئۆرلەش، ئالغا ئىلگىرىلەش، راۋاجلىنىش: بىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىمىز كۈندىن-كۈنگە يۈكسىلىۋاتىدۇ.

**يېپىش** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ يۈز قىسمىنى، تاشقى كۆرۈنۈشىنى، قىياپىتىنى توسۇش، بىرەر نەرسە بىلەن قاپلاش، ئېتىش: قىز قوللىرى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى ياپقىنىچە ياتاققا كىرىپ كەتتى. ② ئوچۇق تۇرغان نەرسىنىڭ ئۈستىنى ئېتىش، قاپلاش، ئوراش، چۈمكەش: ئۇ كۆكتات شۆپۈكلىرىنى پالاس بىلەن ياپتى. ③ يوشۇرۇش: گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاق ئىنساننىڭ جىسمانىي ئەيىبلىرىنىمۇ ياپىدۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئېچىش.

**يېتىلەش** پ ① ئەگەشتۇرۇپ مېڭىش، چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىش: موماي جاڭگاللىقتىن سېرىق ئات قوشۇلغان بىر ھارۋىنى يېتىلەپ چىقىپتۇ-دە، قىزنى ئۇنىڭغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ② يېنىدا بىللە ئېلىپ يېقىن ئەگەشتۇرۇپ يۈرۈش: گۈلمخان نەۋرىسىنى يېتىلەپ يېتىپ كەلدى. ③ كۆچمە. باشلاش، يېتەكلەش: — بىزنى يېتىلەپ كېتىپ بارغان ئەنە شۇ غايە، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

**يېزىش** پ. قەغەز ياكى باشقا نەرسە يۈزىگە ھەرپ، رەقەم قاتارلىق بەلگىلەرنى چۈشۈرۈش، يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەش: خەت يېزىش. ھېكايە يېزىش.

**يېقىش** I پ ① تۇتاشتۇرۇش (ئوت تۇتاشتۇرۇش): تونۇرغا ئوت يېقىش. كۈجە يېقىش. ★ مالنى تاپقان باقسۇن، ئوتۇننى چاپقان ياقسۇن (ماقال). ② نۇر، يالقۇن، يورۇقلۇق ھاسىل قىلىش، يورۇتۇش، ياندۇرۇش: گۈلخان يېقىش. چىراغ يېقىش. شام يېقىش.

**يېقىش** II پ ① دىلغا، خاھىشىغا ماس، مۇناسىپ، باب، خوپ

كېلىش، ماقۇل كۆرۈش، ياراش؛ مىجەزىگە خىل كېلىش، توغرا كېلىش: ئەلگە ياققان خار بولماس(ماقال). ② پايدا قىلىش، خىل كېلىش: بۇ دورا ماڭا ياقتى.

**مەنداش سۆزى:** ياراش، ماقۇل كۆرۈش.

**يېقىش** Ⅲ پ ① بىرەر نەرسىنى ئىككىنچى بىرنەرسىگە يېقىن ئەكىلىپ تەگكۈزۈش، چاپلاش: كۈندۈزى گەپ قىلساڭ، ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى قۇلاققا ياق(ماقال). ② بىرەر نەرسىنى ئىككىنچى بىرنەرسىنىڭ يۈزىگە چاپلاپ تۇرغۇزۇش: نان يېقىش. ★ ناننى تونۇرغا ياق، ئاتنى ئوقۇردا باق(ماقال). ③ سۆركەپ، چىپىپ مەلۇم بىر ئىز قالدۇرۇش، پەيدا قىلىش: — قوللىرىڭىزغا خىنە يېقىپسىز-دە، — دېدىم مەن رەيھانغا.

**يېقىنلىشىش** پ. بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ يېنىغا يېقىن بېرىش، يېقىن كېلىش، ئالدىغا ياكى يېنىغا يېقىنلاپ كېلىش: ئۇ خالتىسىنى سۆرەپ غولامغا يېقىنلاشتى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىراقلىشىش.

**يېمىش** ئى. مېۋىلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىلىشى، هۆل-قۇرۇق مېۋە-چېۋە: بوۋاي نەۋرىسىنىڭ يانچۇقلىرىنى قۇرۇق يېمىشلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى.

**يېيىش** پ. ئېغىزدىن قورساق ئىچىگە بىرنەرسىنى ماڭغۇزۇش؛ ئىستېمال قىلىش، قورساق توقلاش، غىزالىنىش، تاماقلىنىش: مەن باغقا كىرىپ، قىپقىزىل پىشقان ئالمىلارنى يېدىم. ★ بالا كەچلىك تاماقنى ئەمدىلا يېدى.

**مەنداش سۆزى:** ئىستېمال قىلىش؛ غىزالىنىش، تاماقلىنىش.

**يىللاپ** رەۋ. يىل بويى، يىل ۋە يىللار داۋامىدا؛ بىرنەچچە يىل: يەرلەر هۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، يىللاپ بىر تىيىن پۇل كۆرمىگەن دېهقانلارنىڭ قولىغا پۇل كىرىپ، قورسىقى تويۇپ، كىيىم-كېچەكلىرى يېڭىلاندى.

**مەنداش سۆزى:** يىل بويى، پۈتۈن يىل.

**يىلمۇيىل** ئى. ھەر يىلى، يىلدىن-يىلغا: ئىنىس ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، دەرستە ئىنتايىن ياخشى ئىدى. ھەر خىل پەنلەردىكى نەتىجىسى ئەلا بولۇپ، يىلمۇيىل 1-دەرىجىلىك مۇكاپات ئالاتتى.

**مەنداش سۆزى:** ھەريىلى، يىلدىن-يىلغا.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# قوشۇمچە: ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما سۆزلۈك

## ئا

| | | |
|---|---|---|
| the first letter of the uighur alphabet | 维文字母之第一个字母 | ئا I |
| uighur alphabet | 啊 | ئا II |
| ah | 那，那个 | ئا III |
| it，that | 刚才 | ئابايا |
| just now，a moment ago | 刚才的 | ئابايامقى |
| just now，a moment ago | 好，好样的，真行 | ئاپىرىن |
| great fellow | 明信片，贺年卡 | ئاتكىرىتكا |
| postcard | 大气 | ئاتموسفېرا |
| atmosphere，aiy | 大气压强，大气压 | ئاتموسفېرا بېسىمى |
| atmospheric pressure | 开，开拓，开发，打开，揭露 | ئاچما |
| open | 拿出来 | ئاچىقىش |
| take | 分权的，杈子 | ئاچىماق |
| forked，divided | 饥寒，饥寒交迫 | ئاچ-يالىڭاچ |
| hunger | 搜，搜寻，查，翻腾 | ئاختۇرۇش |
| evening | 傍晚，晚上，昨晚 | ئاخشام |
| evening | 傍晚的，晚上的，今晚 | ئاخشاملىق |
| this evening | 今晚 | ئاخشاملىقتا |
| at last，in the end | 末，最后，终于，总会，终归 | ئاخىر |
| next world | 后世，来世，阴间 | ئاخىرەت |
| last，final | 最后的，末了的 | ئاخىرقى |
| finish | 使结束，使完结 | ئاخىرلاشتۇرۇش |
| finish | 结束，完结 | ئاخىرلىشىش |
| end | 最后 | ئاداق |
| last，final | 最后的，最终的 | ئاداقى |
| to the bitter end | 直至最后，到底 | ئاداققىچە |
| clean，prepare | 打扫，收拾，弄干净 | ئادالاش |

| | | |
|---|---|---|
| justice, righteousness | 正义,公正 | ئادالەت |
| unjust, unrighteous | 非正义的,不公正的 | ئادالەتسىز |
| unjustice, unrighteo usness | 非正义,不公正 | ئادالەتسىزلىك |
| just, righteous | 正义的,公正的 | ئادالەتلىك |
| prejudice, hatred | 怨仇,成见 | ئاداۋەت |
| hate | 结怨,记仇,抱成见 | ئاداۋەت ساقلاش |
| prejudiced, hateful person | 爱记仇的人,爱抱成见的人 | ئاداۋەتچى |
| prejudiced, hateful person | 爱记仇的人,爱抱成见的人 | ئاداۋەتخور |
| hate, bear agrudge | 结怨,结仇 | ئاداۋەتلىشىش |
| bear grudge | 结怨的,记仇的,带成见的 | ئاداۋەتلىك |
| usually, ordinarily | 平常,平时,通常 | ئادەتتە |
| common, simple | 一般,平平常常 | ئادەتتىكىچە |
| common, simple | 一般的 | ئادەتتىكىدەك |
| accustomed to | 养成习惯,习惯于 | ئادەتلىنىش |
| human, person | 世人,凡人 | ئادەمزات |
| simple, easy | 普通的,简单的,一般的 | ئاددىي |
| simple vulgar fraction | 简分数 | ئاددىي كەسىر |
| lose | 迷,迷失,弄错,错乱 | ئادىشىش |
| hope, wish | 愿望,心愿 | ئارزۇ |
| hope, wish | 盼望,期望 | ئارزۇ قىلىش |
| through | 通过,经过 | ئارقىلىق |
| some times | 不时,间或,时而 | ئارىلاپ-ئارىلاپ |
| mixed | 混合的,混杂的,混合物 | ئارىلاشما |
| borrow, lend | 借入 | ئارىيەت ئېلىش |
| embarrass | 难为,委屈,伤害 | ئازار بېرىش |
| pit, ditch | 坑 | ئازگال |
| nearly, basically | 根据,按照,基本,大体 | ئاساسەن |
| white phosphorus | 白磷 | ئاق فوسفور |
| kind, sympathetic | 善良的 | ئاق كۆڭۈل |
| to become white | 花白 | ئاق كىرىش |
| distinguish right and wrong | 分清黑白,分清是非 | ئاق-قارىنى بىلىش |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| wiseman, sage | 哲人,贤者 | ئاقىل |
| sensible, intelligent | 明智地,理智地 | ئاقىلانە |
| broadcast | 播送,转告 | ئاڭلىتىش |
| messenger, liason person | 交通员,联络员 | ئالاقىچى |
| characteristic | 特殊性,特点 | ئالاھىدىلىك |
| world, universe | 宇宙,世界 | ئالەم |
| die, pass away | 去世 | ئالەمدىن ئۆتۈش |
| gold | 金,金子 | ئالتۇن |
| swagger | 摇摇晃晃,大摇大摆 | ئالچاڭلاش |
| swagger | 摇摇晃晃的,大摇大摆的 | ئالچايغاق |
| swagger | 摇摇晃晃,大摇大摆 | ئالچىيىش |
| cheat, deceive | 哄,欺骗 | ئالداپ-سالداپ |
| later, after | 然后,之后,接着,才,就 | ئاندىن |
| humiliated, disgraced | 受欺侮的 | ئانىي |
| humiliate | 欺负 | ئانىي تېپىش |
| take care of | 小心,当心,轻轻地 | ئاۋايلاش |
| that | 那,那个 | ئاۋۇ |
| first | 前,先,首先,早 | ئاۋۋال |

## ئە

| | | |
|---|---|---|
| dextrous, clever | 伶俐的,机灵的 | ئەپچىل |
| dexterity.ingenuity | 伶俐,机灵 | ئەپچىللىك |
| to apologize, ask for | 道歉,赔礼 | ئەپۇ سوراش |
| meat, flesh, fat | 肉,腰 | ئەت |
| tomorrow | 明天 | ئەتە |
| morning and evening | 一早一晚 | ئەتە-ئاخشام |
| tomorrow and day after tomorrow | 明后天 | ئەتە-ئۆگۈن |
| intentionally, willfully | 有意,故意 | ئەتەي |
| thorn in one's flesh | 肉刺 | ئەتتىكەن |
| vicinity; surrounding, all around | 周围,附近 | ئەتراپ |

| | | |
|---|---|---|
| attentive, considerate, thorough | 全面,周到 | ئەتراپلىق |
| Atlas silk | 艾特莱斯绸 | ئەتلەس |
| Atlas! silk industry | 织绸业 | ئەتلەسچىلىك |
| screwdriver | 螺丝刀,改锥 | ئەتۈركە |
| perfume,scent | 香水 | ئەتىر |
| face soap | 香皂 | ئەتىر سوپۇن |
| having aromatic water | 香水的,有香水的 | ئەتىرلىك |
| tomorrow's | 明天的 | ئەتىكى |
| morning,before noon | 早晨,清晨,清早 | ئەتىگەن |
| morning | 早晨的,早上的 | ئەتىگەنكى |
| early, in the morning | 一早,一大早 | ئەتىگەنلەپ |
| morning's | 早晨的,早上的 | ئەتىگەنلىك |
| tomorrow or day after tomorrow | 明后天 | ئەتىلەتىن |
| effort, kindness, favor | 劳动,心血,功劳 | ئەجىر |
| putin time and energy | 下功夫 | ئەجىر قىلىش |
| morals,virtue | 道德,品德 | ئەخلاق |
| rubbish,garbage | 垃圾 | ئەخلەت |
| manners, courtesy | 礼貌 | ئەدەپ |
| manners—morals | 礼貌道德 | ئەدەپ-ئەخلاق |
| polite—moral | 有礼貌讲道德的 | ئەدەپ-ئەخلاقلىق |
| chide,lecture somebody | 教训,整 | ئەدىبىنى بېرىش |
| hero, brave | 好汉,壮士 | ئەزىمەت |
| tool, instrument | 仪器,器材 | ئەسۋاب |
| blief | 信条,信念 | ئەقىدە |
| snow water | 雪水 | ئەگىز |
| to go round and round | 绕 | ئەگىش |
| superlative marker | 最 | ئەڭ |
| diamond ring | 珠宝戒指 | ئەڭگۈشتەر |
| symptoms, indication | 寒症 | ئەڭگىز |
